# ئىگەرلىك ئات

ئابدۇللاھ تالىپ

(تارىخىي پوۋېست)

مۇندەرىجە

مۇقەددىمە

بىرىنچى باب تاش تۇمار

ئىككىنچى باب ئېگەرلىك ئات

ئۈچىنچى باب كېچىكتۈرۈلگەن توي

تۆتىنچى باب تاللاش

بەشىنچى باب ھىجران ناخشىسى

ئالتىنچى باب قوچقار پالۋان ھارابتا

يەتتىنچى باب كاچۇڭدىكى چۈش

سەككىزىنچى باب ئەرۋاھتىن سادا

توققۇزىنچى باب تىركىشىش

ئونىنچى باب تاغبۇلاق ھېكايىلىرى

ئون بىرىنچى باب يېغى ياندىن چىقار

ئون ئىككىنچى باب ئەلۋىدا، ئېگەرلىك ئات

خاتىمە

## مۇقەددىمە

بىپايان قۇم بارخانلىرى تەكتىدە كۆمۈلۈپ قېلىپ، نەچچە ئەۋلاد قۇۋم-قېرىنداشلىرىنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان بىر چىن رېئاللىق ئۆزۈندىن بۇيان ئوي-خىياللىرىمنى غىدىقلاپ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىشتىياق ئوتى قەلبىمدە تىنىمسىز يالقۇنجايتتى. ئۇنىڭ بەدىئىي تەسۋىرى ماڭا بىر يارقىن مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بېغىشلىغانىدى. بۇ بەدىئىي ئەسەر ئەنە شۇنداق ھېسسىيات تۈرتكىسىدە مەيدانغا كەلدى...

تارىخ رېئاللىقى بىر سۈزۈك ئەينەك؛ ئۇ — گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى پەرقلەندۈرۈپ بېرىدىغان جاھاننامە. ئۇ — ھەقىقەت بىلەن سەپسەتىنى ئۆلچەپ بېرىدىغان تارازا. ئۇ — ھايات كومېدىيىسى بىلەن تراگېدىيىسىنىڭ جانلىق شەجەرىسى. ئۇ يەنە كېلىپ مۇھەببەت بىلەن نەپرەت ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش ئۈستىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى — سودىيە.

قولىڭىزدىكى بۇ تارىخىي پوۋېستتا بىر ئاتلىق سەرۋازنىڭ 30- يىللارنىڭ باشلىرىدىكى كومېدىيىلىك رېئال سەرگۈزەشتىلىرى ھەمدە ئۇنىڭ مەرھۇم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) بىلەن بولغان رومانتىك مۇناسىۋەتلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. ئەسەر قەھرىمانى قوچقار پالۋاننىڭ ئۆسمۈرلۈك ھاياتى، مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ھەمدە ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىق بىلەن تولغان تراگېدىيىلىك ھايات ئىزلىرى ئوقۇرمەنلەرگە بەئەينى خەلق داستانلىرىنىڭ جەزبىدار تەسۋىرىنى ئەسلىتىدۇ.

ئەسەر قەھرىمانى قوچقار پالۋان 30- يىللارنىڭ باشلىرىدىكى قۇمۇل-تۇرپان دېھقانلىرىنىڭ شامەخسۇتقا قارشى قوزغىلىڭىنىڭ ئاكتىپ قاتناشچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇشۇ تارىخىي بىئوگرافىيىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە، يېقىن سەپدىشىم مەرھۇم ئابدۇقادىر ھاجى ياقۇپنىڭ ئەسلىمىسى ھەمدە ئاپتورنىڭ توقسۇنلۇق دوستى — يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر بىلەن بولغان كۆپ قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىسى قاتارلىقلار پوۋېستتىكى مەشھۇر پېرسوناژلار تەسۋىرىنىڭ چىنلىقىغا ھۆججەتلىك دېتال ۋە رېئال ئاساس بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن مېنى غەپلەتتىن ئويغىتىپ، قەلبىمگە چىراغ ياققان ھەقىقىي ئىلھامچى يەنىلا دۇنيا تارىخ پەنلىرىنىڭ ئاتىسى ھېرودوت نىڭ تۆۋەندىكى مەشھۇر سۆزى بولدى: «ھايات مەنزىلى بەك قىسقا؛ پەسىل مەۋسۇمى تېز ئۆتۈپ، ئۇنتۇلىدۇ. پەقەت يازما تارىخلا ھاياتقا مەڭگۈلۈك تاج كىيدۈرەلمەيدۇ.»

# بىرىنچى باب

## تاش تۆمار

1

ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرى...

يالقۇنجاپ تۇرغان ئىسسىق تەپتىدىن كىشىلەر سالقىن كامىر ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىشقانىدى. گاھىلىرى سەگىدەش ئۈچۈن ئۆستەڭ ياقىلىرىدىكى تاللار ئارىسىغا يۈگۈرۈشەتتى. كوچا-كويلاردا شالاڭ مېڭىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ ئەتراپىدا پىرغىرىم ۋىل-ۋىل ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. كۆپكۆك تىنىق ئاسماندا ئاشۇ بىرلا نۇرلۇق قۇياش جەۋلان قىلماقتا ئىدى.

تومۇزدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، شىمال تەرەپتىكى ئۆستەڭ بويىدا قىڭغىيىپ ئولتۇرغىنىچە سەگىدەۋاتقان ياشىنىپ قالغان ئىككى كىشى كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇۋېلىشىپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن پاراڭغا چۈشكەنىدى:

— قىشلىقى ھەدىسە قاتتىق بوران، ئەمدى بولسا ئىسسىقنىڭ دەستىدىن دەم ئالالمىغان!...

ياشانغانلارنىڭ بىرى يەنە بىرىگە قاقشاپ تۇرۇپ ئاشۇ سۆزنى قىلىشى بىلەنلا ئىككىنچىسى جاۋابەن دېدى:

توققۇز ئېقىن، توققۇز كارىز بەرگەچكە دەرمان؛

ئۇشبۇ يۇرتتا تۇغۇلغانغا مەندە يوق ئارمان...

ئۇلارنىڭ پارىڭى بارغانچە قىزىغانلىقتىن ھېچ تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. قۇياش ئاستا-ئاستا غەربكە قىيسايدى.، ھاۋا سەگىشكە باشلىدى. دەل شۇ مەھەلدە ئاقتاش يولى تەرەپتىن ئىككى ئاتلىق كىشى كۆۋرۈك يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇلارنى كۆۋرۈك بېشىدا خېلىدىن بېرى ساقلاپ تۇرۇشقان بىر توپ ياش ئەزىمەتلەر كۈتۈۋالدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! خۇش كېلىپسىلەر، مۇبارەك قەدىمىڭلار قۇتلۇق بولسۇن!

قامەتلىك، ئاقپىشماق، يۇمىلاق يۈز كەلگەن، ئۈچىسىغا ناۋات رەڭ شايى يەكتەك كىيگەن بىر ياش زىيالىي ھەممىدىن بۇرۇن بايىقى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قول سىقىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ دەل مۇشۇ ئەزىز مېھمانلارنىڭ ساھىپخانى ئىدى. ئۇز نۆۋىتىدە مېھمانلار بىلەن ساھىبخانا ئوتتۇز ياشلارغا چاپچىپ قالغان تەڭ دېمەتلىك دوستلاردىن ئىدى. ساھىبخانا چېۋەرلىك بىلەن ئۇلارنى ئۆستەڭ بويىدىكى سايىگە باشلاپ بېرىپ، بىر مەھەل دەم ئالغۇزدى. مېھمانلارنىڭ پېشانىسىدىن چىپ-چىپ تەر توختىماي ئېقىپ تۇراتتى:

— پاھ، بۈگۈن نېمىدېگەن ئىسسىق-ھە! «يول ئازابى — گۆر ئازابى» دېگەننى كۆرگىلى تاس قالدۇق،-دېدى مېھمانلاردىن بىرى چاقچاق قىلىپ.

ئۆستەڭ بويىدا سەيلە-تاماشا قىلىپ يۈرگەن ياش باللار ھايت-ھۇيت دېگۈچە تەرەپ-تەرەپتىن كېلىشىپ، مېھمانلار سەگىدەۋاتقان سايە ئەتراپىنى ئورىۋېلىشقانىدى. ئۇلاردىن چېچەنرەك بىرى ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، مېھمانلارنىڭ يېنىغا باردى-دە، قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئاتلارنى سۆگەت شاخلىرىغا باغلاپ، قاڭتۇرۇپ قويدى. باشقا باللار بولسا، خۇددى ئالدىن مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك ئۆيلىرىگە بېرىپ، قېتىق ۋە زاغرا ئاچىقىشىپ مېھمانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندى. مېھمانلار بولسا بۇ جىگەرلىك ياش يىگىتلەردىن تولىمۇ سۆيۈنۈپ كېتىشتى.

ئاقتاشلىقلار تەقەززا بولۇپ كۈتۈۋاتقا بۇ ئەزىز كىشىلەرنىڭ بىرى — تۇرپان ئويمانلىقىدا نامى مەشھۇر، داڭدار شائىر ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر، ئىككىنچىسى بولسا شائىرنىڭ ھەمراھى نىياز قارى دېگەن يىگىت ئىدى. ئۇلار بۇ يەرگە بۈگۈن ساھىبخانا سەيدۇل بايۋەچچىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن سەيلە-ساياھەت ئۈچۈن كېلىشكەنىدى.

مېھمانلار سەگىدەپ، بىر مەھەل دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن ساھىبخانا ئېغىزلىنىپ دېدى:

— بۈگۈن تومۇزنىڭ تۇخۇم پىشىپ قالىدىغان ئىسسىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، لەۋلىرىمىزنى يەردە قويماي يۇرتىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭلار ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم تەشەككۇر ئېيتىمەن. يۇرتىمىز سىلەرنى بېشىدا كۆتۈرۈپ قىزغىن كۈتۈۋالىدۇ. توقسۇن — «توققۇزدا توق» دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. توققۇز تاغ، توققۇز ئېقىن، توققۇز يايلاق، توققۇز كارىز، توققۇز بوران، توققۇز تۆمۈر، توققۇز ئۆستەڭ، توققۇز داۋان، توققۇز ئويمان...

ساھىبخانا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋېتىپ مېھمانلارنىڭ كۆزلىرىدە ھارغىنلىق ئۇيقۇسى ئەگىپ قالغانلىقىنى سېزىۋالدى-دە، دەرھال ئۇلارنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ئازادە قەسرىگە باشلاپ ماڭدى...

ساھىبخانىنىڭ ئۆي-ئىمارىتى مەنزىرىلىك جايغا ھەشەمەتلىك قىلىپ سېلىنغانىدى. بىنانىڭ ئالدى ئۆستەڭ، ئىككى ياقىسى بۈك-باراقسان تال-سۆگەتلىك بولۇپ، كىشىنىڭ زوقى كېلەتتى. بىنانىڭ يان ۋە ئارقا تەرەپلىرىگە ئالما، ئانار ۋە ياڭاقلىق باغ بەرپا قىلىنغانىدى، مېھمانلار ھازىر مۇشۇ ھاۋالىق جايدا ھۇزۇر سۈرمەكتە ئىدى.

## 2

بىر كېچە ئۇخلاپ تولۇق ئۇيقۇسىغا قانغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتىسى ھەممىدىن بۇرۇن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شائىر سەھەرنىڭ سالقىن، ساپ ھاۋاسىدىن قېنىپ ھۇزۇرلىنىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، چوڭ ئۆستەڭ ئەتراپىنى ئايلاندى. ئارىدىن بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندە ساھىبخانا سەيدۇل بايۋەچچە ئۆيىدىن چىقىپ، شائىرنىڭ ئالدىغا سالام بېرىپ كەلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، نېمىشقا بۇنچە ئەتىگەن؟

ساھىبخانىنىڭ سوئالى تېخى ئۈزۈلمىگەنىدى، شائىر چاققان جاۋاب بەردى:

— ئۇيقۇ يېتەرلىك بولدى، سەھەرنىڭ ھاۋاسى غەنىيمەن...

ساھىبخانا بۇ جاۋابقا قايىل بولدى. ئارقىدىنلا بىر يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بېشارەت بەردى:

— بۈگۈن ئاخشام مېنىڭ قەسرىمدە شەرىپىڭىزگە ئاتاپ چوڭ زىياپەت؛ ئەتە ئاخشامدىن باشلاپ ئاغىنىلەر ئارا نۆۋەت بىلەن مەشرەپ، باراۋەت؛ بۇ پىلانىمغا ماقۇل بولارسىز؟

— مەرھابا، ئەلۋەتتە ماقۇل بولىمەن. لېكىن بىر مەسىلەتىم بار. ئىسسىقنىڭ دەستىدىن مېڭە قايناپ تۇرغان جايلاردا قاتارى مەشرەپ كەيپىمىزگە خوپ كەلمەسلىكى مۇمكىن، شۇڭا ئاۋۋال تاغ سەيلىسى قىلايلى، قايتاشىمىزدا قىرنىڭ سالقىن ھاۋاسىنى بىللە ئەكىلىمىز-دە، قاتارى مەشرەپنى قانغۇدەك ئوينىۋالىمىز.

سەيدۇل بايۋەچچە بۇ ئورۇنلۇق تەكلىپكە بېشىنى لىڭشىتىش ئارقىلىق قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن:

— ئۇنداقتا، تاغقا قاچان؟...- دەپ سورىدى.

— مۇمكىن بولسا ئەتىلا يولۇپ كەتسەك،- دېدى شائىر جاۋابەن،- يايلاقنىڭ پەيزى چاغلىرى باشلاندى، پۇرسەت غەنىيمەت. ۋاقىتنىڭ ئۆتكۈزۈپ قويمىساق...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئارقىدىن ساھىبخانا دوستىغا تەكلىپ بەردى:

— يەنە كېلىپ يايلاقتا مۇشۇ كۈنلەردە تورغۇتلارنىڭ نادام بايرىمى قىزىپ كېتىدۇ. چېلىشىش، ئېتىشىش، ئات بەيگىسى... مۇسابىقە مەيدانلىرى قاينايدۇ. بىز بۇ يەردىن ھېچبولمىغاندا بىرەر ماھىر چېلىشچىنى ئېلىۋالغان بولساق كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولاتتى.

— كۆڭلۈمدىكىنى تېپىپ سۆزلىدىڭىز،- دېدى ساھىبخانا،- ئاقتاشلىق يىگىتلەر ئارىسىدا بىر پالۋان چېلىشچى بار. ھازىرغىچە ئۇنىڭ يېنى يەرگە تېگىپ باقمىغان. ئۇ بىز بىلەن چوقۇم بارىدۇ. مەن ئۇنى تېپىپ كېلەي، سىز سۆزلىشىپ كۆرۈپ، ئۇنى دەڭسەپ بېقىڭ...

شۇنداق قىلىپ ئاش پىشىم بولغۇچە ئارىلىقتا ساھىبخانا ئاقتاشلىق چېلىشچى پالۋاننى باشلاپ كېلىپ، شائىرنىڭ ئالدىدا ھازىر بولدى.

چېلىشچى يىگىت قەسرگە كىرىشى بىلەن سالام بەجا كەلتۈرۈپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن قىزغىن قول سىقىشتى ۋە ئۆزئارا ئامان-ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن ئەدەپ بىلەن گىلەم سېلىنغان ساراي ئۆينىڭ پەگاھىغا يېقىن جايغا كېلىپ ئولتۇردى. ساھىبخانا ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېڭىدىن داستىخان كەلتۈردى.

— مەزگە مەرھەمەت،- دېدى ساھىبخانا تەكەللۇپ بىلەن،- مۇھەببەت پاراڭلىرىمىز ئىشتىھانى ئاچىدۇ، پېقىرنىڭ رام - رۇجەكلىرى، ئىشىك-تۈڭلۈكلىرى مەھكەم؛ قېنى كەڭ كۇشادە...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر غىزالانغاچ چېلىشچى پالۋاننىڭ يوغان گەۋدىسى، مۇسكۇللۇق قامىتى، تەرەققىي قىلغان بۈلجۈڭ گۆشلىرى ۋە كېلىشكەن بەستىگە كۆز يۈگۈرتۈپ ھەيران بولۇۋاتقاندەك قىلاتتى. شائىرنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى سېزىۋالغاندەك ساھىبخانا سۆھبەت دەرۋازىسىنى باشلامچى بولۇپ ئېچىپ بېرىش نىيىتىدە ئېغىزلىنىپ دېدى:

— بىزنىڭ بۇ يۇرت بوران ۋە كەلكۈن ئېغىزىغا جايلاشقان. ھەر يىلى دېگۈدەك ئاشۇ ئىككى زومىگەر بىلەن جەڭ بولۇپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق ئۆزگىچە مۇھىت بىزدە نۇرغۇن قاۋۇل پالۋانلارنى يېتىشتۈرگەن. يېنىمىزدىكى بۇ يىگىت ئاشۇ پالۋانىمىز ئىچىدىكى داڭلىق سەركىلىرىمىزدىن بىرى. پەمىمچە، دوستۇم ئابدۇخالىق بۇ يىگىتنىڭ ئەھۋالىغا قىزىقىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ئۇنداقتا بىز سۆزنى ئالدى بىلەن چېلىشچى پالۋىنىمىزنىڭ ئۆزىگە بەرسەك...

سەيدۇل بايۋەچچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يىگىت باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئورنىدىن سەل-پەل كەينىگە يۆتكەلدى ۋە ئوڭ قىرىنى كىچىكرەك قاتلاپ بېشىغا كىيىۋالغان ئاق شاپاق دوپپىسىنى قولىغا ئېلىپ

تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى. قوشۇما قاش، بۈركۈت بۇرۇن، ئاق يۈز، بۇلاق كۆز بۇ يىگىتنىڭ ئىككى قۇلىقى خېلىلا چوڭ بولۇپ، باشقا كىشىلەرنىڭ قۇلىقىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. يوغان بويىنغا ئېسىۋالغان تاش تۇمارنىڭ كۆكسى ئارالچۇقىغا يەتكۈچە ساڭگىلاپ، ئالدى ئوچۇق كۆڭلىكىدىن پارقىراپ كۆرۈنۈپ تۇرۇشى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى تېخىمۇ بەك جەلپ قىلغانىدى.

— بولىدۇ ئەمىسە،- دېدى يىگىت جاراڭلىق ۋە تىمەن تەلەپپۇزدا سۆزىنى باشلاپ،- ھېلىراقتا بۇ سەيناغا كېلىۋاتقان يول ئۈستىدە سەيدۇل ئاكامدىن شائىرلىرىمىزنىڭ نام-شەرىپىنى ئاڭلاپ تولىمۇ ھاياجانلاندىم. بۈگۈنزە قەدىمكىلەرنىڭ «دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت» دېگەن مەشھۇر سۆزى تازىمۇ ئۇختىسىغا كەلدى. ئۆزۈم ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى پۇرسەت تېخىمۇ غەنىيمەت. شۇ ۋەجىدىن مۇشۇ قىممەتلىك مىنۇتلاردا ھەربىرلىرى ئالدىدا ئىچ-قارنىمنى بىر تۆكۈۋالسام، ئىچىم بوشاپ خېلى يەڭگىللەپ قالىمەن...

چېلىشچى يىگىت ئاشۇ ئۆزرىخاھلىق سۆزىدىن كېيىن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئۇنىڭ رومانتىك مەزمۇن بىلەن تولغان بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك سەرگۈزەشتىلىرىنى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا مۇنداق ئىدى: ئۇ — جۇمھۇرىيەت تەسىس قىلىنغان يىللىرى توقسۇننىڭ شەھەر ئىچىدىكى ئاقتاش مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئابدۇنىياز كامال ئىسىملىك يىگىت ئىدى. ئاتىسى كامال قەرەن تېرىچىلىك بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئاپىسى توختىخان ئىشچان ۋە دىيانەتلىك ئايال ئىدى. بىراق، ئۇ تاسادىپىي تەگكەن قارا كېزىك كېسىلى تۈپەيلى ئەمدىلا تۆت ياشقا كىرگەن ئوغلى ئابدۇنىياز بىلەن ئىككى ياشقا كىرگەن قىزى ھاشىخاننى يېتىم قالدۇرۇپ قازا قىلدى. ئابدۇنىياز ھېلىغىچە بويىنغا ئېسىپ كەلگەن ئاشۇ «تاش تۇمار» — مېھرىبان ئانىسىنىڭ ئوغلىغا قالدۇرۇپ كەتكەن قۇتلۇق تەۋەررۈكى ئىدى. ئېتىقاد سىمۋولى بولۇپ كېلىۋاتقان «ئاقتاش رىۋايىتى» ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ زامان-زامانلاردىن بېرى ئۇزۇلمەي كېلىۋاتاتتى. بېشىمىزدىن ساقىت قىلالايدۇ» دەپ چوقۇنۇشاتتى. «ئاقتاش ئەۋلىيا»سىغا ئاتاپ نەزىر-چىراغ بېرىشەتتى. ئابدۇنىياز كامالمۇ ئاشۇ ئېتىقادنىڭ مۇخلىسلىرىدىن ئىدى.

ئۇ بەش يېشىدىن باشلاپ ئۆيىدىكى كۆك قوزا-قوچقار بىلەن ئۇسۇشۇپ ئويناتتى. ئاتىسى كايىپمۇ، ئەدەپلەپمۇ ئۇنى توسۇۋالالمىغانىدى. ئۇنىڭ كەڭ، ئالدىغا بۆرتۈپ چىققان پېشانىسى ئەنە شۇ ئۇسۇشۇش مەشىقىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. كېيىنچە ئۇنى ئاداشلىرى «قوچقار پالۋان» دەپ ئاتىشىۋالدى. ئەمدىلىكتە، بالىلىق دەۋرىنىڭ يالدامىسى بولغان بۇ لەقەم ئۇنىڭ مەشھۇر تەخەللۇسى بولۇپ، ئۆزلىشىپ قالغانىدى.

ئابدۇنىياز كامال چوڭ بولغانسېرى ئاتىسىغا ھەمدەم بولۇپ تېرە ئاشلاش، تېرە ئەيلەش ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان بولدى. ئاتىسى كامال قەرەن بۇنىڭدىن بەكمۇ خۇرسەن بولاتتى. ئاشۇ ھۈنەر مەشغۇلاتى ئارقىلىق ئابدۇنىيازنىڭ بىلەكلىرى بازغاندەك تومۇلىشىپ، بۇلجۇڭ گۆشلىرى بۆرتۈپ چىقىپ زورايغانىدى.

ئۇ بەزەن چاغلاردا ئۆگەي ئاپىسى ھەمراخان بىلەن تەرگىشىپ قالسا، كوچىغا چىقىپ ھىدايى قاتارلىق ئاداشلىرىنى تاپاتتى-دە، سوغا بىلەن ئاقئۆستەڭدىن سۇ توشۇپ بازار ئاھالىسىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيتتى. بۇنىڭدىن خەلق مىننەتدار بولاتتى، ئالغان تاپان ھەققى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى قامدايتتى. ئۇ، بۇ ئىشى بىلەن خېلى يىللارغىچە مەلىك بولۇپ چېنىقتى. ئۇنىڭ كۈچلۈك پاچاقلىرى ۋە ئاياغ تاپانلىرى ئەنە شۇ چېنىقىشنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

مۇشۇنداق قاۋۇل، ئۆكۈزدەك جىسمانىي ساپاغا ئىگە بولغان بۇ يىگىت توققۇز كارىز بويىچە ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدىغان داڭلىق چېلىشىش پالۋىنىغا ئايلىنىپ داڭق چىقارغانىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «بىر داڭلىق چېلىشچىنى ھەمراھ قىلىۋالساق» دېگەن ئارزۇسىغا يارىشا ساھىبخانىنىڭ تېگىرقىماستىنلا ئابدۇنىياز كامالنى قەسىرگە باشلاپ كېلىشىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسمۈرلۈك كەچۈرمىشلىرىنى تەسۋى سىيرىۋاتقاندەك رىتىملىق بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر دەرھال ئېغىز ئېچىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سىز ئوقۇغانمۇ، خەت ساۋاتىڭىز بارمۇ؟...

— ئوقۇغان،— دېدى ئۇ، شائىرنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ،— يەتتە يېشىمدىن تارتىپ مەھەللىمىزدىكى «ئاقتاش مەدرىسە»سىگە كىرىپ زاكىر موللام دېگەن ئوقۇمۇشلۇق كىشىنىڭ قولىدا خېلى چوڭ بولغۇچە ئوقۇپ خەت ساۋاتىمنى چىقاردىم. زېھنىم ئۆتكۈر ئىدى. ئوقۇيدىغان باللار كۆپ بولغاچقا، زاكىر مولللام مېنى ئۆزىگە كىچىك خەلپەت قىلىپ تاللىۋالغانىدى. زاكىر مولللام خەتتات ئىدى. مەن تىرىشىپ-تىرمىشىپ راۋان خەت يازالايدىغان ماھارىتىنىمۇ ئۆگىنىۋالدىم.

بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان شائىرنىڭ قەلبىدە بىردىنلا سۆيۈنۈش ھېسسىياتى ئۇرغۇدى-دە، شەمەي سەپىرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئالغاچ كەلگەن بىر پارچە تىترات دەپتەر بىلەن بىر دانە قېرىنداش قەلەمنى يېنىدىكى سومكىسىدىن چىقىرىپ ئابدۇنىياز كامالغا سۇندى:

— مۇشۇ تىتراتنىڭ باش بېتىگە بىرنەچچە قۇر خەت يېزىپ باقسىڭىز قانداق؟ تىترات بىلەن قېرىنداش قەلەم سىزگە، ھۆسنىخېتىڭىز بىزگە يادىكار بولۇپ قالسۇن...

ئابدۇنىياز كامال شائىرنىڭ قولىدىن دەپتەر بىلەن قەلەمنى ئالدى-دە، تىتراتنىڭ بىرىنچى بېتىگە ئۇچلانغان قېرىنداش بىلەن تۆۋەندىكى خەلق ناخشىسىنىڭ بىر كۇپلېت تېكىستىنى ئىنتايىن توغرا ئىملا بىلەن چىرايلىق يېزىپ چىقتى ۋە پەس ئاۋازدا ناخشىسىنىڭ ئاھاڭى بىلەن ئوقۇدى:

بەش-ئالتە زامان بولدى، ئاچىل،

ئالەم چۆرگىلەي دەيدۇ، ئاچىل

يۈرەكتىكى زەرداب سۇ، ئاچىل، گۇل ئاچىل،

قانغا ئۆرىلەي دەيدۇ، ئاچىل،

ئاچىل، ئاچىلمىساڭ گۇل قايدا، ئاچىل...

خەلق ئامىسى تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇ تېكىستنى ۋە ئۇنىڭ ناخشا ئاھاڭىنى ئابدۇنىياز كامال شۇنداق ئەپچىل ئورۇنداپ بەردىكى، شائىر قاتتىق ھاياجانلانغىنىدىن جايىدا ئولتۇرالماي قالدى ۋە ئورنىدىن قوپقان پېتى ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ تۇرۇپ:

— سىزگە رەھمەت، مەرھابا، بۈگۈن مەن سىزنى چۈشەندىم، بىلدىم، سىزدەك يىگىتلەردىن خەلقىمىز پەخىرلىنىدۇ! — دېدى.

— ھەممىمىزلا پەخىرلىنىمىز¬ — دېيىشتى باشقىلارمۇ شائىرغا قوشۇلۇپ. لېكىن «ئاچىل» ناخشىسىغا ئالاقىدار بىر قىزىقارلىق ھېكايە توغرىسىدا ھېچكىم تېخى زۇۋان سۈرمىگەنىدى.

ئابدۇنىياز كامال ئاقتاش مەھەللىسىدە ئۆزىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن «ئاقتاش بۇلبۇلى» دېگەن شۆھرەتكىمۇ مۇيەسسەر بولغانىدى. ئۇ بىرىنچى بولۇپ مۇشۇ ئەتراپتا «ئاچىل» ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىغان. ئۇ ئاقتاش ئۆستىڭىدىن سۇ توشۇش ئەمگىكى بىلەن بەند بولغان چاغلاردا ئاشۇ ناخشىسى بىلەن داڭق چىقارغان ھەمدە مۇشۇ ناخشىنى كۆپ ئېيتقانلىقى بىلەن قارىلىنىپ، يامۇلغىمۇ قامالغان. كېيىن يامۇلنىڭ سولاقخانىسىدىن قېچىپ چىقىپ جىمسار، گۇچۇڭ ۋە كوجەي يايلاقلىرىدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن.

ئابدۇنىياز كامال كۆپچىلىكنىڭ يۇقىرىقى مەدھىيىسىدىن مىننەتدار بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:

— ئەگەر مەندە بىرەر خاسىيەتلىك پەزىلەت مەۋجۇد بولسا، بۇ مۆجىزە ئانام رەھمىتى بوينۇمغا ئېسىپ قويغان ۋە مەندىن مەڭگۇ ئاجرىمايدىغان مۇشۇ «تاش تۇمار» غا باغلىق...¬ — دېدى.

## ئىككىنچى باب

### ئېگەرلىك ئات

غاز قاناتى قات بولۇر، ئەر قاناتى ئات بولۇر.

— خەلق ماقالى

ئاشۇ خاسىيەتلىك ئۆچرىشىش ۋە مەنىلىك سۆھبەتتىن كېيىن تۆتەيلەن ئات-ئۇزۇقلىرىنى تەل قىلىپ، تاڭلا ئەتىسى باش توخۇ چىللىغان مەھەلدە سەپەرگە ئاتلاندى.

تاڭنىڭ ساپ ۋە سالقىن ھاۋاسى دىللارغا جۇشقۇنلۇق، تەنگە راھەت ئاتا قىلاتتى. ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقناپ، ساي يوللىرىنى غۇۋا يورۇتۇپ باراتتى. خىللانغان ئارغىماقلار بىر خىل يورغىسى بىلەن دۈتمىسىمۇ بەس-بەستە غەرب تامان ئىلگىرىلەيتتى. ئۇستىغولغا يېقىنلاشقاندا تاڭ سۈزۈلۈپ، شەرقتە ئۇپۇق قىزاردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، قىپقىزىل شاردەك بالقىپ چىققان قۇياش ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى تاغ چوققىلىرىغا سېپىشكە باشلىدى. تاغ شامىلى دىماغقا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. يايلاق گۈللىرىنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىللارنى مەست قىلاتتى.

ئۇلار ئىلگىرىلىگەنسېرى قويۇق ئۆسكەن مەخمەلدەك ئوتلار بىلەن قاپلانغان جىلغا-ئېدىرلار؛ تاغ چوققىلىرى بىلەن بوي تالىشىپ ئېگىز، قاتار قارىغايزارلىقلار؛ پايانسىز كەڭ يايلاقلاردا بەخىرامان يايلاپ يۈرگەن چارۋا پادىلىرى ئايىغى ئۈزۈلمەي كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. چارۋىلار ئارىسىدا تارىختىن بېرى «ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق» دەيدىغان بىر ماقال ئۇدۇم بولۇپ كەلسىمۇ، لېكىن قاراتاغ يايلىقى بولسا ئوتقىمۇ، سۇغىمۇ باي — جەننەت ماكان ئىدى.

تۆتەيلەن قارىغايزارلىق يېنىدىكى سۈپسۈزۈك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىن ساھىلىغا بېرىپ چۈشكۈن قىلدى:

— قالتىس ماڭدۇق،¬ — دېدى سەيدۇل بايۋەچچە،— ئارغىماقلىرىمىز بولمىسا بۇ يەرگە ئىككى كۈندىمۇ يېتىپ كېلەلمىگەن بولاتتۇق. بۇرۇنقىلار «ئەر قاناتى ئات» دەپ جايىدا ئېيتقانىكەن.

ئۇلار ئاتلىرىنى قارىغايلارغا باغلاشتى. مۇزدەك سۇدا يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇشتى ۋە ئۇچۇملاپ قانغۇدەك سۇ ئىچىشتى.

— پاھ، ئابىزەمزەم، دەل ئۆزى،— دېدى ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تاغ سۈيىنى قانغۇدەك ئىچىۋالغاندىن كېيىن،— بىزنىڭ بۇ زېمىننى قانچە تەسۋىرلەپ يازسا، قانچە سۈرەتلەپ سىزسا ئەرزىيدىكەن...

جىڭ گەپنى قىلدىڭىز، شائىر،— دېدى سەيدۇل بايۋەچچە،— زېمىنىمىز ھەقىقەتەن گۈزەل، ماختاشقا لايىق زېمىن.

سەيدۇل خۇرجۇندىن سەپەر ئۇزۇقى — سۈت بىلەن يۇغۇرۇپ پىشۇرۇلغان قوناق زاغرىسىنى ئېلىپ داستىخانغا قويدى. تاغ سۈيى بىلەن ئاق قوناق زاغرىسى ھەممەيلەننىڭ ئىشتىھاسىغا زوقمەنلىك بېغىشلىغانىدى. ئاندىن ئۇلار ئېقىن بويىدىكى يېشىل چىمەنلىكتە سۇنايلىنىپ يېتىشىپ بىردەم لەززەتلىك ئۇيقۇغا كېتىشتى.

ئۇلار تاتلىق ئۇيقۇغا غەرق بولغان ئەسنادا بىرقانچە مالچى يېتىپ كەلدى-دە، مېھمانلارنىڭ ھاردۇق يېتىپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى پەملەپ ئۇلارنىڭ بېشىدا كۈتۈپ ئولتۇرۇشتى:

— ھوي، ئەنە سەيدۇل بايۋەچچە بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟

— قارىغىنە ئەنە، ئابدۇنىياز چىلىشچىمۇ تۇرمامدۇ؟

مالچىلار توختىماي پىچىرلىشاتتى:

— قاراڭلار، سەيدۇل بايۋەچچىدە بىر تال، ئابدۇنىيازدا بىر تال مىلتىقمۇ بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بۇلار ئۇۋغا چىققان بولسا كېرەك، جۇمۇڭلار...

مالچىلارنىڭ پىچىر ـ پىچىرلىرىنى ئالدى بىلەن ئابدۇنىياز سېزىۋالدى-دە، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە شەپە بېرىپ، قالغانلارنىمۇ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئاندىن ئۇلار ئۆزئارا كۆرۈشۈپ تونۇشتى. مالچىلار بىرئازدىن كېيىن مېھمانلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بۇلارنى چېدىرىغا باشلاپ مېڭىشتى.

مالچىلارنىڭ كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، قولى ئوچۇق، سېخىي ۋە راستكويلۇق تەبىئىي شەھەرلىكلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. هايت-هۇيت دېگۈچە ئارىلىقتا ئۇلار چوڭ بىر قوينى سويۇشقا باشلىدى. بىرى قازانغا سۇ توشۇسا، بىرى ئوچاققا ئوت قالاشقا كىرىشىپ كەتتى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بولسا، قارا تاغ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن چېدىر ئالدىدىكى دۆڭلۈككە چىقىپ ھەر تەرەپكە نەزەر تاشلايتتى.

— سەيدۇل ئاكا، ئۇۋ مىلتىقلىرى داتلىشىپ قالمىسۇن، قارىسىلا، ئاۋۇ سول تەرەپتىكى چوققىدا بىر يوغان تاغ تېكىسى بىزگە قاراپ ئوق سېغىنىپ تۇرمامدۇ؟

ئابدۇنىيازنىڭ بۇ تەلىپىگە سەيدۇل بايۋەچچە دەرھال قوشۇلۇپ:

— بولىدۇ، سىز بېرىڭ. قېنى گۇمپىڭىزنى بىر سىناپ باقامسىز؟ ــ دېدى.

ئابدۇنىياز ئۆزۈندىن بۇيان ئۆزىگە سىناق بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇۋ مىلتىقىنى قولىغا ئالدى-دە، تاغقا يامىشىش ئۈچۈن ئالدىراپ ماڭدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ھەمراھى نىياز قارىمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار تاغ يامىزىلىدىكى قارىغايزارلىق ئىچىگە ئەمدىلا كىرىپ تۇرۇشىغا يېقىنلا يەردە قاپلاننىڭ بىر جەرەننى بوغۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. ئابدۇنىياز مىلتىقنى بەتلەپ شۇ تەرەپكە ماڭدى. نىياز قارى ئۇنىڭغا سوكۇتىشىپ ماڭاتتى.

— قاپلان، قاپلان... قاراڭ، ئاۋۇ يەردە چوڭ بىر قارا قاپلان!

قارىغاي ئاستىدا بىر قاپلان سېمىز بىر جەرەننى ئاستىغا بېسىپ بوغۇۋاتاتتى. نىيازقارى «قاپلان» دەپ ۋارقىراپ، بىر توپ قارىغاينىڭ كەينىگە ئۆتمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى قاپلان قولىدىكى جەرەننى تاشلاپ، نىيازقارى تەرەپكە ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى. ئابدۇنىياز كامال چاققانلىق بىلەن ئۇنى دەللەپ ئاتتى. قاپلان بولسا بىرنەچچە دومىلاپ بېرىپ يىقىلدى. لېكىن پارقىرىتىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرۇپ ئۇۋچىغا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايتتى. ئابدۇنىياز ئۇنى يەنە بىر پاي ئوق بىلەن ئۇجۇقتۇراي دەپ تۇرۇشىغا قاپلان غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئابدۇنىيازغا ئېتىلدى. ئوق ئۆلگۈرمىگەنىدى. ئابدۇنىياز غىلاپتىن خەنجەرنى سۇغاردى-دە، ئاقساپ قالغان قاپلاننىڭ بېلىگە ئۇردى. قاپلان ھالىدىن كېتىپ يىقىلدى...

شۇنداق قىلىپ ئۇلار تاغ تېكىسى ئوۋلاش نىيىتىدىن ۋاز كېچىپ مالچىلارنىڭ چېدىرىغا قايتىپ كېلىشتى. ئابدۇنىياز كىيىم-كېچەكلىگە قاپلاننىڭ قانلىرى چاچرىغانىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپ سورىدى:

— نېمە ئىش بۇ، بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇقتۇڭلارمۇ؟

ئابدۇنىياز كامال ئېرەن قىلماي كۈلۈپ تۇراتتى. نىياز قارى بولسا سادىر بولغان ئىشلارنى يىپىدىن يىڭنىسىگىچە ھېكايە قىلىپ بەردى. بۇ قىزىق ھېكايە ھەممەيلەننى تولا كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرىۋەتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قىزىقچىلىق قىلىپ:

— ئاقتاشتا بىر ئابدۇنىيازنىڭ قوچقار پالۋان، چېلىشچى پالۋان دەيدىغان لەقەملىرىنىڭ بارلىقىنى بىلگەنىدۇق، ئەمدى بولسا بۇگۈن قاراتاغدا ئۇنىڭغا قاپلان باتۇر دېگەن يېڭى لەقەم قوشۇلدى. ھەممەيلەن قاپلان باتۇرغا تەشەككۇر ئېيتايلى...، — دېدى.

كۆپچىلىك پاراققىدە كۈلۈشۈپ، قىزغىن چاۋاك چېلىشتى، لېكىن مالچىلار ئىچىدىكى بىر ياش چوپان دەرگۇمان بولۇپ، سوئال قويدى:

— مەن ئەزەلدىن ئاڭلىغانغا ئىشەنمەيمەن، كۆرگەنگە ئىشىنىمەن؛ قۇلىقىمغا ئىشەنمەيمەن، كۆزۈمگە ئىشىنىمەن. قېنى ماڭا كىم ھەمراھ بولىدۇ، قاپلاننى سۆرەپ كېلىپ ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ باقمايلىمۇ؟

— شاكىچىك تۇغرا ئېيتىدۇ، — دېدى ئابدۇنىياز، — «گۇمان ئىمانىنى قاچۇرۇپتۇ» دەيدىغان ماقال بار، شاكىچىككە يەنىلا ئۆزۈم ھەمراھ بولاي، ھازىرلا كېلىمىز.

چوپان بىلەن ئابدۇنىياز ئاتلىنىپ يۈرۈپ كەتتى ۋە ئانچە ھايال بولمايلا قاپلاننى ئاتقا سۆرىتىپ، ياش چوپان بولسا ئۆلۈك جەرەننى غانجۇغىلاپ مالچىلارنىڭ چېدىرىغا يېتىپ كەلدى. ياش چوپان تەن بېرىپ ئابدۇنىيازنىڭ قولىنى تۇتتى-دە:

— سىز راستتىنلا قاپلان باتۇر ئىكەنسىز...، — دېدى.

ئابدۇنىياز كۈلۈپ تۇرۇپ چوپانغا جاۋابەن:

— بىز ھازىر «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى سىناقتىن ئۆتكۈزدۇق، خالاس، — دېدى.

— يەنە كېلىپ بۇ سىناقنىڭ غەنىيمەتى ماڭا بولدى، بۇ يىرتقۇچ مەخلۇقنىڭ تېرىسىدە پۇتۇمغا چورۇق تىكىپ كىيىۋالىدىغان بولدۇم ئەمەسمۇ؟

چوپاننىڭ بۇ ئەپچىل چاقچىقىدىن ھەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. كەچ كىرىپ كېلىۋاتاتتى. سۆڭەكلىرى ئاجراپ پىشقان ئەتلەر داستىخان ئۈستىگە كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار غىزالاندى. كەچتە شۇ يەردە قونۇپ قېلىشتى.

ئۈلار يايلاقنىڭ سالقىن ھاۋاسىدا راھەتلىنىپ ئۇخلاشنى، ئۇكەر يۇلتۇزى غەربكە چاقنايتتى. تاغ شامىلى ئېدىرلىقتىكى قويۇق ئۆسكەن خۇش پۇراق گۈل بەرگىلىرىنى يېنىك تەۋرىتەتتى.

توساتتىن مالچىلارنىڭ ئىتلىرى قوي پادىلىرى يېتىۋاتقان قوتانلار ئەتراپىدا ئۇنلۇك ھاۋشىپ كەتتى ۋە ئۇياقتىن-بۇياققا چېپىشىپ بىردىنلا كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇۋەتتى. ئارقىدىنلا، قوي-قوزىلارنىڭ مەرەشلىرى كۆچىيىپ، تاغ ئىچىدە ئەكس سادا ياڭرىتىۋەتتى-دە، ھەممەيلەننىڭ شېرىن ئۇيقۇسى ئېچىلىپ كەتتى.

— بۆرە، بۆرە كەلدى!...

ياش چوپان ۋارقىرىغىنىچە ھەممىنىڭ ئالدىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئارقىدىن ئابدۇنىياز ئوۋ مىلتىقىنى قولىغا ئالدى-دە، بۆرىنى ئاتىمەن دەپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

— نېمە قىلاي دەيسىز، ئاكا؟— دېدى ياش چوپان تەمكىنلىك بىلەن ئابدۇنىيازنىڭ ئالدىنى توسۇپ،— تەخىر قىلىڭ، بۆرىنى قوغلاپ يېتىشەلمەيسىز. ئۇنىڭ بۇرنى سىزنىڭكىدىن سەزگۈر.

— قويلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بۆرىنى...

ياش چوپان شۇ تاپتا تاقەتسىزلىنىۋاتقان مەرگەننىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى ھەم كۇندۇزدە بىر قاپلاننى ئېتىۋالغان ماھىر قولىدىنمۇ گۇمانلانمايتتى. بىراق، ئۇ مەرگەنگە:

— چوڭلارنىڭ ئېغىزىدىن كۆپ ھېكايە ئاڭلىغانمەن، قويلارنىڭ كۆشەندىسى بۆرە ئىكەنلىكى جەزمەن. لېكىن شۇ كۆشەندە بولمىسا قويلار خامۇش بولۇپ قالىدۇ ياكى چوپاننىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنمايدىغان بەڭۋاش مەخلۇققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا...،— دېدى.

ياش چوپان ئۆزىنىڭ ھېكايىسىنى مەرگەننىڭ قىزىقى ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى-دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇڭا يايلاق دېگەن يەردە ئەلمىساقتىن تارتىپ بۆرە بىلەن قوي بىر-بىرىگە ئېھتىياجلىق بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىدۇ. شۇ ۋەجىدىن بىز بۇ يەردە بۆرىنىڭ كەلدى-كەتتىسىگە ئانچە پەرۋا قىلمايمىز، ئۇنى ئاتىمىز دەپمۇ ئاۋارە بولمايمىز.

تاڭ سۈزۈلگەندى. سەيدۇل بايۋەچچە سۈرەن سېلىپ ھەمراھلىرىنى ئورنىدىن تۇرغۇزدى. ئۇلار ناشتا قىلىپ، ئاتلىرىنى توقۇشتى-دە، يېڭى مەنزىلگە قاراپ ئاتلاندى. مالچىلار ئۇلارغا ئامانلىق تىلەپ ئۇزىتىپ قېلىشتى.

سەپەر — غەرب تامان سوزۇلغان جىلغا يوللىرىدا سول تەرەپتىكى پەنجىر تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ داۋام قىلماقتا. بىردە ئۆرلەپ بىردە پەسلەپ، خۇددى يىلان ئىزى كەبى ئورۇندىن - ئورۇنغا سوزۇلغان يوللارنىڭ ئايىغى كۆرۈنمەيتتى.

سەھەر ھاۋاسىنىڭ سالقىن بولۇشىغا قارىماي ئېگىز داۋان يېقىنلاشقانسېرى قارا تەرگە چۆمۈلگەن ئاتلار پات-پاتلا پۇشقۇرۇپ قەدەملىرىنى سالماقلىق بىلەن ئاستىلىتىپ باراتتى.

چاشگاھ مەھەلدە ئۇلار سارداۋان ئۈستىگە ئۆرلاشتى-دە، ھەممەيلەن ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ئارام ئالغاچ تۆت ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ كەڭ تەبىئەتنىڭ گۈزەل ھۆسنىگە مەھلىيا بولۇپ كېتىشتى.

— پاھ، جەننەت ماكان! — دېدى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ.

سارداۋاننىڭ كۈنپېتىش تەرىپىدە بىپايان يۇلتۇز يايلاقلىرى كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى. بايىنبۇلاق ۋە ئاقداۋان باغرىدىن باشلىنىدىغان قايدۇ دەرياسى گويا يالتىراق كۈمۈش لېنتىدەك شەرققە قاراپ ئېقىپ تۇراتتى. يېشىل مەخمەلدەك قويۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر ئارىسىدا ھېسابسىز يىلقا ۋە قوي پادىلىرى كۆزگە تاشلىناتتى. تورغۇتلارنىڭ ھەر يىلى ياز كۈنلىرى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان نادام بايرىمى ئەنە شۇ يېشىل يايلاق سەھنىسىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇ يەرگە ئاشۇ ۋەجىدىن بۇ يىلمۇ نۇرغۇنلىغان ئاق ئۆيلەر تىكلەنگەنىدى.

قېنى ئابدۇخالىق ئاكا، ئېيتقانلىرىڭىزدىن بىزمۇ ئورتاق بەھرىمەن بولساق، — دېدى ئابدۇنىياز كامال، — بۇ يەرلەرنىڭ تارىخي رىۋايەتلىرىدىن ئازراق سۆزلەپ بەرمەمسىز؟...

شائىر دىققىتىنى يىغىپ پىسىڭىدە بىر كۈلدى-دە، ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ داۋان ئۈستىدىكى چىمەنلىك ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن ھېكايىسىنى باشلىدى:

— يىراق بىر زاماندا سارداۋان ۋە يۇلتۇز يايلاقلىرىنى بىر ئوۋچى ئاقساقال باشقۇرىدىكەن. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بولۇپ، چوڭ خوتۇنى تۇغماس ئىكەن. كىچىك خوتۇنى بولسا بىر ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇپتۇ. بۇنىڭغا ھەسەت قىلغان چوڭ خوتۇنى ھېلىقى ئىككى بالىنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ بېرىپ قايدۇ دەرياسىغا تاشلىۋېتىپتۇ، لېكىن بۇ بالىلارنى بىر ئېيىق دەريادىن سۈزۈۋېلىپ تۈرنىزار ئورمانلىقىدا ئاسراپ چوڭ قىپتۇ، بىر غايىپ ئەۋلىيا ئورمانلىقتا پەيدا بولۇپ ئوغۇل بالىغا چىن تۆمۈر باتۇر، قىز بالىغا تۇرنا دەپ ئات قويۇپ كېتىپتۇ. چىن تۆمۈر باتۇر چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەن چاغدا، ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىسىدىن قالغان بىر ئاق بوز ئات، بىر مىسران قىلىچقا ئىگە بوپتۇ-دە، ئوۋچىلىق كەسپىگە ئىشتىياق باغلاپتۇ، بىر كۈنى ئۇ ئوۋدىن قايتىپ كەلسە يەتتە باشلىق يالماۋۇز سىڭلىسى تۇرنانىڭ قېنىنى شوراۋاتقانىكەن. چىن تۆمۈر باتۇر قەھر-غەزەپ بىلەن يالماۋۇزنىڭ بېشىغا مىسران قىلىچنى چېپىپ ئۇنى يەتتە پارچە قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پۇقرالار قايدۇ دەرياسى ساھىلىغا ئەنە شۇ چىن تۆمۈر باتۇرنى سەردار قىلىپ سايلىغانىكەن.

— بىز ھازىر ئاتلىنىپ شۇ چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ يايلىقىغا بارىمىز. ئۇ يەردە سىز چېلىشىش مۇسابىقىسىگە چۈشىسىز. تەلەي ئوڭدىن كېلىپ قالسا، ئۇ چاغدا تورغۇتلارنىڭ ئاقساقلى سىزگە چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ ئاق بوز ئېتىنى يادىكار قىلىۋەتسە ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

شائىرنىڭ بۇ سۆزلىرى ھەممەيلەننىڭ قەلبىنى ئاجايىپ ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى، ئابدۇنىياز بولسا شائىرنىڭ بۇ باھاسىدىن تېخىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى. سەيدۇل بايۋەچچە ئاخىرىدا سۆز قىستۇرۇپ:

— تەڭرىتاغ ئۈستىدىكى تىلەكلىرىمىزگە تەڭرى يار-يۆلەك بولغۇسى، — دېدى.

ئۇلار ساردۋان مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغاچ مەنلىك پاراڭلىرىنى پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتۇرۇپ باراتتى. ھەممەيلەن يەنە شائىرنىڭ كۆزىگە تەلمۈرەتتى. سەيدۇل بايۋەچچە چىمەنلىك ئۈستىگە نان-توقاچلىرىنى ۋە مالچىلار يوللۇق قىلغان پىششىق ئەتلەرنى يايدى. ئۇسسۇزلۇق ئۇچۇن جىلغىدا تولدۇرۇۋالغان بىر قاپاق سۇنى ئوتتۇرىغا تىكلەپ قويدى. ئاندىن ئۇ:

— مانا بۇ ساردۋان زىياپىتى، سەيلە-ساياھەتنىڭ زىياپىتى مەززىلىك بولىدۇ. قېنى مەرھەمەت...،— دېدى.

— كۆڭۈل زىياپىتى تېخىمۇ مۇھىم،— دەپ قوشۇپ قويدى ئابدۇنىياز كامال.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كۆپچىلىكنىڭ كۆڭۈل تەقەززاسىنى يەردە قويماسلىق ئۇچۇن ئاززاقلا غىزالىنىپ ئارقىدىنلا يېڭى ھېكايىسىنى باشلىدى:

— ھاياتلىقتا ئېگىزلىك بىلەن ئۇزۇنلۇق ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم. «ئېگىزنى كۆرەلەيدىغان ئادەم ئۇزۇننى كۆرەلەيدۇ» دېگەن ماقال - تەمسىل دەل ئاتلىق چەۋەندازلارغا ھەمدە ئەقىل-پاراسەت ساھىبلىرىغا قارىتىپ ئېيتىلغان. مەن شەمەي سەپىرىمدە بىر ئوقۇمۇشلۇق زاتنىڭ ئالبۇمىنى كۆرۈپ چىققان. ئۇنىڭدا ساپلا ئارغىماقلارنىڭ ھەيكەل سۈرەتلىرى بار ئىكەن. ئارغىماقلار ئېگىز داۋانلارنى ھەمدە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بويسۇندۇرالىغىنى ئۇچۇن ئاشۇنداق قەدىرلەنگەنىكەن. بۇ خۇددى بۈگۈن بىز ئارغىماقلىرىمىزنىڭ ياردىمى بىلەن ساردۋاننى بويسۇندۇرۇپ، ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان يۈلتۈز يايلاقلىرىنى كۆرەلىگىنىمىزگە ئوخشاش...

شائىر ئالدىدىكى قاپاقتىكى سۇدىن بىر ئوتلىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— زامانىمىزدا ئېگىزلىك بىلەن ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمىنىڭ تەلپى ئىلىم-مەرىپەت، ئەقىل-پاراسەتكە باغلىق. بىلىم-تېخنىكا ئىگىلىگەنلەر ئېگىزنى، ئۇزۇننى كۆرەلەيدۇ. جاھالەت تەرەپدارلىرى، خەلق قېنىنى شورىغۇچىلار ئۇنىڭغا يول قويمايدۇ. ئۇنداقلارغا چۆچەكلەردىكى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ مىسران قىلىچى باب كېلىدۇ.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ساردۋان ئەتراپىغا يەنە بىر قۇر زەن سېلىپ قاراپ چىققاندىن كېيىن:

— قاراڭلار، مۇشۇ داۋاننىڭ تۆت ئەتراپىدا ھەرخىل تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەر— تۇرغۇتلار، قازاقلار، ئۇيغۇرلار ئىناق، باراۋەر ۋە ھۆر، جەم بولۇپ ياشايدىكەن. بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەجەللىك نۇقسىنى مەرىپەت كەمبەغەللىكىدە. مەرىپەتسىز كىشىلەر قارىماققا بەخىرامان ياشىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئاقىۋەتتە جاھالەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئېگىزنىمۇ، ئۇزۇننىمۇ كۆرەلمەيدۇ،— دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قايناق ھېسسىياتى بىلەن سۆزلەۋېتىپ تورغۇتلارنىڭ نادام بايرىمى ئېسىگە چۈشۈپ قالدى-دە:

— بۇرادەرلەر سۆزىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولۇپ تۇرسۇن. يەنە ھايال بولساق نادام بايرىمىغا ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز. قېنى ئاتلىنايلى...،— دېدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئارغىماقلىرىغا مىنىپ يېڭى مەنزىلگە قاراپ يول ئالدى

سارداۋاندىن غەربكە قاراپ پەسلىگەنسېرى بىپايان يېشىل يايلاقلار كۆزگە تاشلىناتتى. ئېگىز-پەس ئېدىرلىقلارنىڭ قاپتاللىرىدا سان-ساناقسىز چارۋا پادىلىرى توپ-توپ بولۇپ ئەركىن يايلاپ يۈرۈشەتتى. ئېدىرلاردىكى شالاڭ ئۇچرايدىغان قويۇق شاخلىق ئازغانلار ئارىسىدا غورۇلاي ۋە ساي تورغايلىرى تىنىمسىز ئۇچۇپ ئۆزئارا جوپ ئىزدىشەتتى. يېشىل يايلاق دېڭىزى بىلەن رەڭ تالاشقاندەك بۇلۇتسىز ئاسمان سۈزۈك ۋە كۆپكۆك تۇستە كۆڭۈلنى مەپتۇن قىلاتتى. بىرقانچە سار ۋە كۆكىنەكلەر كۆكتە لەيلەپ يۈرەتتى. خىل-خىلى بىلەن توپ-توپ بولۇپ يايلاپ يۈرگەن يۇلتۇزنىڭ داڭلىق يىلقىلىرى كىشىنى تېخىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بۇ جەننەت ماكاندا ئەركىن يايلاپ، تۈكلىرى يالتىراپ تۇرغان يىلقا توپلىرىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ، كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي ماڭا-ماڭا ئاخىر تورغۇتلارنىڭ چېدىر بارگاھلىرىغا يېقىنلىشىپ قېلىشقانلىقىنى سەزمەي قېلىشتى.

نادام سەيلىسى تۈپەيلىدىن بۇ پايانسىز تۈز ۋە كەڭ يايلاق ئۈستىگە تىكىلگەن يۈزلىگەن ئاق ۋە يېشىل چېدىرلار قەد كۆتۈرگەنىدى. دۈپدۈمىلاق ئاق چېدىرلار قۇياشقا، يېشىل چېدىرلار بولسا كۆك ئاسمانغا سېيما ئىدى. بەزى چېدىرلارنىڭ ئۆگزىسىدە خىلمۇ-خىل كەشتىلەنگەن كىچىك تۇغ، بەزىلىرىدە بولسا ئات بېشى كەشتىلەنگەن كۆركەم پلاكاتلار لەپىلدەپ تۇراتتى. ئوتتۇرىدىكى ياسداق چوڭ چېدىر تورغۇتلارنىڭ پىر كاملى باشخان ھەزرەت ئۈچۈن ياسالغانىدى. بۇ پىركامىل بىلەن تونۇشلۇقى بولغان سەيدۇل بايۋەچچە ھەمراھلىرىنى ئۇدۇل ئاشۇ ھەزرەتنىڭ ھۇزۇرىغا باشلاپ كىردى-دە، سالام-تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يۈرەك سۆزلىرىنى ئىزھار قىلىپ:

— بىز جانابىي پىر كاملنى زىيارەت قىلىشقا، جانابىي ھەزرەتتىن تەلىم ئېلىشقا ھەمدە نادام سەيلىسىدىن ھۇزۇر ئېلىشقا...،— دېدى.

سەيدۇل بايۋەچچە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈپ بولغۇچە باشخان پىر كامىل ئورنىدىن تۇرۇپ سەيدۇل بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشۈپ:

— بولدى، بولدى سۆزلىمە، جەڭگى، مەن چۈشەندىم، كەلگىنىڭلار ياخشى بوپتۇ. ئاۋۋال يۈز-كۆزۈڭلارنى يۇيۇۋېلىڭلار، ئاندىن گۆش يەپ، قىمىز ئىچىڭلار، غىزالانغاچ تېخىمۇ ياخشى پاراڭلىشىمىز،— دېدى.

ھايت-ھۇيت دېگۈچە داستىخان راسلاندى. گۆش، قىمىز كەلتۈرۈلدى. بىر مۇلازىم قىز ھېجىر قاچىلارغا قىمىز قۇيۇپ مېھمانلارغا بىر باشتىن قاتارى سۇنۇشقا باشلىدى.

باشخان ياش قورامى ئاتمىش ياشلارغا چاپچىغان، ئوتتۇرا بوي، كەڭ قاپاق، سېرىق چىراي كەلگەن مويسىپىت كىشى ئىدى. ئۇ بۇرۇن سەيدۇل بايۋەچچىنىڭ ئاتىسى قادىر جەڭگى  بىلەن ئۇلپەتلىشىپ ئۆتكەن. ئۇ ھازىر ساھىبخانا سالاھىيىتى بىلەن مېھمانلارنى قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا باشلىغانىدى:

— تورغۇتلارنىڭ كۆز نۇرىمىز،— دېدى ئۇ سەيدۇل بايۋەچچىگە قارىتىپ،— ئۆتكۈرلۈكتە بۈركۈتنىڭ كۆزىدىن قېلىشمايدۇ. قارىماسەن، سېنى بىر قاراپلا تونۇۋالغىنىمنى، ئاتاڭ قادىر جەڭگى سېنى ئەگەشتۈرۈپ يايلاققا بىرنەچچە قېتىم كەلگەن. مەن سېنى شۇ چاغدا كۆرگەن. بۇ دورەم ھەمراھلىرىڭنى باشلاپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن بەك خۇشال بولدۇم. بىز سىلەرنى كۆڭۈلدىكىدەك كۈتۈۋالىمىز.

ئارقىدىن سەيدۇل بايۋەچچە ھەمراھلىرىنى نام-شەرىپى بىلەن قوشۇپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ۋە ئات بەيگىسى، چېلىش مۇسابىقىلىرىگە چۈشۈش ئارزۇسىنى بىلدۈردى. پىركامىل جاۋابەن دېدى:

ــ ئەپسۇس بۇ مۇسابىقىلەر تۈنۈگۈنلا ئاياغلاشقانىدى. بەختىڭلارغا يارىشا تېخى نادام پائالىيەتلىرىمىز ئاخىرلاشقىنى يوق. مەن ئەتىگەنلىككە بىر قېتىملىق چېلىش ئورۇنلاشتۇرۇپ، سىلەرنى رازى قىلاي. چېلىش بىرلا قېتىم بولىدۇ. سىلەردىن بىر كىشى، بىزدىن بىر كىشى مەيدانغا چۈشسۇن. يەڭگۈچىلەر بىر ئېگەرلىك ئاق بوز ئات تارتۇق قىلىنىدۇ. قېنى مۇشۇنداق قىلساق بولامدۇ؟

پىركامىلنىڭ بۇ مەردلىكىگە ھەممەيلەن تەڭلا تەشەككۈر بىلدۈردى. ئۇنىڭ بۇ مەردلىكىدىن، بولۇپمۇ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر زىيادە سۆيۈنۈپ كەتتى.

كۈن تېخى بالدۇر ئىدى. بۇ ئىش ئەنە شۇنداق تېز ھەم كۆڭۈللۈك بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىدىن مەمنۇن بولغان شائىر دىققىتىنى يەنە بىر نۇقتىغا يۆتكىدى. ئۇ پىركامىلنىڭ ئۇيغۇرچە تىل ـ زۇۋانىنىڭ راۋانلىقىدىن ھەيران بولاتتى ھەمدە ئورۇن بېشىدا خەنزۇچە دەرسلىك كىتاب ۋە دىنىي دەستۇرلەرنىڭ تۇرغانلىقىدىن زوقلىناتتى. شائىرنىڭ بۇ روھىي ھالىتىنى چۈچەن پىركامىل دەررۇ سېزىۋالدى ۋە ئۆزىنىڭ ئۆمۈر تارىخىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرمۇ شۇنىڭغا ئۇلاپ ئۆزىنىڭ خەنزۇچە مەكتەپتە تىل-يېزىق ئۆگەنگەن تارىخىنى سۆزلەپ بەردى. چېدىر ئىچىدىكى سۆھبەت كەيپىياتى بىردىنلا ئىلىم-مەرىپەت تېمىسىغا بۇرۇلۇپ ھېكمەت قۇياشى چاقناشقا باشلىدى. پىركامىل ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پارچە خەنزۇچە دەرسلىك كىتابنى ئەكېلىپ شائىرغا سۇنۇپ:

ــ قېنى ئەمىسە بۇ كىتابنى كۆرۈپ بېقىڭ...،ــ دېدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەدەپ-ئىكرام بىلەن كىتابنى قولىغا ئالدى-دە، ھېكمەت ۋە ئىبرەت جەۋھەرلىرىدىن ھاسىل بولغان بۇ دەستۇردىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالدى.

بىر مەھەلدىن كېيىن پىركامىلنىڭ يۈزىگە تەبەسسۇم بىلەن قاراپ:

ــ يۇلتۇز يۇرتىدا سىلىدەك بىر چولپاننىڭ نۇر چېچىپ تۇرغانلىقىغا قايىلمەن. نادام بايرىمىدىن كېيىن جانابلىرىنىڭ ھۇزۇرىدا قېلىپ ۋە قاراشەھەرگىچە ئايلىنىپ بىر مەزگىل تىل ۋە تارىخ ئۆگىنىش ئارزۇسىدا بولۇۋاتىمەن...،ــ دېدى.

شائىرنىڭ بۇ تىلىكىگە باشخان دەرھال ئىنكاس بىلدۈرۈپ:

ــ بۇ ئىستىكىڭىزنى قوللايمەن. ئىستەك، نىيەت ۋە ئىجتىھات بولسىلا ھەرقانداق ئېگىز داۋاندىن ھالقىپ كەتكىلى بولىدۇ، سىزگە قولىمىزدىن كېلىشچە ياردەم بېرىمىز،ــ دېدى.

قىزغىن دوستلۇق ھاۋاسى بىلەن تولغان چېدىر سۆھبىتىنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمىگەنىدى. ئېغىر ياتقۇ ۋاقتى يېقىنلىشىپ، تۈن پەرىشتىلىرى ئۇخلاپ ئارام ئېلىشقا بېشارەت قىلاتتى. مېھمانلار پىركامىل چېدىرىدا ئۇيقۇدىن راھەتلەنگەنىدى. ئابدۇنىياز كامال ئەتىگەنلىككە بولىدىغان چېلىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ خېلى بىر چاغدىن كېيىن كۆز يۇمدى.

ئەتىسى قۇياش شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ، زەر نۇرلىرىنى يۇلتۇز يايلىقىغا تەكشى سېپىشكە باشلىغانىدى. بۈگۈن بولىدىغان چېلىشىش خەۋىرى تۈنۈگۈن ئاخشاملا ئالىلىقاچان ھەممە چېدىرلارغا تارقالغانىدى. تۇرغۇت ئوغۇل-قىزلىرى ئىككىدىن-ئۈچتىن بولۇپ، چوڭ چېدىر ئالدىدىكى كەڭ يېشىل سەيناغا قاراپ كېلىشمەكتە ئىدى.

پىركامىل مۇلازىملىرىغا بۇيرۇپ مېھمانلىرىغا ئەتىگەنلىك چاي تەييارلىدى. بىراق ئابدۇنىياز كامال كۆرۈنمەيتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بىلەن سەيدۇل بايۋەچچە تىت-تىت بولۇشقا باشلىدى. ئۇلار چېدىردىن چىقىپ ئىزلەشكە كىرىشتى. لېكىن، ئۇ يەنىلا يوق ئىدى.

— ئەستاغپۇرۇللا، ئۇ بۈگۈن بىزنى لەت قىلامدۇ، نېمە؟— دەپ ۋايسايتتى سەيدۇل بايۋەچچە.

ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قايدۇ دەرياسى تەرەپتىن ئابدۇنىياز كامال يېتىپ كەلدى ۋە چېدىر ئىچىدە تەييارلاپ قويۇلغان ناشتىغا ھەمراھلىرى بىلەن بىللە داخىل بولدى.

— ئەتىگەندە نەلەرگە بېرىپ يۈرىسىز، ئۇكا؟— دېدى سەيدۇل بايۋەچچە تەنە ئارىلاش زەردە بىلەن،— بىز تېخى سىزنى چېلىشىشتىن قورقۇپ توقسۇنغا قاراپ غىپپىدە تىكىۋەتتىمىكىن، دەپ بىئارام بولۇپ تۇرغانىدۇق.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئابدۇنىياز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە جاۋابەن:

— ھەزرىتى پىركامىلنىڭ تارتۇققا ئاتىغان ئارغىمىقىنى مىنمەي تۇرۇپ توقسۇنغا قانداقسىغا كېتىمىز، ئاكا،— دېدى.

ئابدۇنىياز كامالنىڭ بۇ يۇمۇرلۇق چاقچىقى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئارقىدىن ئۇ: «دەريا بويىغا چۈمۈلگىلى بېرىپ ھايال بولۇپ قالغانلىقى»نى ئېيتىپ، كۆپچىلىكتىن ئەپۇ سورىدى.

ناشتىلىق چاي ئاخىرلىشىپ ئارىدىن بىرمەھەل ئۆتكەندىن كېيىن چېلىشىش رەسمىي باشلاندى. بۇ بىر قېتىملىق ئەركىن چېلىشىش ئىدى.

ئابدۇنىياز بىلەن تۇتۇشۇۋاتقان يىگىت بۇ يىلقى نادام بايرىمىدا چېلىشىشتا يۇلتۇز بويىچە ھەممىنى يىقىتقان سىرچە ئاتلىق تورغۇت پالۋىنى ئىدى. ئىككى پالۋان قارىماققا تەڭ سىرجە ئاتلىق تورغۇت پالۋىنى ئىدى. ئىككى پالۋان قارىماققا تەڭ دېمەكتىلىكتەك تۇراتتى. بىراق، سىرجە گۆشلۈك، پۇت-قوللىرى قىسقا، يوغان گەدەنلىك قىياپىتى بىلەن رەقىبىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار تۇتۇشۇپ ئارىدىن خېلى بىرمەھەل ئۆتكەندىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال قارشى تەرەپنىڭ بېلىنى قويۇۋېتىپ، «ياپىرىم!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە بېرىپ سىرجەنىڭ بېلىنى يەنە قاماللىدى. ئۇنىڭ بويىنىدىكى تاش تۇماردىن بىر يېشىل نۇر ئېتىلىپ چىقىپ قاياققىدۇر غايىب بولدى. ئۇ شۇئان سىرجەنى كۆتۈرۈپ بېشىدا ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. سىرچە يېڭىلگىنىگە تەن ئالدى. ئابدۇنىياز كامال ئۇنى يەرگە دەسسىتىپ تىك تۇرغۇزغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلەن قول بېرىشىپ كۆرۈشتى ۋە يۇلتۇزلۇقلارغا ئېھتىرام بىلدۈردى. كۆپچىلىك ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى تەبرىكلەشتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، پىركامىل تارتۇق ئۇچۇن ئالدىن تەييارلاپ قويغان قوش بېشى ئېگەرلىك ئاق بوز ئارغىماقنى بىر غۇلام يېتىلەپ چىقتى، مەيدانغا يېتىلەپ كىردى-دە، ئاتنىڭ چۇلـۋۇرىنى پىركامىل ئابدۇنىياز كامالغا تۇتقۇزۇپ تۇتۇپ:

— يۇلتۇزنىڭ بۇ دۇلدۇلنى سىزگە يادىكار قىلىش ئارقىلىق سىزنىڭ غەلىبىڭىزنى تەبرىكلەيمىز،- دېدى.

ئارقىدىن ئۇ كۆپچىلىككە مۇراجىئەت قىلىپ:

— بۇ پالۋاننىڭ ئاتا كەسپى تېرىچىكەن. ھەر بىرىڭلار مۇشۇ بايرامدا سويغان كالا - قويلىرىڭلارنىڭ تېرىسىنى سوۋغا قىلىڭلار، پالۋان مىنىپ كەلگەن ئات قۇرۇق كەتمىسۇن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە سىلەر توقسۇنغا بېرىپ قالساڭلار، ئەلۋەتتە، سىلەرمۇ قۇرۇق قايتمايسىلەر،- دېدى.

پىركاملىنىڭ بۇ يۇمۇرلۇق سۆزى ھەممەيلەننى كۈلدۇرۇۋەتتى.

# ئۈچىنچى باب

## كېچىكتۈرۈلگەن توي

### 1

ئىيۇلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى...

ئاقتاش مەھەللىسىدىكى كامال قەرەن ئائىلىسىنىڭ كىچىك ھويلىسىدا گويا توي تەنتەنىسى بولغاندەك كېلىپ-كېتىپ تۇرغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. لېكىن، ئۇ — توي تەنتەنىسى ئەمەس، بەلكى ئابدۇنىياز پالۋاننىڭ يۇلتۇزدىن غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلگەنلىكىنىڭ تەنتەنىسى ئىدى. ئاتخۇمار يىگىتلەر ئېغىلدىكى تۇۋرۈككە باغلاپ قويۇلغان يۇلتۇز ئارغىمىقىنى كۆرۈپ، ئېغىزلىرى تالماي ماختاشسا، چوڭ ياشلىقلار ھويلىنىڭ بىر چېتىگە قىرلاپ قويۇلغان خىل تېرىلەرنى ماختىشاتتى. ئابدۇنىيازنىڭ قەدىناس دوستلىرىدىن ھىدايى قاتارلىقلار خۇددى يىگىت قولدىشىدەك ئۇنىڭدىن بىردەممۇ نېرى بولۇشمايتتى.

كامال قەرەن بىر تەرەپتىن ئۆز ئوغلىدىن پەخىرلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچىدە: «ئەمدى كېچىكتۈرسەك بولماس، ئۇنىڭ بېشىنى باشلاپ قويىدىغان چاغ بولدى...» دەپ ئويلايتتى. ئاتا كۆڭلىگە يارىشا بوگۈنكىدەك پەيت «كۆز قوغداش» ۋە «كۆڭۈل ئوۋلاش»نىڭ ئوبدان پۇرستى ئىدى.

دېمىسمۇ ئابدۇنىيازنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بۇ سەيناغا قەدەم تەشرىپ قىلغان باھار چولپانلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بويىغا يېتىپ قالغان بۇ قىزلار چوڭ ياشلىق چوكانلارنىڭ «لايىق» توغرىسىدىكى سۆزلىرىنى ئەتە-ئاخشاملىرى تولا ئاڭلاپ يۈزلىرى قىپقىزىرىپ كەتسىمۇ، ئۇلارمۇ «كۆز قوغداش»، «كۆڭۈل ئوۋلاش»نىڭ مەنىسىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇ ۋەجىدىن، بۈگۈن بۇ قىزلارنىڭ چىمەندوپپىسى ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ بېشىغا ئارتىشىۋالغان شايى ياغلىقى ئاستىدىن پات-پاتلا نەزەر ئوقياسىنى ئابدۇنىيازغا توغرىلاپ تۇرۇشى — ئۇلارنىڭ قەلبىدە جۇش ئۇرۇۋاتقان مۇھەببەت ئىسيانىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. قىز پەرىزاتلارنىڭ بۇ ئوتتەك ھەۋىسىنى سېزىپ تۇرغان كارداڭ خوتۇنلار ئابدۇنىيازنىڭ ئۆگەي ئانىسى ھەمراخاننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— كۆرۈۋاتامدىلا ئاۋۇ قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت-ئۇچقۇن يېنىۋاتقانلىقىنى؟ ئۇلار ھە دېسە ئابدۇنىيازدىن كۆزىنى ئۈزەلمەيۋاتىدۇ. «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققان ياخشى»، «يىگىت قىرانىغا يەتكەندە جەرەن ئوۋلىغاندىن قىز ئوۋلىغان ياخشى»، — دېيىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى. ھەمراخان ئۇلارغا دەرھال جاۋاب بېرىپ:

— مېنى دېسەڭلارغۇ پۈتۈن ئوي- خىيالىم مۇشۇ ئىشتا؛ لېكىن پالۋان ئوغلىمىزنىڭ مىجەزى كاجىراق، ئاسانلىقچە گەپ يېمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نىكاھ دېگەن غايىب نەرسە، ئالدىراپ لەۋزە قىلماق تەس ئىكەن. توربىاق كەينىگە تېپىشىۋالسا ھەممىمىزگە نېمە ئامال. قېنى بۇ ئىشقا ھەممىمىز كۈچەپ باقايلى...،- دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئاقتاشتا ئابدۇنىياز پالۋانغا ئاستىرتىن «لايىق تاللاش» ئەۋج ئېلىشقا باشلىدى. بۇ سىرنى ھىدايى ئابدۇنىيازغا ئاڭلاتتى. ئابدۇنىياز جاۋابەن:

— «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۈرۈچ دەم يەپتۇ» دېگىنە،- دېدى.

دەرۋەقە ئاتىقى چىققان ۋە قولىدىن ئىش كېلىدىغان، قاملاشقان بۇنداق يىگىتنى ھەركىمنىڭ تالىشىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇنداق لايىقنى ياتلارغا قارىغاندا، يېقىنلار قولدىن چىقىرىپ قويۇشقا تېخىمۇ ئۇنىمايتتى. يىگىتنىڭ ئامەت قۇشى ئۆرلىگەنسېرى تاللاش كەينىگە سۈرۈلۈپ، كۈنلەر-ھەپتىلەر ئۆتۈپ باراتتى. يىگىت بولسا قۇلاق يوپۇرۇۋېلىپ بۇ ئىشلارنى ئاڭلىماسلىققا سالاتتى. ئۇنىڭ ئوي-خىيالى ۋە ئىش-ئەملى يۈلتۈز ئارغىمىقىغا قاراش بىلەن ئەمەك ئىدى. ئەمما بىتاقەت بولغان ئاتا — كامال قەرەن ئۆز ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن كېڭىشىپ ئابدۇنىيازنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى — پاتىمەنى كېلىن نامزاتى قىلىپ يەڭ ئىچىدە تاللىۋالدى.. ئۇنىڭدىن بۆلەك ھەرقانداق لايىق ئۇنىڭ خىيالىدا يوق ئىدى.

زىلۋا بوي، قوشۇما قاش، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئىككى مەڭزى ئانارەك قىزىل، خۇشخۇي مىجەزلىك پاتىمە گۈزەللىك ۋە زېرەكلىكتە ھەرقانداق پەرىزاتلاردىن قېلىشمايتتى. ئۇ — كىچىكىدە ئاقتاش مەدرىسىدە ئوقۇپ تولۇق ساۋاتلىق بولغان، رەسىدە يېشىغا تولغاندىن كېيىن مەكتەپتىن توختاپ ئائىلە ئىشلىرىغا قاراشقان. ئۇ، كامال قەرەننى چوڭ ئاتا دەپ ئادەتلەنگىنى ئۈچۈن بۇ ئۆيدىكىلەرنىڭمۇ ھېچقايسىسىدىن يېتىرقىمايتتى. شۇڭا بالاغەتكە يەتكەنگە قەدەر ئابدۇنىياز ئاكىسىدىنمۇ تارتىنماي، ئۇدۇلىسىغا مۇئامىلە قىلىشىپ يۈرۈۋېرەتتى. كېيىنرەك ئۇنىڭدا بالاغەت تۇيغۇسى يېتىلىپ، ئىككى كۆكسى روشەن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ روھىي ھالىتىدە بىردىنلا ئۆزگىرىش پەيدا بولدى-دە، ئۆزىنى تەبىئىي ھالدا ئۈيىلىش رامكىسىدا تۇتۇشقا باشلىدى. لېكىن، ئۇ قەلبىدە ئۈيىلىش تۇيغۇسى بىلەن ئىنتىلىش ھېسسىياتى بىردەك ئورۇن ئالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەت تەقدىرىنىڭ پالۋان ئاكىسىغا باغلىنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى بېشارەت بەرگۈچىلەر تىلىدىنمۇ سېزىپ قېلىۋاتاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ قىز ئاداشلىرى ئىچىدە ئابدۇنىيازغا ئىنتىلىش خاھىشى ئىپادىلەنگەن

مەدھىيە سۆزلەر قىلىنىپ قالسا، ئۇ دەرھال رەشىك قىلاتتى. بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ قەلبىدە مۇھەببەتنىڭ تۇنجى ئوت-ئۇچقۇنى يېنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە قىز بىلەن يىگىتنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ھەدەپ توي تەييارلىقى بىلەن بولۇۋاتقانلىقىمۇ پاتىمەگە بەش قولدەك ئايان ئىدى.

بىراق ئابدۇنىيازنىڭ خىيالىغا شۇ تاپتا پەقەت ئېگەرلىك ئاق بوز ئاتقا ھېرىسمەنلىكتىن باشقا ھېچكىم، ھېچ نەرسە كىرمەيتتى. ئۇ ئاتنىڭ يېنىدىن بىر قەدەم ۋە بىر دەقىقە نېرى بولمايتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە قىزلارنىڭ ئىشقى ئەمەس، ئاشۇ ئېگەرلىك ئاتنىڭ ئىشقى ياناتتى. ئۇ، مانا بۈگۈنمۇ ئاق بوز ئاتنىڭ بېشىغا بوغۇز تۇۋرىسىنى كىيدۈرۈپ قويۇپ، نېرى تەرەپتىكى ياغاچ كۈرسىدا ئاتقا قاراپ ئولتۇرغان پېتى چۈش بولۇپ كەتكەنلىكىنى سەزمەيلا قالدى.

— ئاپام سىزگە ئاتاپ گۆشنان پىشۇرۇپتىكەن، شۇنى...

پاتىمە سۆزى بىلەن بىللە گۆشنان سېلىنغان ئاياقنى يىگىتكە ئۇزاتتى. چاي تولدۇرۇلغان چۆگۈن بىلەن ھېجىر تاۋاقنى كۈرسا ئۇستىگە قويدى-دە، ئۆزى ئاق بوز ئاتنىڭ يېنىغا بېرىپ ئاتنىڭ يايلىسىنى يۇمشاق بارماقلىرى بىلەن سىيلاشقا باشلىدى. ئات مايىللىقىنى بىلدۈرۈپ بوغۇزنى كۆكشەپ جىم تۇراتتى. ئابدۇنىياز پاتىمەگە قارىتىپ:

— ئاتتىن يىراقراق تۇرۇڭ، ھېلى بىكار سىزنى تونۇماي يېپىپ قويمىسۇن...،— دېدى.

— ياق، ئىشەنمەيمەن، ئۆي ئىگىسىنى تونۇمايدىغان ئات بولمايدۇ.

پاتىمە بۇ جاۋابنىڭ قانداقچە ئېغىزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ ئابدۇنىياز بىكارلاپ قويغان ھېجىر، چۆگۈنلەرنى يىغىشتۇرۇۋغان پېتى ئۆيىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئۆيىگە كىرگەندىمۇ توختىماي ۋىلىقلاپ كۈلەتتى. ئۇ كۆڭلىدە «تازا بىر كەلتۈرۈۋالدىم» دەپ مەمنۇن بولغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئاران تەستە ئېرىشكەن كىچىككىنە ۋىسال كۈلكىسىنى ئۇزۇن ئۆتمەي جۇدالىق بورىنى ئۇچۇرۇپ كەتتى.



ئابدۇنىياز ئاۋغۇستىنىڭ بېشىدا سەيدۇل بايۋەچچە ئارقىلىق ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تۇرپاندىن ئەۋەتكەن بىر تەكلىپ قەغىزىنى تاپشۇرۇۋېلىپ يولغا چىقىش خىيالىغا چۈشكەنىدى. ئۇنىڭچە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ لەۋزىگە خىيانەت قىلىش جىنايەت ھېسابلىناتتى. ئۇ ئۆزىگە ھەمراھ ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ چوڭ دادىسى مامۇت ھاجى ئۆيىگە قىچقارتتى ۋە بىر تەكلىپ سۆزىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئوغلۇم، قولىقىڭنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلا، مۇرتۇقلۇقلار ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ. ئۇلار بىزدىن ياردەمگە پىدائىي ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىشىپتۇ. ئۆزۈم باراي دېسەم ياشىنىپ قالدىم؛ ماۋۇ ئوغلۇم غوجا ئابدۇل، ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن، تۇرقى ئەنە شۇ، كارغا يارىماس روھىي كېسەل؛ سەنمۇ مېنىڭ ئوغلۇم، بۇ مەجبۇرىيەتكە سېنىڭدەك تەن دۇرۇس، گاڭگۈڭ يىگىت يارايدۇ، قانداق دەيسەن؟

— باركاللا، چوڭ ئاتا، ـ دېدى ئابدۇنىياز شۇئان قوشۇلۇپ، ـ پىدائىيلار تىزىمىغا مېنى پۈتۈپ قوي. مەن ئەتىگەنلىككە بىر ئاغىنەمنى ھەمراھ قىلىپ يولغا چىقىمەن.

ئابدۇنىياز كامال بوگوُن كەچ كىرگوُچە ئىنىسى ـ جىنغا تۆيدۇرماي تەييارلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى، ئۇ، ھەمراھلىققا ئاغىنىسى ھىدايىنى تاللىۋالدى. مامۇت ھاجى ھىدايىغا بىر ئات ھەدىيە قىلدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھازىرلىقنى پۈتتۈرۈپ، ۋاقىت تۈن نىسپىدىن ئاشقان مەھەلدە ئاقتاش يولى بىلەن تۇرپانغا ئاتلىق مەخپىي يۈرۈپ كەتتى.

ئابدۇنىيازنىڭ بۇ دورەم يا ئاتىسى كامال بىلەن، يا بولغۇسى خوتۇنى پاتىمە بىلەن خوشلاشماي يولغا چىقىشى بىر خىل رەھىمسىزلىك ئىدى، لېكىن، چوڭ دادىسى مامۇت ھاجىنىڭ كۆرسەتمىسى ھەمدە پىدائىيلىق مەجبۇرىيىتىنىڭ مەخپىيەتلىكى نەزەردە تۇتۇلغاندا، ئۇنىڭ بۇ نۇقسانىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋېتىشقا بولاتتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن بۇ قوچقار پالۋان ئۆزىنىڭ ھەمراھى بىلەن بىللە ئەتىسى چۈشكەن يېقىن شائىرنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدى.

شائىر بالىخانىلىق ھۇجرىسىدا يېگانە خىيال سۈرۈپ، ھۇجرا تېمىغا يېڭىلا خۇش خەت بىلەن يېزىپ چاپلاپ قويغان ئىككى خىل مەزمۇندىكى نەزمىسىنى مۇلاھىزە قىلىۋاتاتتى.

بۇ نەزمىلەرنىڭ بىرىنچىسى مۇنداق ئىدى:

ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم كەلسە ئىدى تاغ باشىغا،

يانجىلىپ كەتكەن بولاتتى ساي ئېقىننىڭ تاشىغا.

ئىككىنچى نەزمىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

ئابدۇخالىق نەرە تارت، ئەنە قالقان، ئەنە ئات،

ئۇيقۇلۇق ئۆتكەن ھاياتىڭ ئەرگە نومۇس ھەم ئۇيات...

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۇچ بالىسى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ بالىسىز قالغانىنىڭ ئۇستىگە ۋاپادار ئايالى ئايىمخان يېقىندىلا قازا تاپقانىدى. ئۇ ئاچقان بىر سىنىپلىق يېڭى مەكتەپنى جاھالەت تەرەپدارلىرى بۇيرۇق بىلەن يېپىۋەتتى. ئۇ تېكىست يېزىپ تەرەپ ـ تەرەپكە تارقالغان ‹‹ئاچىل ناخشىسى›› چەكلەش توغرىسىدا تۇرپان ئامبىلى ئېلان چىقارغانىدى. دېمەككى، شائىر ئاشۇنداق روھىي بېسىمنى يەكۈنلەپ يۇقىرىقى بىرىنچى خىل نەزمىنى يېزىپ ئۆزىگە تەسەللى بەرمەكتە ئىدى.

لېكىن، ئۇزۇنغا قالماي شەرقتە خانلىق ۋە ۋاڭلىق تۈزۈمىنىڭ زۇلۇمىغا قارشى قوزغالغان دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنتاغ يامرىلىغا يېتى كەلگەن خۇش خەۋرىنى ئاڭلاپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالغان شائىر يۇقىرىقى ئىككىنچى نەزمىدە يۈرەك ساداسىنى ئىپادىلىگەنىدى.

ــ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، ئابدۇخالىق ئاكا، مەكتۇپىڭىزگە بىنائەن دوستۇمنى ئېلىپ ھۇزۇرىڭىزغا يېتىپ كەلدىم.

ئابدۇنىيازنىڭ شائىرنىڭ ھۇجرىسىغا ئۇشتۇمتۇت كىرىپ جاراڭلىق، مەردانە ئاۋازدا سالام بېرىشى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى چۆچۈتىۋەتتى. ئارقىدىنلا مېھماننى ئېسىگە ئالدى-دە، خۇشاللىقىدا كەيپى ئېچىلىپ:

ــ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، بالا گېنېرال، خۇش كەلدىڭىز...،ــ شائىر جاۋاب سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن مېھمانلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇلار بىلەن ئوچۇق-يورۇق سۆزلىشىشكە باشلىدى،ــ ھېلىقى ئېگەرلىك ئاق بوز ئاتنى مىنىپ كەلگەنسىز؟

ــ ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قانداقمۇ چىدايمەن دەيسىز؟...

ــ ھېلىمۇ خېتىمنى ئالغان ھامان يولغا چىقىپ، ۋاقتىدا يېتىپ كەلگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت.

ــ ئۇنى بىر دەيسىز، ھەتتا بۇگۈن-ئەتە توي قىلىدىغان قىزىمغىمۇ قارىماي يېنىڭىزغا كېلىۋاتىمەن. ئۇ ماي تارتىپ مېنى تاشلىۋەتسە قانداق قىلارمەنكى تېخى...

ئىككىيلەننىڭ يۇمۇرلۇق دىئالوگى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، شائىر تولا كۈلۈپ تېلىقىپ قالغىلى تاس-تاماس قالدى. ئۇنىڭ كۈلكىسى توختىغاندىن كېيىن، پاراڭنىڭ داۋامىنى قىسقارتىپ مېھمانلىرىغا:

ــ بەس، ئۇزۇن يولدا ھېرىپ چارچىدىڭلار، ئاۋۋال تاماق يەۋېلىڭلار، ئاندىن قانغۇدەك دەم ئېلىڭلار، ئاتلارمۇ دېمىنى ئېلىپ، ئوبدان بوغۇزلانسۇن. خۇدا خالىسا بىز ئەتىگەنلىككە يولغا چىقىپ ئاستانىگە بارىمىز. كۆڭۈل پاراڭلىرىمىزنىڭ ئايىغى دەل ئاشۇ يەردە داۋاملىشىدۇ،ــ دېدى.



ئەتىسى ئۇلار تاڭ سەھەرلىكتە ئاستانىگە قاراپ يولغا چىقتى.

باش كۈزنىڭ خۇش پۇراق مەنزىرىسى دىللارغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى، يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ قاتار كەتكەن رەڭدار بوستانلىقلار چەكسىز سوزۇلغانىدى. قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان ئىدىقۇت، ئاستانە، بېزەكلىك يادىكارلىقلىرى مۇشۇ ئېسىل زېمىن قۇچىقىدا ياتاتتى.

ئۇلار باش كۈز مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ مېڭىپ ئاستانە مەركىزىدىكى مۇھتىلار كۈرەسى ئالدىغا يېتىپ كەلگىنىنى سەزمەي قېلىشتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ باشلامچىلىقىدا توقسۇنلۇق چەۋەندازلار كۈرە

ئىچىگە كىرىپ چوڭ ھويلىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئېگىز تامنى بويلاپ قاتار كەتكەن ياغاچ ئۇقۇرلارغا ئاتلىرىنى باغلاپ جايلاشتۇرۇپ قويىدى، ئاندىن ئۇلار ئۇستىۋاشلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ تاختايلىق پەلەمپەي ئارقىلىق بالىخانىلىق مېھمانخانىغا چىقىشتى.

ياسىداق مېھمانخانا ئىچىدە مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتى ئاكا-ئۇكىلار قانداقتۇر بىر جىددىيلىك ئىچىدە تەنھا پىكىرلىشىۋاتقانىدى. بۇ ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ھۆسن-چىراي ۋە بەدەن بەستى جەھەتتە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشىشىپ تۇراتتى. ھەر ئىككىسى زور گەۋدىلىك، ئوتتۇرا ئەت، يوغان كۆز كەلگەن سالاپەتلىك كىشىلەر ئىدى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆزىدىن بۇيان مۇھىتلار بىلەن سىرداش دوستلاردىن بولغاچقا، يېتىرقىماستىنلا مېھمانخانا ئىچىگە كىرىۋەردى، ئاكا-ئۇكا ساھىبخانىلار شائىرنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

شائىر ئاشۇ كۈنلەردە ئاستانە ۋەزىيىتىدە سادىر بولۇۋاتقان كەسكىن ھالەتنى چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ كېلىش مۇددىئاسىنى ئىخچام سۆز بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى:

ــ ماۋۇ ئىككى كىشىنى مەن تەكلىپ قىلىپ توقسۇندىن تۈنۈگۈن قىچقارتىپ كەلدىم. بۇلار يارامLIق يىگىتلەر، شۇڭا بۈگۈن بۇ يەرگە باشلاپ كېلىۋاتىمەن.

ــ ناھايىتى ئوبدان بوپتۇ، قارشى ئالىمىز،ــ دېدى مەھمۇت مۇھىتى. دېمىسىمۇ بۇ يىگىتلەرنى بىر مۇھىم ئىش كۈتۈپ تۇراتتى، تۈنۈگۈندىن باشلاپ ھاۋانىڭ مىجەزى بوش، بىردەم ئېچىلىدۇ، بىردەم تۇتۇلىدۇ،ــ بۇ ئىككى پىدائىي يىگىت سىرتتا بىردەم ئارام ئالغاچ ئارغىماقلىرىغا قاراپ تۇرسۇنلا، بىز بىر ئازدىن كېيىن كۆرۈشەيلى.

ئابدۇنىياز بىلەن ھىدايى ئاشۇ بېشارەتكە ئاساسەن سىرتقا چىقىپ بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى. بىراق، كۆرە ئەتراپىدا ئۇياقتىن-بۇياققا ئۆتۈشۈپ يۈرگەن دېھقان ياشلىرىنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق جىددىيلىك ئالامەتلىرى سېزىلمەيتتى. بىردەمدىن كېيىن بالىخانىدىكى سۆھبەت ئاخىرلىشىپ، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پىدائىي يىگىتلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ دېدى:

ــ قاراڭلار، يىگىتلەر، ھازىر ئىش جىددىي، زالىملار قىلىچلىرىنى بىلەپ تۇرۇۋېتىپتۇ. مەخسۇت مۇھىتى قۇمۇل ئىسيانچىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ئىسھاق تاغام بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن ماڭىدىغان بولدى. ئىككىڭلار مەھمۇت مۇھىتىنىڭ يېنىدا قېلىپ ئارقا سەپ تەمىنات ئىشلىرىنى بېجىرىسىلەر، مەن ھازىر جىددىي ۋەزىپە بىلەن تۇرپان شەھەر ئىچىگە قاراپ ماڭىدىغان بولدۇم. لېكىن، بۇ مەخپىيەتلىك، ئېغىزىڭلاردىن چىقىپ كەتمىسۇن...

شۇنداق قىلىپ ئۇلار خوشلاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال بىلەن ھىدايى مەھمۇت مۇھىتىنىڭ يېنىدا قېلىپ قورال ئىسكىلاتلىرىنى ساقلاش، پىدائىيلارنى تىزىملاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مەجبۇرىيەتلەرنى ئۈستىگە ئالدى.

كەچ كۈزدە پۈتۈن تۇرپان ئويمانلىقىنى زىلزىلىگە سالغان قانلىق تراگېدىيە مۇرتۇق يېنىدا يۈز بەردى. ئىككى يۈزدىن ئارتۇق توقسۇن خەلق پىدائىيلىرى پىچان خەلقىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن مورتۇققا كەلگەندە، ئاق ئورۇسلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ ھەممىسى دېگۈدەك قازا تاپقانىدى. مەھمۇت مۇھىتى بۇ ئېچىنىشلىق خەۋەرنى

ئاڭلاپ ئابدۇنىياز كامال بىلەن ھىدايىنى مۇرتۇققا ئەۋەتتى ھەمدە قازا تاپقانلارنى دەپنە قىلىش، مەجرۇھلارنى قۇتۇلدۇرۇش توقسۇنغا يەتكۈزۈش قاتارلىق مۇشكۈل ئىشلارنى ئۇلارغا يۈكلىدى. بۇ ئىش پۈتۈن بىر قىش ئىشلەندى.

ياندۇرقى يىلى باش باھاردا مەخسۇت مۇھىتى «مۇرتۇق قىرغىنچىلىقى»دىن ئامان قالغان ۋە يېڭىدىن سەپكە قوشۇلغان پىدائىيلارغا قوماندانلىق قىلىپ لۈكچۈنگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. پىدائىيلىرىنىڭ ئالدىدىكىلىرى يېقىلسا، كەينىدىكىلىرى ئالغان ئىلگىرىلەپ باتۇرلۇق كۆرسەتتى. ئۇلار لۈكچۈن ئەتراپىدا ئىسھاق تاغىنىڭ ياردەمگە كەلگەن پىدائىيلىرى بىلەن ئۇچراشتى ۋە شېڭ شىسەي قىسىملىرىنى لۈكچۈندىن سىقىپ چىقاردى. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي، شېڭ شىسەي ياللىۋالغان باپىنگورت قوماندانلىقىدىكى ئاق ئورۇس قىسىملىرى بېسىپ كېلىپ، بىرلەشمە پىدائىيلار قوشۇننى لۈكچۈن سېپىلى ئىچىگە قاپسىۋالدى. شىددەتلىك جەڭدىن كېيىن  مەخسۇت مۇھىتى قازا تاپتى. ئىسھاق تاغا بىر قىسىم پىدائىيلىرى بىلەن بىللە مۇھاسىرە قامىلىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ تاغ ئىچى بىلەن جىمسار تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

ئابدۇنىياز كامال بىلەن ھىدايى يەنىلا مەجرۇھلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئىشى بىلەن مەلىكە بولۇۋاتاتتى. مەجرۇھلار توشۇلغان ئەڭ ئاخىرقى توقسۇن ھارۋىلىرى ئاقتاش ئۆستىڭى كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا تۇرپان ئويمانلىقى قان دېڭىزى ئىچىدە قالغانىدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق مۇنەۋۋەر كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا جاللاتلارنىڭ قىلىچ سايىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.، دەل مۇشۇ چاغدا شېڭ شىسەي جىمسارغا يۈرۈپ كەتكەن خوجىنىيازغا سۇلھى سىرتماق سېلىش ھىيلىسىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە يۈرۈپ كەتتى. تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ قالدى ئىشلىرى ئاق ئورۇس گېنېرالى باپىنگورتنىڭ قولىغا قالدى. ئۇ، ئالدى بىلەن شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى قولغا ئالدى ۋە ئۆزى بىۋاستە سوراق قىلدى:

— مۇرتۇق، لۈكچۈن ئۇرۇشلىرىغا پىدائىيلارنى ئەۋەتتىڭ؟_ دېدى شائىر جاۋابەن.

— نېمە ئۈچۈن؟

— ۋىجدانىي ۋە ئىنسانىي بۇرچۇم ئۈچۈن.

— شەھەر ئىچىدە ئۆزۈڭ باش بولۇپ قۇرۇلغان مەخپىي تەشكىلاتىڭنىڭ ئىسمى نېمە؟

— «ھەقىقەت، ئىجتىھاد ۋە مەرىپەت».

— مەقسىتىڭ نېمە؟

— ئىنساندەك ياشاش.

جاللات بافىڭگورت دەسلىپىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى بىر ھەيۋە بىلەن ئالدىمدا ئۆمىلىتىمەن، دەپ خام خىيال قىلغانىدى. ئەكسىچە، ئۇ لېۋىنى چىشلىگىنىچە جىمىقىپ قالدى. بىراق، جاللات ھەقىقەتكە قەرزدار ئەمەس، پەقەت قانغا بويالغان قولىدىكى قىلىچقىلا چوقۇنىدۇ. دېمەك، جاللاتلارنىڭ ھەقىقەت چۈشەنچىسى ئەنە شۇنچىلىك.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قاتارلىق مەرىپەت چولپانلىرى قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن پۈتۈن تۇرپان ئويمانلىقى ئاسمىنىنى مۇسىبەت تۇمانلىرى قاپلىغانىدى. يۈرەكلىرىدە ئىنتىقام ئوتى لاۋۇلدىغان مىڭلىغان ئەزىمەتلەر توقسۇنغا توپلىنىپ پۇرسەت كۈتەتتى.

## تۆتىنچى باب

## تاللاش

### 1

مۇرتۇقتا قازا تاپقان ۋە ئېغىر جاراھەتلەنگەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دېھقانلار ئىدى. قوچقار پالۋان يانچۇقىغا سېلىپ كەلگەن خاسىيەتلىك «ئاق تاش» بىلەن مەجرۇھلارنىڭ ئاغرىقلىرىنى توختىتاتتى؛ قازا تاپقانلىرىنى تىزىملاپ بولغاندىن كېيىن يەرلىك تەييارلاپ دەپنە قىلاتتى؛ جېنى بار، لېكىن ماڭالمايدىغانلىرىنى هارۋىلارغا ياتقۇزۇپ ئۇدۇللۇق توقسۇنغا ماڭغۇزاتتى.

ئەڭ ئاخىرقى هارۋىدا ئۆزى ئېلىپ ماڭغان، ئېغىر دەرىجىدە مەجرۇھ بولۇپ ئىككىلا پۇتىدىن ئايرىلغان بىر ياشانغان دېهقان ئاغرىنىپ دېدى:

— تارىخي رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، تەقدىرنىڭمۇ زېرىكىپ قالىدىغان چاغلىرى بولارمىش؛ شۇ چاغدا، ئۇ ئىچى پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن پەلەك چاقىغا يەل بېرىدىكەن-دە، ئاسمان غەزەپلىنىپ ئەرش مالائىكىلىرىگە يارلىق چۈشۈرىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن گۈلدۈرماملار قارسىلداپ، چاقماقلار چاسىلداپ، يانار تاغلار پارتلاپ، بورانلار گۇرۇلدەپ، كەلكۈنلەر دولقۇنلاپ ئالەمنى مالەم قىلىۋېتەرمىش. مۇرتۇقتا بۇ دورەم بىز تەقدىرنىڭ زېرىكىپ قالغان پەيتىگە دۇچ كېلىپ قالغاندەك قىلىمىز.

يارىدار دېهقان ئۆز بېشىغا كەلگەن پالاكەتچىلىكنى تەقدىرنىڭ خاهىشىدىن دەپ قاراپ كۆڭلىگە شۈكرى تەسەللى تاپماقچى بولاتتى. ئاشۇ دېهقاننىڭ تەسەۋۋۇرى ئۆختىسىغا كېلىپ قالغاندەك، ئۇزۇن ئۆتمەي، غەربىي شىمال تەرەپتىن كەلگەن قارا بوران دەرەخلەرنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ، يوغان-يوغان تاشلارنى هەر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ، قۇم-توپىلارنى ئاسمان-پەلەك سورۇپ، يېڭىلا بىخ ئۇرۇپ چىققان زىرائەت مايسىلىرىنى بەربات قىلىۋەتتى.

مانا ئەمدى مۇرتۇق يىغلىقىمۇ، بوران يىغلىقىمۇ ئۆتۈپ كەتكىنىگە بىرنەچچە كۈن بولدى.

قوچقار پالۋان ئۆز هۇجرىسىدا يالغۇز قېلىپ تۇرلۇك خىياللار ئىلكىدە پىكىر سۈرەتتى. ئۇ، مۇرتۇق پاجىئەسىدە قىرىپ تاشلانغان بىگۇناھ قۇربانلارنى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قەتلى قىلىنىشىدەك ئېغىر

مۇسىبەتنى ئاسانلىقچە كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەيتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا يەنە تۈرلۈك-تۈمەن گۇمانىي سوئاللار تىقىلىۋېلىپ قەلبىنى ئازابلايتتى.

بىر مەھەلدىن كېيىن مەرھۇم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئۆزىگە يادىكار قىلغان ھېلىقى قۇتلۇق سوۋغىسى — تېترات بىلەن قەلىمى ئۇنىڭ ئېسىگە كەلدى-دە، دەرھال ئۇلارنى ئاختۇرۇپ تېپىپ كاللىسىغا كىرىۋالغان مەجھۇل سوئاللارنى تۆۋەندىكىدەك خاتىرىلەپ قويدى:

«بۇ زامان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ نېمىشقا پۇقرالارنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرى بىلەن كارى بولمايدىغاندۇ؟ نېمىشقا جاھالەت دېۋىلىرىنى قوغداپ، مەرىپەت ئاشىقلىرىنى دەپسەندە قىلىدىغاندۇ؟ نېمىشقا ھېلىقى ئاق ئورۇس دەيدىغان ئەجنەبىيلەر زېمىنىمىزغا كېلىپ يەرلىك پۇقرالارنى قىرىشقا كۈچەپ كېتىدىغاندۇ؟..»

مۇشۇنداق چىگىش خىياللار ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى غىدىقلاپ، ئوغىسىنى قاينىتىپ كۆڭلىگە ئارام بەرمەيتتى. ئۇ ئەمدى يىراق-يېقىنغا بېرىشنى قويۇپ، ئاشۇ كىچىككىنە ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ يۇقىرىقىدەك ئېچىتقۇ ھېسسىياتلار بىلەن ئەمەك بولاتتى.

بىر كۈنى ئاستانىدىن چېكىنىپ توقسۇندا ۋاقىتلىق چۈشكۈن بولۇپ تۇرۇۋاتقان سەركەردە مەھمۇت مۇھىتىدىن ئۇنىڭغا بىر پارچە چاقىرىق خېتى كەلدى، ئۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان سەركەردىنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ باردى. سەركەردىنىڭ بۇ ۋاقىتلىق شتابىدا ئۇنى زىيارەت قىلىپ كەلگەن ئوتتۇرا ياش قورامىدىكى بىر كىشى پاراڭ سېلىپ ئولتۇرغانىدى.

قوچقار پالۋان سالام بەجا كەلتۈرۈپ بولۇپ ئىززىدا ئېھتىرام بىلەن تىك تۇردى، سەركەردە ئۇنى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى ۋە يېنىدا ئولتۇرۇپ پاراڭ سېلىۋاتقان ھېلىقى كىشىگە بېشارەت بېرىپ:

— خوش، تەقسىر، باقىنىياز ھاجىم، قېنى ئايىغىنى بىمالال سۆزلەۋەرسىلە. بۇ كەلگەن يىگىت ئۆزىمىزنىڭ بالىسى. بۇ قېتىمقى مۇرتۇق يېغىلىقىدا بۇ يىگىت كاتتا خىزمەت كۆرسەتتى. مەن ئۇنى دولانغا بىللە ئەكەتمەكچىمەن...،— دېدى.

— ئاكامنىڭ تەنتەكلىكىدىن بىئارام بولۇۋاتىمەن. ئۇ زادىلا گەپ يېمەس بولۇپ كەتتى. ھازىر «ھاۋانى تۇمان باستى، ئاينى كۆرگىلى بولماس» دېگەن ناخشىدەك ئىش بولۇۋاتىدۇ. ئاخىرىنى تەڭرىم ئۆزى بىلەر. بۇ زېمىن قانغا بويىلىدىغان بولدى... خوش، گېپىم تۈگىدى، ۋەسسالام. جانابىي ئاللا قالغانلىرىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ئامىن...،— دېدى.

سەركەردە باقىنىياز ھاجىنىڭ گېپىنى زەن قويۇپ ئاڭلايتتى. لېكىن ئۆزى لەۋزە سۈرمەيتتى. پاراڭ ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، باقىنىياز ھاجىنى شتاب ئىشىكى ئالدىغىچە ئۆزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرگەندىن كېيىن قوچقار پالۋانغا قارىتىپ:

— دولان تەرەپكە سەپەر قىلىمىز، باشقا تالاش يوق، سىزمۇ بىرگە...،— دېدى.

شۇنداق قىلىپ سەركەردىنىڭ شتابىدىن ئاشۇ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ قايتىپ چىققان قوچقار پالۋان ئۆدۈل هۇجرىسىغا يېنىپ كەلدى ــ دە، هۇجرا ئىشىكىنى ئىچىدىن ئىلىپ قويۇپ يېڭىدىن قوشۇلغان «تاللاش خىياللىرى» ئۇستىدە ئۆزى بىلەن مۇڭدىشىپ كەتتى:

«دۇرۇس، چۈشەندىم، تۇرپان ئويمانلىقىنى تاشلاپ ياقا جايلارغا هىجرەت قىلىمىزكەن، بولدى مەن بۇ تاللاشقا قوشۇلىمەن، ئادەملەر هەرخىل تەبىئەتلىك بولىدۇ. بەزىلەر كۆرەش قىلىدۇ، بەزىلەر سۈكۈت قىلىدۇ، بەزىلەر ئاسىيلىق قىلىدۇ. مەن ئۆزۈمنى ئاشۇ بىرىنچى خىلغا مەنسۇپ يارالغان دەپ هېسابلايمەن.»

دېمەك، قوچقار پالۋان تاللاش مەسىلىسىدە ئارىسالدى بولماسلىق قارارىغا كەلگەنىدى. ئۇ شۇ تاپتا ۋۇجۇدىدا بىر خىل يېنىكلىك ۋە جاسارەت پەيدا بولغانلىقىنى هېس قىلاتتى. ئۇ پەخىرلەنگەن هالدا هۇجرىسىدىن قورۇ هويلىسىغا چىقىپ ئېگەرلىك ئات بوز ئېتىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ، ئاتنىڭ يۈزىگە سۆيەتتى، يايلىسىنى ۋە سېمىز ساغرىسىنى سىيلايتتى، تۇلپارنىڭ قۇلاق ۋە ماڭلايلىرىنى بارماقلىرى بىلەن يۇمشاق تارايتتى. دۈلدۈل بولسا قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ قوچقار پالۋانغا مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى.

«ئاڭلاپ تۇرغىن، دۈلدۈلۈم،ــ دېدى قوچقار پالۋان ئاتنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ،ــ بىز ئىككىمىز يەنە سەپەرگە ئاتلىنىمىز؛ داۋانلار ئاشىمىز، گاھ هۇ كېچىمىز، گاھ ئوت كېچىمىز، سەن رىۋايەتلەردىكى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ دۈلدۈلى. مەن بۇ رىۋايەتنى يۇلتۇز يايلىقىدا مەرهۇم شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇردىن ئاڭلىغان. بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز قىسمەتداش هەم تەقدىرداش بولىمىز. بىر-بىرىمىزدىن ئايرىلالمايدىغان ۋاپادار دوستلاردىن بولىمىز...

قوچقار پالۋان بىلەن ئاق بوز ئاتنىڭ سۆهبىتىگە هىدايى ئۆلگۈرۈپ كەلدى-دە، سۆز قىستۇرۇپ:

ــ مەن هازىر سېنىڭ ئاق بوز ئاتقا قىلغان پاراڭلىرىڭنى تولۇق ئاڭلىۋالدىم. نېمىلەرنى دەپ يۈرىسەن، بىر يەردىن ساڭا بۇيرۇق كەلدىما، قېنى مەنمۇ سېنىڭ جانجىگەر ئاغىنەڭغۇ، مەنمۇ ئاڭلاپ باقايچۇ؟ــ دېدى.

قوچقار پالۋان ئاغىنىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كۈلكىسىنى توختىتىپ بولۇپ جاۋابەن:

ــ توغرا ئېيتىسەن، سەن مېنىڭ جانجىگەر ئاغىنەم، مەن سەندىن سىر يوشۇرۇپ باققان ئەمەس. مەن هېلىراقتا سەركەردىنىڭ شتابىغا بېرىپ كەلدىم ئۇ يېقىن ئارىلىقتا ئالتە شەهەرگە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى، بىزنىڭمۇ بىرگە بېرىشىمىزنى ئۇقتۇردى. بۇ ئىشنى ساڭا كەچتىرەك ئاڭلىتاي دەپ تۇرغانتىم. مانا هازىر ئۆزۈڭ يېتىپ كېلىپ مېنىڭ يولۇمنى قىسقارتتىڭ. بۇ دورەمدىكى سەپەردە ماڭا هەمراھ بولمىساڭ كۆزۈم ئارقامدا قالىدۇ؛ سېنى ئارقىسىغا تارتىشمايدۇ، دەپ ئىشىنىمەن. سېنىڭچە قانداق؟ــ دېدى.

ــ مېنىڭمۇ ئارقىغا تارتىشىدىغان هېچنېمەم يوق، ئەمما سېنىڭ بارغۇ، ئۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟

هىدايى ئاغىنىسىنىڭ دەل نازۇك يېرىدىن تۇتۇۋالغانىدى. ئابدۇنىيازنىڭ يۈرىكىدە شۇ تاپتا بىردىنلا بىر ئىسسىق يوشۇرۇن ئېقىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە باشلىغانلىقى بەلگە بېرىپ تۇراتتى. ئۇ سۈكۈت ئازابىدا خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. دەقىقە ئۆتكەندىن كېيىن دوستى هىدايىغا قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— بۇرادىرىم، زەن قويۇپ ئاڭلا، مەن مەرھۇم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا ۋە سەركەردىمىزگە بەرگەن ۋەدەمدىن يانمايمەن. ۋىجدان چاقىرىقىغا ئاسىيلىق قىلالمايمەن. مانا بۇ مېنىڭ ئاخىرقى قارارىم.

ھىدايى بولسا دوستى قوچقار پالۋاننىڭ مىجەز خاراكتېرىنى ئېنىق بىلگەچكە، ئىككىلىنچىلەپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدى. ئاردا يەنە بىرمەھەل جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىغا قاياقتىندۇر كامال قەرەن ئاكىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى.

كامال قەرەن ئەللىك ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، پاكار، مىجەزى چۇس كىشى ئىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ ئۇن-تىن چىقارماي مۇرتۇۋق يېغىلىقىغا كېتىپ قالغىنىدىن كايىپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى لايىقى پاتمەنى تاشلاپ دولان تەرەپكە كەتمەكچى بولغىنىنى ئاڭلاپ ئەرۋاھى ئۆرلەپ، سەپراسى تاشماقتا ئىدى. «ئېگىزنىڭ ئاچچىقى كەلگۈچە پاكارنىڭ جېنى چىقىپتۇ» دېگەندەك چۇس مىجەز بۇ ئادەم ئۆزىگە ئەمدى ھاي بېرەلمەي قالدى. شۇڭا، ئۇ ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى پەردىشەپنى بىر چەتكە قايتىپ قويدى-دە، توي توغرىسىدا ئېغىز ئېچىپ ئوغلىنى چېكىپ كۆرمەكچى بولدى:

— بىر ئىشنى سەمىڭگە سالاي دەۋاتىمەن، ئوغلۇم، ئاناڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئۈزۈن يىللار بولدى. يېشىڭمۇ، بويۇڭمۇ ئۆسۈپ يۇرتنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدىڭ! سېنى ئۆيلەپ قويۇش مېنىڭ گەدىنىمدىكى قەرز. بۇ قەرزنى ئادا قىلىۋەتمىسەم ئاناڭ رەھمەتلىكنىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن. ئەگەر ئاناڭ رەھمەتلىكنىڭ روھىنى رازى قىلىمەن دېسەڭ، نىكاھ قەرزنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن قالغان ئىشلار تەقدىر پېشانەڭگە پۈتۈلگىنىچە بولسۇن. ئەگەر سەن يەنە گەدەنكەشلىك قىلىپ تۇرۇۋالساڭ راستتىنلا بىزگە ھار كېلىدۇ. مەن ئۆزۈم سەركەردىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ بۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلمىسام بولمايدۇ...

— بولىدۇ، ئاتا،— دېدى ئابدۇنىياز جاۋاب بېرىپ،— سېنىڭ كۆڭلۈنى چۈشەندىم، ئاغىنەم ھىدايى ئارقىلىق بۇگۈن كەچكىچە ئېنىق پىكرىمنى ساڭا يەتكۈزۈمەن. سەن خاتىرجەم ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەر...

كامال قەرەن ئۆز كۆڭلىدە بالامنى كۆندۈردۈم، دېگەن رازىمەنلىك ھېسسىياتى بىلەن ئورنىدىن قوزغىلىپ، ئۆز ئىشىغا يۈرۈپ كەتتى.

## 3

كىچىك يەردە، ئادەملىرى سەگەك مەھەللىدە سىر ساقلاش قىيىن. دولان سەپىرى ۋە توي پاراڭلىرى ھايت-ھۇيت دېگۈچە كوچا-كويلاردا «ئەڭ يېڭى خەۋەر» بولۇپ تارقالدى ۋە قوچقار پالۋاننىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ قويدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ھىدايى كەسكىن تەلەپپۇزدا سورىدى:

— قانداق، ئويلاندىڭمۇ، ئاتاڭغا نېمىدەپ جاۋاب بەرسەڭ مۇۋاپىق بۇلار. بۇگۈن گەپنى ئۈزۈۋەت، ئاداش...،— دېدى.

كەسكىنمىجەزلىك قوچقار پالۋان تونۇگۈن بىر كېچە ئويلىنىپ بىر قارارغا كەلگەنىدى. ئۇ، ئىنىق جاۋاب بېرىپ دېدى:

— مەن ئەمدى بىر قارارغا كەلدىم. ئاتامنىڭ سۆزىنى رەت قىلسام، ئانام رەھمەتلىكنىڭ روھى قورۇنىدىكەن. دولان سەپىرىنى رەت قىلسام، مەرھۇم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ روھى قورۇنىدىكەن. ئاتامنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقسام، توي قىلىپ نىكاھ قەرزى ئادا بولغاندىن كېيىن دولان سەپىرىگىمۇ رازى بولىدىغاندەك قىلىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا ئىككىلا تەرەپ تەڭ رازى بولىدىكەنمىز. بۇ ئىشنى مۇشۇ يوسۇندا قاملاشتۇرالىساق بەك ياخشى بولاتتى، بۇرادەر.

ھىدايى دوستىنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى ۋە مەمنۇنلۇق بىلەن دېدى:

— بارىكاللا، يارايسەن، دوستۇم، «ئاتا رازى، خۇدا رازى» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بىكار چىققان ئەمەس. مەن بۇ خۇش خەۋەرنى ھازىرلا كامال ئاكىغا يەتكۈزەي. بىز بۇ توينى ھەشەمەت قىلماي، داۋراڭ سالماي ئاددىي ئۆتكۈزىمىز. توي ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەن ساڭا شۇنداق ۋەدە بېرىمەنكى، دولان سەپىرىدە مەن سەن بىلەن بىرگە بولىمەن. ئوتقا كىرسەڭمۇ، سۇغا كىرسەڭمۇ سېنىڭدىن ئايرىلمايمەن.

شۇنداق قىلىپ بۇگۈنكى ئوڭۇشلۇق ۋە كۆڭۈللۈك سۆھبەت قوچقار پالۋان بىلەن پاتمەنىڭ توي مەرىكىسىنى تېزلەتتى. ھىدايىنىڭ ئەلچىلىكى بىلەن ئىككى ياشنىڭ تويى — باھار مەۋسۇمىنىڭ ئالتۇن قۇياشى چاقناپ تۇرغان، زېمىننى لالىزارلىق قاپلىغان، بوستانلاردا باھار قۇشلىرى سايرىشىپ تۇرغان مەزگىلدە كۆڭۈللۈك ئۆتتى.

بىراق، كۇنلەر، ھەپتىلەر ئۆتكەنسېرى دولان سەپىرى كېچىكىپ قوچقار پالۋان تىت-تىت بولاتتى. ئۇ ئىچى پۇشسىلا ئېگەرلىك ئېتىنىڭ قېشىدىن نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ پاتمە بىلەن بىرگە بولغان ۋاقتىدىن ئېگەرلىك ئات بىلەن بىرگە بولغان ۋاقتى كۆپ بولغانسېرى پاتمەنىڭمۇ قورسىقى كۆپەتتى. پاتمەنىڭ ئاتىسى ئابدۇللا رەئىس ئاشۇ زاماننىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلىرىدىن بولۇپ، ئەينى چاغدىكى ئېقىم مەسىلىلىرىنى كۇيئوغلىدىن پىششىقراق بىلەتتى. شۇڭا ئۇ، كۇيئوغلىنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈپ جەنۇبقا كېتىشكە قوشۇلمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنى بىھۇدە قاراملىق ۋە تەۋەككۇلچىلىك دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ كۆزقارىشىنى تويدىن كېيىن ئۆز ئۆيىدە ئۆتكۈزۈلگەن «چىللاق چېيى» پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ دارتىپ ئۆتتى:

— ئىسھاق تاغامىۇ، ئۇچۇپ قويۇپ چۇشەر يېرىنى بىلەلمىگەن قارتۇرۇك ئادەمكەن. ئاۋۋال ما جەمەتىنىڭ قىسمىلىرىنى باشلاپ چىقىپ دوست بولۇپ شىڭ جەمەتىگە قارشى چىقتى. ئەمدى بولغاندا شىڭ جەمەتى بىلەن ئاياق-چاپاق بولۇپ، ما جەمەتىگە قارشى سوقۇشۇۋاتىدۇ. بۇ بىر يامان ئاقىۋەتتىن بېشارەت بېرىدۇ. ئايىغىغا كەلگەندە بۇ قانلىق پاجىئەدىن ھېچكىممۇ ساق قالالماسلىقى مۇمكىن، دەپ ئەندىشە قىلىمەن. ئالدى-كەينىنى ئويلىمايدىغان قارام ئادەملەر ئاخىر بېرىپ «باتۇر ئوق يەر، باللىرى يوق يەر» دەيدىغان ئاقىۋەتكە قېلىشى مۇمكىن.

ئابدۇللا رەئىس ئارقىدىن سۆز تىزگىنىنى تارتىپ، مېھمانلىرىنى مەزەگە تەكلىپ قىلاتتى. ئۇ بار سورۇندا ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئېغىزىغا قارايتتى. ئۇنىڭ «رەئىس» ناملىق تەخەللۇسىمۇ «سورۇن باشقۇرغۇچى سۆزمەن كىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى يۇقىرىقى تەھلىلى ئەينى زامان رېئاللىقىنىڭ

ئىنكاسى بولغاندىن سىرت، ھەممىدىن مۇھىمى كۆيئوغلى قوچقار پالۋاننى جەنۇب سەپىرىدىن يالتايتىپ، ماڭغۇزماسلىقنى مەقسەت قىلاتتى. ئۇ، قىزى پاتىمەنىڭ تۇل بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى.

«چىللاق چاي» ئاياغلىشىپ ھۇجرىسىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قوچقار پالۋان ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇراپ، ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دەپ ئۇزۇنغىچە بىئارام بولۇپ كەتتى.

«دېمەك، بۇ توي ـــ ماڭا قۇرۇلغان قاپقان، ماڭا تاشلانغان سىم تۇر ئىكەن-دە» دەيتتى ئۇ ئىچىدە ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ.

بۇ گادىرماچ خىياللار بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى ئازابلانغانسېرى پاتىمەدىنمۇ كۆڭلى سوۋۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئات مەستانىلىكى كۆچىيىپ پاتىمەگە چىراي ئاچمايدىغان، ھەتتا تەلەتىگە قارىمايدىغان بولۇۋالدى.

پاتىمە نومۇستىن خورلانغانسېرى ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق ھېس قىلاتتى. لېكىن، ئۇ چىدامىلىق ۋە جۈرئەتلىك قىز ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ غەيرەتكە كېلىپ كۆڭلىدىكى تۈگۈننى يېشىۋېلىش ئۈچۈن ئېرىگە يۈرەك سۆزىنى ئوچۇق دېدى:

ـــ سىز خەيناخا ئاتامنىڭ چىللاق چېيى ئۈستىدە قىلغان سۆزىدىن ئاغرىنىپ يۈرۈۋاتىسىز. ئۇ، سىزگە قارىتىلغان سۆز ئەمەس. سورۇندىكى ھەممىلا كىشى ئاڭلاشقا تېگىشلىك سۆز. بۇ ھەتتا تويىمىز بولۇشتىن بۇرۇنمۇ ھەمىشە بولۇنۇپ كېلىنگەن سۆز. مۇشۇ كۈنلەردە جاھاندا بولۇۋاتقان ئىشلار ئۈستىدە كىممۇ سۆزلىمەي تۇرالايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشلار ئەتراپىمىزدىلا يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتامدۇ؟ مۇرتۇق قىرغىنچىلىقى ھەممىلا كىشىنى چۆچۈتىۋەتتى. دېمىسىمۇ ھازىر ئۇۋ مەرگىنىدىن ئەقىل مەرگىنى ئۆتۈپ چىقتى. ئۇۋ مەرگىنى ھازىر ئەقىل مەرگىنى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ ئۆزىنىڭ ئىختىياردىشى بىلەن ئۇرۇش باشلىدى. بۇ پاجىئەلىك ئاقىۋەتنى ھازىر ھەممە ئادەم ھېس قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، ئىككىمىزنىڭ تويى سىزنىڭ دولان سەپىرىڭىزگە پۇتلىكاشاڭ بولمايدۇ، سىز كىتىۋېرىڭ، مەن كۈتۈپ تۇرىۋېرىمەن.

پاتىمە ئىچكى ھېسسىياتىنى تۆكۈپ مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، ھېلىغىچە مەنسىتمەسلىككە سېلىپ، بېشىنى چۆمكەپ يېتىۋالغان يىگىت تەسىرلەنگىنىدىن ئاستا سوزۇلۇپ ئورنىدىن تۇردى-دە، بىردىنلا خوتۇنىغا چىراي ئېچىپ ئۇنىڭ سۆزىنى داۋاملىق ئاڭلاشقا قىزىقتى ۋە:

ـــ قېنى داۋاملاشتۇرۇڭ، قۇلىقىم سىزدە...ـ دېدى.

ـــ بولىدۇ، سىز «خۇي قىلمىسىڭىز، ماي تارتىپ تەتۇر قارىۋالمىسىڭىز، بىزنىمۇ ئەقلى-ھوشى باردۇر» دەپ چاغلىسىڭىز مەن سۆزلەۋېرىمەن،ـ دېدى پاتىمە ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،ـ بىز ئەسلىدە بىر-بىرىمىزگە كۆيۈمچان تۇغقانلاردىن ئىدۇق، ھازىر نىكاھ نېسىپ بولۇپ ئەر-خوتۇن بولۇشتۇق. كۆيۈمچان تۇغقان، تەقدىرداش ئەر-خوتۇن سىر يوشۇرۇشسا بولمايدۇ-دە، مەن ھېلى دېگەن گېپىمنى قايتا تەكرارلاپ ئولتۇرمايمەن. سىز تەرسالىق قىلماي سۆزۈمنى ئوبدانراق ھەزىم قىلىپ كۆرۈڭ. قالدى گەپنى باشقا بىر كۈنى يەنە سۆزلىشەيلى.

قوچقار پالۋان بۇگۈنمۇ ئادىتى بويىچە ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاق بوز ئېتىغا بوغۇز بېرىش بىلەن بەند ئىدى. ئۇنىڭ ئوچۇق پاكىز تازىلانغان قوناق بوغۇزنى ئۆلچەم بىلەن تورغۇت تۇۋرىسىغا سېلىپ ئاتنى بوغۇزلاندۇرۇش، ئاتنىڭ قۇيرۇق مويلىرىنى تاراپ تۇرۇش ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى. ئۇ، بۇ ئىشىدىن مەست بولۇپ كۆپ ھاللاردا تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇ بۇگۈنمۇ ناشتىسىنى ئۇنتۇپ، يەنىلا ئاتنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇراتتى. شۇ چاغدا ھىدايى پەيدا بولدى-دە، ئۇنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كېلىپ سورىدى:

— ناشتا قىلدىڭمۇ؟

— پاتمە ئۆيدە بولمىسا.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابى ھىدايىغا غەلىتە ئاڭلاندى.

— نېمە دېدىڭ، يەنە بىر دېگىنە؟— سورىدى ھىدايى.

قوچقار پالۋان دوستىغا قېيناتىسى ۋە پاتىمەنىڭ ۋەزىيەت توغرىسىدىكى سۆز پاراڭلىرىنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، ھىدايى جاۋابەن:

— بوپتۇلا، «سۆزنىڭ سۆڭىكى يوق» دەيدىغان تەمسىل بار. بۇ گەپلەر مەشەدە قېلىپ تۇرسۇن، بىز ئاۋۋال ناشتا قىلىۋالايلى. ئاندىن ئاقتاشقا بېرىپ ئۇستازىمىز موللا زاكىر خەلپىتىمدىن ھال سوراپ كېلەيلى. ئىچىمىز يورۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، سەنچە قانداق؟— دېدى ئۇنىڭغا مەسلىھەت بېرىپ.

قوچقار پالۋان ماقۇل بولدى. ئىككىيلەن قورۇدىن چىقىپ، ئۇدۇل موللا زاكىرنىڭ قورۇسىغا كىردى.

مولا زاكىر خەلپىتىم قورۇسى ئىچىدە كەڭ كەتكەن تەك باراڭلىقى ئاستىدىكى سۇپا ئۇستىگە سېلىنغان تەڭلىماتتا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان پېتى قىزىل كۆن مۇقاۋىلىق بىر چوڭ كىتابتىن كۆزىنى ئۈزەلمەي، كىتاب ئىچىگە چوڭقۇر چۆكۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاشۇ كۈنلەردە ئەمدىلا ئەللىك ياشلار قارىسىنى ئالغان، ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈز، بېشىغا قىش-ياز نېپىز سەرپۇش، ئۇچىسىغا تىزىنى سەل بېسىپ چۈشىدىغان ئاق يەكتەك كىيىپ يۈرىدىغان خۇش پېئىل ۋە ئاقتاش مەھەللىسى بويىچە ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشى ئىدى.

ئابدۇنىياز كامال بىلەن ھىدايى ئۇستازغا ھۆرمەت سالىمىنى بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن مولا زاكىر خەلپىتىم دەرھال كىتابتىن كۆزىنى ئۈزۈپ ئورنىدىن تۇردى-دە، شاگىرتلىرى بىلەن تىنچلىق سورىشىپ ئۇلارنى سۇپا ئۇستىگە تەكلىپ قىلدى.

ئۇلار ئۆزئارا ھاۋارايى ۋە مەئىشەت سەۋدايى توغرىسىدا مۇڭداشقاندىن كېيىن مولا زاكىر سۆھبەت تېمىسىنى يۆتكەپ ئابدۇنىياز كامالدىن سورىدى:

— كىچىككىڭىزدە مەكتىپىمىز قورۇسىدا باللارغا يادقا ئوقۇپ بېرىدىغان «كۆللى نەۋايى» نەزمىلىرى ھېلىھەم ئېسىڭىزدىمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئېسىمدە، — دېدى ئابدۇنىياز، — ئۇستازىمىزنىڭ تەلىمى قەلبىمىزگە مۆھۈر باسقاندەك مەھكەم ئورناشقان. مۇبارەك لەۋزىلىرىگە بىنائەن پېقىر شاگىرتلىرى «كۇللى نەۋايى»دىن تۆۋەندىكى نەزمىنى يادقا ئوقۇيمەن:

پېقىر ئەھلىگە پادىشاھ موھتاج،

ئەيلەر كىم شاھقا گادا موھتاج.

يارغا بىلگەچ ئېھتىياجىمنى،

كىمىسىگە بىلمىدىم يەنە موھتاج.

......

— بەللى، بەللى، — دېدى زاكىر موللا نەزمىدىن تولىمۇ ھۇزۇرلىنىپ، — بۇ شېئىردىكى ھېكمەت تولىمۇ چوڭقۇر مەنىلىك، پۇقرا بىلەن ھاكىمىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاجايىپ بىر دانالىق بىلەن يېشىپ بەرگەن.

ئابدۇنىياز كامال ئۇستازىنىڭ يەشمىسىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ زاكىر موللامدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

موللا زاكىر ئۇستاز شەرھى بايانىنى داۋاملاشتۇردى:

— پۇقرا مەڭگۈلۈك دائىرىدە، ھاكىمىيەت نىسپىي دائىرىدە ئايلىنىدۇ. ئالدىنقىسى كۇللى ئۇقۇم، كېيىنكىسى جۇزئىي ئۇقۇ. كۇللى ئىختىيار پۇقرا قولىدا، جۇزئىي ئىختىيار دەۋران قولىدا، دەۋران — يۆتكىلىپ تۇرغۇچى، پۇقرا — باقىي مۇتلەق خوجايىنى. قەلەم تۇتقان، ئەلەم تۇتقان ھۆكۈمدارلار نەپرەت جازاسىدىن ئۆزىنى ساقلايمەن دېسە، پۇقرىدىكى ئەقىل تارازىسىنى ھەرىكەت ئۆلچىمى قىلسا بولىدۇ. بايىقى نەزمىنىڭ ھەقىقىي تەبىر ئەنە شۇ.

ئىلمىي سۆھبەت قىزىپ باراتتى. پېشىن نامىزىنىڭ ۋاقتى قىستاپ قالغاچقا، ئۇلار ئايرىلىشقا كۆزلىرى قىيىشماي مىڭ تەستە ۋىدالاشتى.

ئابدۇنىياز بىلەن ھىدايى داموللام يېنىدىن ئەمدىلا ئايرىلىپ كوچا بېشىغا بېرىشىغا تەڭ، توقسۇن بازىرىغا كۆچۈپ كېلىپ ئۇيغۇرلىشىپ قالغان ۋاڭ نىياز ئىسىملىك يىگىت بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇچەيلەن بىرلىكتە رەستىدىكى بىر ئاشخانىدا ئورۇۋقلانغاندىن كېيىن مۇڭداشقىلى ئۆستەڭ بويىچە قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئۆستەڭ بويىدىكى خالىيراق بىر دەرەخنىڭ تۈۋىگە بېرىپ ئولتۇرۇشتى-دە، ئېچىلىپ-يېيىلىپ پاراڭغا چۈشتى.

ۋاڭ نىياز ئەسلى بەشبالىق (جىمسار) غا كېلىپ تۇرۇپ قالغان كۆچمەن تىجارەتچىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئاتىسى جىن شۇرېن چېرىكلىرى تەرىپىدىن بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. يېتىم قالغان ۋاڭ نىياز

تۇقسۇنغا قىچىپ كىلىپ مەدىكارلىق بىلەن جان باققان. مۇشۇ جەرياندا ئابدۇنىياز كامال بىلەن تونۇشۇپ، ئىسمىنىمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاشتۇرۇپ ۋاڭ نىياز قىلىۋالغانىدى.

ــــ قېنى سۆزلە، بۇرادەر، ئۇ يەرلەردە نېمە گەپ بار؟

ۋاڭ نىيازنىڭ يېقىندىلا بەشبالىقتا بىرىپ يېڭىلا كېلىپ تۇرۇشى ئىدى. ۋەزىيەت ئۆزگىرىشكە تەقەززا بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئابدۇنىياز كامال ئۇچۇر ئىگىلەش غەرىزىدە ئۇنىڭدىن سورىدى.

ــــ نېمە گەپ بولاتتى،ــ دەپ سىر تۆكۈشكە باشلىدى ۋاڭ نىياز،ــ زامان تەتۈر چۆرگىلەۋاتىدۇ، پەلەك ئويۇن ئويناۋاتىدۇ، بەشبالىقتا نەگىلا بارساڭ شۇ گەپ. لۈكچۈندىن قېچىپ بەشبالىق بارغان ئىسھاق تاغام ــــ ئۆزى تەكلىپ قىلىپ ئاچىققان ما جەمەتى قىسىملىرى بىلەن بۇزۇلۇشۇپ شېڭ جەمەتىنىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ بوپتۇ. ماڭا ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنىڭ ئېغىزىدا شۇلا گەپ. ئۇ يەردە بىر مەخپىي قىمار ئوينىلىپتۇدەك، قالغىنى تەڭرىگە ئامانەت.

ئابدۇنىياز كامال شۇ تاپتا بۇرادىرىنىڭ تىلىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئۇچۇرنىڭ قېيناتىسى ئابدۇللا رەئىسنىڭ دېگەنلىرى بىلەن ئوپمۇ-ئوخشاش چىقىۋاتقانلىقىدىن ھەيران قېلىۋاتاتتى.

ــــ ئۇنداقتا، بىز ئەمدى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ــ دېدى ھىدايى سوئال قويۇپ.

بۇ سوئال ئۇزۇنغىچە جاۋابسىز قالدى. ھەممەيلەن سۈكۈت ئىچىدە يەنە جىم ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا ھېسسىيات قىزغىنلىقى ئەمەس، ئەقىل-ئىدراك مۇھاكىمىسى غۇلغۇلا قوزغىماقتا ئىدى.

ــــ بىزگە ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى، ئاغىنىلەر. ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كېيىن كۆرەرمىز. مېنىڭ يۈرىكىمدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغا بەرگەن ۋىجدانىي قەسەم ئىسيان قوزغاپ كېلىۋاتىدۇ. بىز بىرەر مىللەتكە قارشى تۇرمايمىز، بىز پەقەت چىرىگەن ئەمەلدارلار قاتلىمىغا قارشى تۇرىمىز، ئېزىلگەن كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ كۆز يېشى ئۈچۈن جان پىدا قىلىمىز، بىز دولان تەرەپكە، جەنۇبقا بارايلى، يا سايرامدىن چىقارمىز، يا قايىنامدىن...

قوچقار پالۋاننىڭ بۇ تەكلىپ پىكرىگە ھىدايى بۇرۇنلا قوشۇلغانىدى. ۋاڭ نىياز ئۈچۈن بۇ سۆزلەر يېڭىلىق ۋە تاسادىپىيلىق بىلەن تۇيۇلدى. لېكىن، ئۇنىڭ كەيىنگە تارتىشىدىغان بۇ يەردە ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇ قوچقار پالۋاننىڭ لەۋزىنى ھەرقانداق ئەھۋالدا يەرمايتتى.

ــــ بولىدۇ، مەنمۇ سەن باشلىغان كېچىككىنە كىرىمەن،ــ دېدى ۋاڭ نىياز جاۋابەن،ــ «توپتىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر» دېگەن گەپ بار. مەن سىلەردىن ئايرىلمايمەن. ئاقتاشتا مۇنداق بىر تەمسىل بار: «ۋاڭ نىياز چامباش، ھىدايى يوغان باش، ئابدۇنىياز تۇمار تاش، ئۇلار ئىكەن چىن ئاداش...».

ۋاڭ نىيازنىڭ يۈرەك سۆزى بىلەن قوشۇپ ئېيتقان بۇ چاقچىقى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. ۋاڭ نىياز تۇقسۇن شېۋىسىدە سۆزلەشكە، ھەزىل چاقچاقلارغا ماھىر ئىدى. ئۇ، سۆھبەت كەيپىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن يەنە چاقچاق باشلاپ دېدى:

ــــ دوستۇم قوچقار پالۋان، مېنىڭ بۇ سەپكە قاتنىشىشىمنىڭ ساڭا ئىككى چوڭ خاسىيىتى بار. بىرىنچى، جەنۇبتا بۇلۇڭ تۈگەپ كېتىپ قېلىپ، ئامباللارنىڭ يېنىغا كىرىپ پۇل تەلەپ قىلساڭ، مەن ساڭا تىلماچ بولۇپ

بىرىمەن. ئىككىنچى، سىپىڭدە مەن بولغىنىم ئۈچۈن شىڭ جەمەتى سىنى ھەرگىزمۇ پالانچى، پوكۈنچى دەپ ئەيىبلىيەلمەيدۇ. قانداق، مىنىڭدىكى خاسىيەت بوينۇڭدىكى تاش تۇماردىن قىلىشمايدۇ دىگىنە.

ۋاڭ نىيازنىڭ بۇ ئەپچىل چاقچىقىدىن چىققان كۈلكە ساداسى ئاقتاش ئۆستەڭ بويىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى.

## بەشىنچى باب

## ھىجران ناخشىلىرى

ھىجران ــ سۆيگۈنىڭ سىناق ئۆتكىلى.

ــ نەۋائىي

### 1

شۇنداق قىلىپ ھىجران سەپىرى يىقىنلاشماقتا ئىدى.

قوچقار پالۋان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى سەپەر ئارغىماقلىرىنى تاقىلاتتى، ياراغ ۋە ئوزۇق-تۈلۈكلىرىنى تەق قىلىشتى. ئاقتاشتا بۇ سىرنى ھىچكىممۇ سىزەلمىگەنىدى. لىكىن بۇ سىرنى قوچقار پالۋاننىڭ خوتۇنى ــ چىچەن پاتىمە ئاللىقاچان سىزىۋالغانىدى. بىراق، ئۇ، ئىرى تاللىغان يولغا ئاخىر قايىل بولدى.

ئاۋغۇستىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، شەنبە كىچىسى، تۈن نىسپى بولغان چاغ؛ ھاۋا سالقىن، ھەممە ياق جىمجىت؛ ئۈكەر يۇلتۇزى ئىۋىرغول تاغلىرى تەرىپىگە پەسەيگەن ئەسنادا ئۈچ چەۋەنداز ئارغىماقلىرىغا مىنىشتى-دە، ئارغىبۇلاق داۋىنىغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. پاتىمە يۈرەك سۆزىنى ئىزھار قىلغان بىر پارچە خەتنى ۋە بىر كىچىك خالتا توقاچنى ئۆز قولى بىلەن ئىرىگە تاپشۇرۇپ بەرگەن پىتى كۆز يىشى قىلىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلار توي قىلىپ ئارانلا بىر-ئىككى ھەپتە بىللە ئۆتكەن. مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ھىجران قىسمەتلىرىنىڭ يىڭى سەھىپىسى باشلاندى.

قوچقار پالۋان مىنىپ ماڭغان قوش باش ئېگەرلىك يولتوز دولدۇلىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇچۇن يىگىت ئارغىبۇلاق تاغ داۋىنىغا ياماشقاندا تاڭ يورۇغانىدى. كۆن تاغلارنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئەتراپنى گۇگۇم پۈركىگەندە، كۈمۈشنىڭ ئۇزۇن ساي يولىنى كەينىدە قالدۇرۇپ ئۈششاقتالغا يېقىنلاپ ياردى. ئارغىماقلارنىڭ قولاق-بويۇنلىرىدىن تەر تامچىلىرى توختىماي چېپىلداپ ئېقىپ تۇراتتى. مەخپىيەتلىك شەرت بولغاچقا يول ئۈستىدە كېچىسى سۆزلىشىش مەنئى قىلىنغانىدى. ئىككىنچى كۈنى ناشتىدا ھىدايى ئېغىز ئېچىپ دېدى:

— قولىمىزدا ياراغ بارغۇ، نېمىدىن قورقاتتۇق، ئاستىراق ماڭساقمىكىن دەيمەن.

— خەپشۇك،— دېدى قوچقار پالۋان دوستى ھىدايىغا ئىشارەت قىلىپ،— بىزگە يەنىلا جىم-جىم سەپەر پايدىلىق.

ئۇلار شۇ چاغ ھۆكۈمىتى ۋە يەنە تاسادىپىي بولۇپ قالىدىغان كېلىشمەسلىكلەرنى ئويلاپ سەپەرنى ئاساسەن كېچىدە داۋام قىلغانىدى. بۇنداق بولغاندا ئاتلارغىمۇ، ئۆزلىرىگىمۇ چاڭقاش ھەم چارچاشتىن كېلىدىغان ھاردۇق ئازراق بولاتتى. شۇنداق قىلىپ سەپەرنىڭ تۆتىنچى كۈنى سەپەردە ئۇلار ئۈششاقتالغا كېلىپ چۈشتى. ئاتلارنى سوۋۇتۇپ بوغۇز بەردى، ئۆزلىرىمۇ ھاردۇق ئالغاچ ئورۇقلىنىشتى. ئارىلىقتا ھىدايى ئابدۇنىيازغا مەسلىھەت قىلىپ دېدى:

— توقسۇندىن چىققىلىمۇ بۈگۈن تۆت كۈن بوپتۇ. بىزنى مارايدىغان تاك-تاكچىلارمۇ نەلەردە قالغاندۇر، ئەمدى سەل ئاستىراق ماڭساقمىكىن دەيمەن. بولسا مەھەللە ئىچى بىلەن ماڭساق:

— سەركەردىمىز بىزنى بۈگۈرده كۈتۈپ تۇرماقچى،— دېدى قوچقار پالۋان بايا دوستى ھىدايىنىڭ قويغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ،— شۇڭا تېزرەك مېڭىپ مەھەللە-ئۆتەڭلەردىن ئەگىپ ئۆتۈپ بالدۇرراق بۈگۈرده ھازىر بولۇشىمىز كېرەك.

ھىدايى بۇ جاۋابقا قايىل بولدى-دە، قايتا زۇۋان سۈرمىدى.

ئارقىدىن ۋاڭ نىياز سۆز قىستۇرۇپ چاقچاق باشلىدى:

— پاتىمە يوللۇق تۇتقان نان-توقاچ خالتىسىنى ئەجەب ئېچىپ باقمايسەنغۇ، ئۇنىڭمۇ مەخپىيەتلىكى بارمىدى-يە؟

— ياق، ياق، بولىدۇ، ئېچىپ كۆرەيلى، ئېسىمگە كەلمىگىنىنى قارىمامدىغان.

قوچقار پالۋان بۆز خۇرجۇن ئىچىدىن مەھبۇبەسىنىڭ يوللۇق خالتىسىنى چىقىرىپ دوستلىرى ئالدىدا ئاچتى. خالتىغا سېلىنغىنى بىرقانچە توقاچ نان، ئاددىي گۈل چېكىلگەن بىر دانە ئاق شاپاق دوپپا قاتارلىق سوۋغاتلار ئىدى. ئۇلار پاتىمەنىڭ يوللۇق نان-توقاچلىرىنى زوقلىنىپ يېيىشكە باشلىدى. قوچقار پالۋان يانچۇقىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە ئاۋۋالقى پېتىدە قاتلاپ يانچۇقىغا سالماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ھىدايى سۆز قىستۇرۇپ دېدى:

— خەتتە نېمە دەپتۇ، ئۇنلۇك ئوقۇپ باقمامسەن، ئاڭلاپ باقمايلىمۇ؟

قوچقار پالۋان پىسىڭگىدە بىر كۈلۈۋېتىپ، ئارقىدىن جاۋابەن دېدى:

— ئىشقى-مۇھەببەت خېتىدە نېمە يېزىلاتتى دەيسەن، دوستۇم. يەنىلا شۇ ھىجران ناخشىسى. بولدىلا، ئايغىنى يولدا كېتىۋېتىپ دېيىشەيلى.

ئۇلار چاتقاللىق ئارىسىدا ئاتلارنى دەم ئالدۇردى. ئۆزلىرىمۇ ئۇخلىۋالدى. كەچ كىرىۋاتاتتى.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بۇگۇرگە قاراپ ئاتلاندى. ئارغىماقلار خوشۇتىنىڭ غەربىدىكى پاكار تاغ تىزمىلىرىنى بويلاپ ئۇچقاندەك مېڭىپ قۇياش غەربكە پەسەيگەن مەھەلدە تاغ ئايلانمىسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار شۇ مېڭىشىدا چوقۇ، تاغارچى، قاراشەھەر، تېكىچى... قاتارلىق يۇرتلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ كورلىنىڭ ئايغىدىكى توغراقلىقتا كېتىۋاتاتتى.

— مانا ئەمدى ئالدىمىزدىكى پايانسىز كەتكەن چۆل، چېدىرغا بارغىچە يەنە خېلى ماڭىمىز. ھىجران ناخشىلىرى مۇشۇنداق دەشت-باياۋاندا يۈرەككە راھەت بېغىشلايدۇ. قېنى ئاقتاشلىق بۇلبۇل، سايراپ ماڭساڭچۇ؟

ھىدايى ئارغىمىقىنى ئاستىلىتىپ ماڭغۇزغاچ سوئال قويۇپ ئابدۇنىياز كامالنى غىدىقلىدى. ناخشا ئېيتقۇسى كېلىپ تۇرغان ئابدۇنىيازغا بۇ تەكلىپ دەل ۋاقتىدا بولدى-دە، ئاۋازىنى سازلاشتۇرۇپ ئۈنلۈك ئېيتىشقا باشلىدى:

ئېتىمنى چاپتۇرۇپ ئۆتسەم،  
توقايلىقتىن قاۋان چىقتى؛  
دوست-يارىمكىن دەپ يۈرسەم،  
خۇي-پەيلى يامان چىقتى.

ئېۋىرغولنىڭ يوللىرى،  
ئېگىز-تۆۋەن ئايلانما؛  
يار ۋەسلىگە يەتكۈچە،  
يىگىت بولساڭ زارلانما.

ئېگەرلىك ئات ئاستىمدا،

ئۈچۈپ ماڭار دۈلدۈلۈم؛

سۆيگۈ، ھىجران ئىشقىدا،

راۋان بولار يوللىرىم.

يولغا چىقسام ئاتلىنىپ،

يارىم قالدى كېچىدە؛

ماڭا ئاقيول تىلەپتۇ،

يوللۇق خېتى ئىچىدە.

...

## 2

ئۈچەيلەن كېچە-كۈندۈزلەپ يول بېسىپ بەشىنچى كۈنى تاڭ سەھەرلىكتە مەنزىلگاھقا ئۇلاشتى.

تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ئېتىكى بىلەن تارىم ئويمانلىقى ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بۇ گۈزەل جاي تارىختا ئورۇمتاي نامى بىلەن، كېيىنرەك بۈركۈت مەنىسىدىكى بۈگۈر نامى بىلەن مەشھۇر ئىدى.

30- يىللارنىڭ باشلىرىدا بۈركۈت يۇرتىنىڭ يېڭىسار يېزىسىدىكى دېھقان نىياز خەلىپە باشلامچىلىقىدا نەچچە يۈزلىگەن خەلق ئاچارچىلىقتا ۋە زۇلۇم-زومبۇلۇقتا قارشى بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ جىن شۇرېن دەۋرىدىكى ناھىيىلىك پارىخور ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىن ئابدۇراخمان ئەلا نامىلىق زاتنى ھاكىملىققا سايلىۋېلىشقانىدى. سەركەردە مەھمۇت مۇھىتى دولان يۇرۇشىدە ئەنە شۇ يېڭى ھاكىم مەھكىمىسىگە كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى.

قوچقار پالۋان ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئەتىگەنلىك قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەن مەھەلدە يۈز-كۆزلىرىنىمۇ يۇيماي تەخىرسىزلىك بىلەن يېڭى ھاكىم مەھكىمىسى بىناسى ئالدىغا كەلدى-دە، ئىجازەت بىلەن سەركەردە ھۇزۇرىدا ھازىر بولدى. مەھمۇت مۇھىتى ئۇلارنى خۇش چىراي كۈتۈۋالدى ۋە ئۇلاردىن ھال-ئەھۋال سورىدى. ئۇ قوچقار پالۋاننىڭ توي كاشىلىسى بىلەن كېچىكىپ قالغانلىقىنى چۈشىنەتتى ھەم چوقۇم سەپكە يېتىپ كېلىدىغان دىتىغىمۇ ئىشىنەتتى.

— يېتىپ كەلگىنىڭلار ياخشى بولدى، يىگىتلەر، — دېدى سەركەردە، — سىلەر ئاۋۋال ئوزۇقلىنىڭلار ۋە چۈشكىچە دەم ئېلىڭلار، چۈشتىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال يىگىتلەرگە «ئاچىل» ناخشىسىنى ئۆگەتسۇن،

چۈنكى، مۇشۇ يۇرتتىن سېپىمىزگە قوشۇلغان يېڭى يىگىتلىرىمىز ئاز ئەمەس. ئۇلار روھىي ئوزۇققا، ئەدەپ-ئىنتىزامغا موھتاج. ناخشا ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن سىلەرگە يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇلىدۇ.

سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇچەيلەن خوشلىشىپ چىقتى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن قوچقار پالۋان سەركەردىنىڭ مەسلىھەتچىسى نەمەت خەلپىتىمنىڭ باشچىلىقىدا دېھقان پىدائىيلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلار ئاستانىدىن، توقسۇندىن ھەمدە بۇركۈت يېزىلىرىدىن سەپكە قوشۇلغان دېھقان باللىرى ئىدى. كىيىم-كېچەكلىرى ھەرخىل، كۆپلىرى ساۋاتسىز ۋە چالا ساۋات بۇ يىگىتلەر شەھەرلىكلەرنىڭ بوش ئۆيلىرىگە، كارۋان سارايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئۇلاردىن ئەللىككە يېقىن ساۋاتلىقلىرى تاللىنىپ، مەرھۇم ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تەرىپىدىن يېڭى تېكىست بىلەن ئىشلەنگەن «ئاچىل» ناخشىسىنى جىددىي ئۆگىنەمەكتە ئىدى.

گۈلۈم ئاچىلاي دەيدۇ،
باشقا يارىشاي دەيدۇ؛
گۈللەرنىڭ پىراق ئوتى،
دىلغا يامىشاي دەيدۇ.

گۈل ئېچىلىپ ناز قىلار،
كۆڭۈللەرنى ماز قىلار؛
گۈل قەدرىنى بىلەمسەن،
زىمىستاننى ياز قىلار.

گۈل دەردىدە خۇن بولدۇق،
تۇگمەنلەردە ئۇن بولدۇق؛
نادانلىقنىڭ دەستىدىن،
بىرلىشەلمەي قۇم بولدۇق.
ئاچىل، ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا...

بۇ ناخشا بىر كۈن ئىچىدە نەچچە يۈزلىگەن پىدائىي دېھقان باللىرى ئارىسىدا پىششىق ئۆزلىشىپ بولدۇق. سەركەردە ــ بۇگۇر ناھىيىسى ھۆكۈمەت مەھكىمىسى قورۇسىدا شەخسەن ئۆزى مەشىقنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزۈپ قوچقار پالۋانغا باركاللا ئوقۇدى.

ــ بىزنىڭ ئەمدىكى مەنزىلىمىز،ــ دېدى سەركەردە كۆرەكتىن كېيىنكى سۆھبەت ئۈستىدە،ــ قەشقەر بولىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەركى، پىدائىي دېھقان باللىرىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى بىرخىل ئەمەس، يەنە كېلىپ كونىراپ كەتكەن ماتا كىيىملەر. شۇڭا بىر ھەپتە بۇرۇن دوختۇرۇم بايئاخۇن ئەزىزنى ئاقسۇدا مىڭ كىشىلىك كىيىم-كېچەك ۋە مىڭ جۈپ ئۆتۈك تەييارلاپ تۇرۇشقا ئالدىن ئەۋەتكەنىدۇق. بۇ بىر جىددىي ۋەزىپە، بىز بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرالمايمىز. سىلەر ئۈچىڭلار بۇگۈنلا ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقىپ ئاشۇ ۋەزىپىنى پۈتكۈزۈشكە ياردەم بېرىسىلەر ھەم بىزنى ئاقسۇدا كۈتۈپ تۇرىسىلەر. يوللاردا شاۋقۇن كۆتۈرمەي تېز ۋە مەخپىي مېڭىڭلار.

ــ خوپ، بەجانىدىل ئورۇندايمىز،ــ دېدى قوچقار پالۋان ئورنىدىن تۇرۇپ،ــ سەركەردىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن.

سۆھبەت ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۈچەيلەن ئاقسۇغا قاراپ ئاتلاندى.



نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق ئۇزۇن مۇساپە. ئارغىماقلار تۇياقلىرىدىن ئۇچقۇن چاچرىتىپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەيتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى پاكار توغراقلىق چۆللەر، ئارىلاپ ئۇچرايدىغان بوستانلىقلار، ياغلىق مەھەللىلەر بىر-بىرلەپ كۈنچىقىش تەرەپتە قالاتتى. ئۇلار ئاشۇنداق تېز مېڭىپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئىچىدە كوچا ۋە قىزىل-سايرامنى كەينىدە قالدۇرۇپ قارايۇلغۇنغا يېتىپ كەلگىنىنى سەزمەي قېلىشتى. ئۇلار بۇ يەردە چۈشكۈن بولۇپ ھاردۇق ئالدى.

ئەتىسى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ بىرلىكتە ناشتا قىلدى. ۋاڭ نىياز غىزالانغاچ دوستلىرىغا دېدى:

ــ ئاغىنىلەر، تۈنۈگۈنكى يول ماڭا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. ئىككى كاسسام زېدە بولۇپ چېچەكلەپ كېتىپتۇ. سەل قاراۋىراق ماڭايلى...

ھىدايى ئارقىدىنلا چاقچاق قىلىپ دېدى:

ــ ياق، بىلمىدىڭ، ئاغىنە، ئىككى كاسساڭنىڭ چېچەكلەپ ئېچىلغىنى «ئاچىل» ناخشىسىنىڭ خاسىيىتىدىن بولغان.

ھىدايى ئارقىدىنلا چاقچاق قىلىپ دېدى:

— ياق، بىلەلمىدىڭ، ئاغىنە، ئىككى كاساڭنىڭ چېچەكلەپ ئېچىلغىنى «ئاچىل» ناخشىسىنىڭ خاسىيىتىدىن بولغان.

ھىدايىنىڭ چاقچاق سۆزى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.

ناشتىدىن كېيىن ئۇلار ئاتلىرىغا بوغۇز تۆكۈپ بېرىپ، ئاندىن يېقىنلا بىر يەردىكى ئېتىزلىقتا كۆزگى بۇغداي كانچىلاۋاتقان ئوتتۇرا ياشلىق ئىككى دېھقاننىڭ قېشىغا باردى. ئۇلار ئۆزئارا سالاملىشىپ تونۇشلۇق بېرىشكەندىن كېيىن قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ ئازادە سۆھبەتلەشتى.

قوچقار پالۋاننىڭ تەسەۋۋۇرىدا قارا يۇلغۇننىڭ تەبىئىي شارائىتى تۇرپان مۇرتۇققا ئوخشاپ تۇراتتى. ئۇ دېھقانلاردىن سورىدى:

— سىلەرنىڭ بۇ يەردە يېقىندا جەڭ بولدىمۇ؟

قوچقار پالۋان ئۆزىنى ۋە ئاغىنىلىرىنى ھېلىقى دېھقانلارغا ئادەتتىكى يولۇچى، ئېلىپساتار تىجارەتچى قىياپىتىدە تونۇشتۇرۇپ دېھقانلارنىڭ گۇمان قىلىشىدىن ساقلانغانىدى. شۇنداقتىمۇ دېھقان سەل خۇدۇكسىرىگەندەك بولۇپ ئىنىسىنى سۇغا قاراشقا ماڭغۇزۇۋەتكەندىن كېيىن يۇقىرىدىكى سوئالغا جاۋاب بەردى:

— سىزنىڭ بايا سورىغان «جەڭ» دېگىنىڭىز «يىغىلىق» دېگىنىڭىزدۇر ئېھتىمالىم. بۇ يەردە بىر ئەمەس، بىرنەچچە قېتىم يىغىلىق بولدى. باي سىجاڭ دەمدۇ، تۆمۈر سىجاڭ دەمدۇ، ما جۈگيىڭ، لىيۇ سىلىڭ دەمدۇ، خوجىنىياز ھاجى دەمدۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلارنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ يەردە قان تۆكۈشتى. تېخى مۇشۇ يېقىندىلا ما جەمەتىنىڭ قىسىملىرى بىر تەرەپ، خوجىنىياز ھاجى، باي سىجاڭ بىر تەرەپ بولۇپ سوقۇشۇپ، باي سىجاڭ قازا تاپتى. خوجىنىياز ھاجى ئاقسۇغا قېچىپ كەتتى. ھەممە بالا-قازا دېھقانلارنىڭ بېشىغا كەلدى. ئۇلار بىردەم ئات دەيدۇ، بىردەم قوي دەيدۇ، بىردەم بولسا ئادەم بېرىسەن دەيدۇ، مانا مېنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلەر، ھەممە دېھقان ماڭا ئوخشاش بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالدۇق. يىغىغا باش بولغانلار تولىسى قارا تومپاي ئادەملەر ئىكەن. ئەگەر ئۇلار دانا ئادەملەر بولسا ئىشنىڭ باش-ئايىغى سۈزۈك بولاتتى. بۇ قارا تومپايلار كىشىلەرنى يالغاندىن قايمۇقتۇرۇپ يالغاندىن «ئىسلام ئاچتى»؛ ئەمەلدە ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چاچتى. يېڭىلىپ قالسا ئاق بايراق كۆتۈرۈپ قاچتى...

بۇ دېھقان دەرد-ئەلەمگە تولغان ئىچىنى بوشىتىۋېلىش ئۈچۈن غۇۋا كۆزلىرىدە ئەگىپ تۇرۇۋاتقان يېشىنى قارىداپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن ئېرتىۋېتىپ سۆزىنى يەنە داۋام قىلدى:

— مېنىڭ ئىككىلا ئوغلۇم بار ئىدى. چوڭى مۇشۇ يەردىكى يىغىلىقتا ئۆلۈپ كەتتى. كىچىكى خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوشۇنلىرىنى قاراقول چېگرىسىغا ھەيدەپ بېرىش سەپىرىدە يولدا توڭلاپ ئۆلدى. باللىرىمىزنىڭ ئاپىسى يېقىندا زىققە كېسەل بىلەن قازا تاپتى. ئەمدى مەن ھوقۇشتەك تەنھا قالدىم. ھازىر مېنىڭ ھەمراھىممۇ دەرد-ئەلەم، بايلىقىممۇ دەرد-ئەلەم ئەزىز مېھمانلارنىڭ ۋاقتى بولسا كەپەمگە باشلاپ بارىمەن. داستىخان سالغۇدەك مادارىم يوق، ئەمما پاك كۆڭلۈم بار. پېقىر بەختىيار قوشاقچى سىلەرنى مۇڭلۇق ھىجران ناخشىلىرىم بىلەن رازى قىلىپ ئۇزىتالايمەن.

دېھقاننىڭ ئاشۇ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن ھىدايى بىلەن ۋالىڭ نىياز ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئىنتىلگەنىدى، لېكىن قوچقار پالۋان دوستلىرىغا كۆز قىسىپ توسۇپ قويدى. بەختىيار قوشاقچى بۇنى سېزىۋالدى-دە، دەررۇ سۆز قىستۇرۇپ دېدى:

— «دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت» دېگەن گەپ بار. ئەگەر ۋاقتىڭلار قىس بولسا ھىجران ناخشىسىدىن بىر-ئىككى قوشاق يوللۇق تۇتاي. ئىچىمنى بىر قېتىم بوشىتىۋالسام ماڭا بىر يىللىق ئوزۇق بولىدۇ:

ئېتىمنى بەختىيار دەيدۇ،
جۇدامەن بەختىيارىمدىن.
قارا تاشلارمۇ يىغلايدۇ،
مېنىڭ بۇ ئاھۇ زارىمدىن.

قارايۇلغۇن قارا بولدى،
پېقىر كۆڭلى يارا بولدى.
بۇ دەردكە كىم ئارا بولدى،
يېشىم كۆل نالە-زارىمدىن.

بىرى كېلىپ ئات دەيدۇ،
بىرى ھارۋاڭنى قات دەيدۇ.
يېتىم-بىچارە داد دەيدۇ،
تۇگەشتىم يوقۇ يارىمدىن.

دېھقان قوشىقىنى مەيۈس ئاھاڭدا تۈگىتىش بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئەلەملىك كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرى قورۇلۇپ كەتكەن ئېڭەكلىرىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشتى. قوچقار پالۋان ئولتۇرغان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن دېھقاننىڭ قولىنى ئۆچلاپ تۇرۇپ دېدى:

— خەير خوش، بەختىيار قوشاقچى، تەسىرلىك قوشىقىڭىزدىن بەھرىمەن بولدۇق. بېشىڭىزغا كەلگەن قىسمەتلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىمىز ئېزىلدى. بىز بۈگۈن سىزدىن ياخشى بىر دەرس ئاڭلىدۇق. چىداملىق بولۇڭ، ئاكا. ئۆتكەنلەرنى ئۇنتۇپ، ئالدىڭىزغا قاراڭ. سالامەت بولۇڭ. ھاياتنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكى بولىدۇ. سەۋر-تاقەت قىلساق، چىداملىق بولساق، ئامەت گۈللىرىنىڭ ئېچىلىدىغان پەيتىمۇ كېلەر. بىز يەنە بىر قېتىم كۆرۈشكۈچە ئاللا ھەممىمىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

قوچقار پالۋان يولغا ئېلىنۋالغان سەپەر توقاچلىرى ۋە توقسۇننىڭ قۇرۇق ئۈزۈملىرىدىن ئېلىپ دېھقانغا تۇتتى.

ئۆچەيلەن دېھقان يېنىدىن ئايرىلىپ، ئارغىماقلىرىغا مىنىشىپ، ئاقسۇغا يۈرۈپ كەتتى...

## 4

ھاۋا سالقىن، كۆك ئاسمان ئەينەكتەك سۈزۈك، ئوڭ تەرەپتە خانتەڭرى چوققىسى ئاق لىباسلىرىغا يۆگىلىپ مەزمۇت قەد كۆتۈرۈشۈپ تۇراتتى. تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال كىشىنىڭ يۈزلىرىگە يېقىملىق سۆيۈپ، دىللارغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى، ئارغىماقلار ئاياغلىرىدا سارغۇچ توپىلارنى توزۇتۇپ، يېڭى مەنزىلگە قاراپ ئىلگىرىلەيتتى. قۇياش دەل چۈش قىيامىغا يەتكەن مەھەلدە ئاتلىقلار ئېگىز يارنىڭ لېۋىگە يېتىپ باردى. ئېگىز يارداڭلىقنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىن كېسىپ ئۆتكەن يول بىلەن غەربكە پەسىيىپ چۈشكەن ھامان ئاقسۇ كونىشەھەرنىڭ شاھمات ئورۇقىدەك زىچ ئورۇنلاشقان قاتار ئۆي-ئىمارەتلىرى ۋە بىنا ئارىلىرىدىكى دەل-دەرەخ، باغۋارانلىرى نامايان بولدى. كۆزلەرنىڭ يېغىنى يەيدىغان بۇ مەنزىرىلىك ماكان چەۋەندازلارنى بىئىختىيار جەلپ قىلغانىدى.

ئاقسۇنىڭ ۋاقىتلىق ۋالىي مەھكىمىسى ۋە مۇۋەققەت ۋالىيسى ئۇ كۈنلەردە مۇشۇ شەھەردە ۋاقىتلىق ئىش بېجىرەتتى. ئەلچىلەر ئۇدۇل ئاشۇ ۋاقىتلىق ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ چۈشكۈن قىلدى ۋە ۋاقىتلىق ئىش بېجىرگۈچىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ ئۆزلىرىنى تونۇشتۇردى. ئارا بوي، چار ساقال كەلگەن ساھىبخانا خۇشخۇي تەلەپپۇزدا دېدى:

— بۇ ئىشتىن بىز خەۋەر تاپتۇق. سىلەردىن بۇرۇن كەلگەن ئەلچى بايئاخۇن ئەزىزى بىلەن بىللە كارخانىلار تەشكىللەپ، كىيىم-كېچەك، كۆن ئۆتۈك ۋە ئاتلارغا ئېگەر-جابدۇق ھازىرلاش ئىشىنى باشلىۋەتكىنىمىزگە بىرنەچچە كۈن بولدى. ئىش ھەققىگە كەلسەك، يېرىمى خالىسانە، يېرىمى...

ساھىبخانا سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇنىڭ قويۇق چار ساقىلى بىردىنلا تىترەپ كەتتى. ئۇ سۆزىنىڭ قالغىنىنى دېيىشكە ئاغزىنى ئۆمەللەتتىيۇ چىقىرالمايتتى، ئاخىرى شۇنداق دېدى:

— سىلەر ئۇزۇن يولنى بېسىپ چارچىدىڭلار، بۈگۈنچە ھاردۇقىڭلارنى ئېلىڭلار، ئەتىگەنلىككە بىز بىرلىكتە كارخانا ۋە كاسىپلارنى كۆرۈشكە چىقىمىز.

چەۋەندازلار بۇ جايدىن چىقىپ، مېھمانخانا ياتاقلىرىغا قايتىپ كېلىشتى. ئۇلار ياتاقلىرىدا دەم ئالغاچ كۆلكە-پاراڭ باشلىۋەتتى.

ــ تازىمۇ لامزەللە بىر نېمىكەن ئۇ،ــ دېدى ھىدايى بايىقى ئىش بېجىرگۈچى بەگنى مەسخىرە قىلىپ،ــ گەپنىڭ يېرىمىنى قىلسا، يەنە يېرىمى ئېغىزدىن چۈشۈپ قېلىۋاتىدۇ.

ــ ياق، ئاغىنە،ــ دېدى قوچقار پالۋان لوقما سېلىپ،ــ سەن تېخى چۈشىنەلمەيۋېتىپسەن. بۇ يەردىكىلەرنىڭ بېشىنى غەزەپ-نەپرەت ۋە قايغۇ-ھەسرەت تۇمانلىرى گاڭگىرىتىپ قويۇپتۇ. بىز ھازىرچە بۇ گەپلەرنى تەگىمەي ئۇنتۇپ تۇرايلى. قىلىشىدىغان باشقا گەپلىرىمىزمۇ بارغۇ؟

ــ دەل جايىدا دېدىڭ،ــ دېدى ۋاڭ نىياز ئاغىنىسىنىڭ سۆزىگە مەھكەم يامىشىپ،ــ ئۇششاقتالدا بىزگە ۋەدە قىلىپ، پاتىمەنىڭ خېتىنى كېيىنچە يول ئۈستىدە ئوقۇپ بېرىدىغان بولغىنىڭ ئېسىڭدىدۇر. بۈگۈن بىزگە مانا ئازادە پۇرسەت كەلدى، قېنى مەشۇقىڭنىڭ مۇھەببەتنامىسىنى مۇشۇ پۇرسەتتە ئاڭلاپ باقايلىچۇ؟

ــ ۋاي-ۋۇي تازىمۇزە، بىر خەت ئۈچۈن رودۇپايەدەك پاچىلىشىۋالغىنىڭلارنى قارىمامدىغان،ــ دېدى قوچقار پالۋان ئاغىنىلىرىگە چاقچاق قىلىپ ۋە يانچۇقىدىن خەتنى چىقىرىپ ھىدايىغا سۇنۇپ دېدى،ــ مانا خەت، ئۈنلۈك ئوقۇ، ۋاڭ نىيازمۇ ئاڭلىسۇن.

ــ ياق، ياق، ئۆزۈڭ ئوقۇ،ــ دېدى ۋاڭ نىياز،ــ ماۋۇ ئىككىمىز بولساق چالا ساۋات، قاملاشتۇرۇپ ئوقۇيالمايمىز. مۇھەببەتنامىنى مۇھەببەت ئەھلى ئۆزى ئوقۇسا باشقىچە بولىدۇ.

قوچقار پالۋان ئىلاجسىز قېلىپ ماڭلاي-پېشانىسىنى ئالقىنى بىلەن بىر قېتىم سىيرىۋەتكەندىن كېيىن خەتنى ئۈنلۈك ئوقۇدى:

«ئىككىمىز مىڭ تەستە قۇرۇپ چىققان ئۇۋىدا مەن يەنە تەنھا قالدىم. مەن بۈنىڭغا ئۆكۈنمەيمەن. سىزگە ئاقىۋول تىلەيمەن. مەن خاسىيەتلىك شامالغا سېغىنىپ دۇئا قىلىمەن، ئايىغىڭىزدىن شامال ئۆتۈپ تۇرسۇن، مەن يەنە ئاي، يۇلتۇزلارغا يېلىنىپ دۇئا قىلىمەن. ئۇلار يولىڭىزنى يورۇتۇپ تۇرسۇن. بويىڭىزدىكى تاش تۇمار سىزگە نۇسرەت ئاتا قىلسۇن. ۋاپادار دۇلدۇلىڭىز يولىڭىزنى راۋان، مۇشكۇلىڭىزنى ئاسان قىلسۇن. نادانلىق، جاھالەت ۋە ئېغىر نامراتلىق قاپلىغان بۇ زېمىندا بىھۇدە قان دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقانلىقىدىن ئىچىم سىيرىلىدۇ. مەن تەڭلىك ۋە مەرىپەتلىك ھاياتنى سېغىنىمەن. مەن سىزگە يەنە بىر قېتىم ئاقىۋول تىلەيمەن...

ئاقتاش ئۆستەڭ بويىدا،

ئېگىز ئۆستى ئاق قوناق.

پەرۋايىم يوق ئاتالسام،

ئەل ئىچىدە تۇل، چولاق.

تورغۇتلارنىڭ دۇلدۇلى،

سىزگە قانات، يار بولسۇن.

چىن تۆمۈرنىڭ ئالدىدا،

رەقىب يولى تار بولسۇن.

سىز كەلگۈچە ئاق تاشنى،

بىر دانىدىن سانايمەن.

زەپەر قۇچۇپ كەلسە دەپ،

يولىڭىزغا قارايمەن...»

پاتىمەنىڭ تەسىرلىك خېتى بىلەن ھىجران قوشىقى ھىدايى بىلەن ۋاڭ نىيازنى ھەيران قالدۇردى. قوچقار پالۋاننىڭ خىيال كەپتىرى بىردىنلا تۇرپان ئويمانلىقى ۋە توقسۇن ئاقتاش بوستانلىقىغا ئۇچۇپ كەتتى-دە، بىرمەھەل جىمىقىپ خىيال دەرياسىدا ئۈزۈشكە باشلىدى.

— ئورنىمىزدىن تۇرايلى،— دېدى ھىدايى ئۆي ئىچىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان جىمجىتلىقنى بۇزۇپ،— كەچ كىرىپ قالدى. كەچلىك تاماق يەيلى، ئاندىن...

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىغا يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر ياش دورغىسى ياتاقخانىغا كىرىپ كەلدى-دە:

— ئەھەد بېگىم ھەرقايسىڭلارنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ مېنى ئەۋەتتى، مېھمانلار، قېنى مەرھەمەت،— دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئاشپۇزۇلغا بېرىشتىن يالتايدى ۋە ئەھەد بېگىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ زىياپەتكە ئىشتىراك قىلدى. ساھىبخانا تېخى بايىلا چەۋەندازلارنى قوبۇل قىلغان يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ئىدى.

زىياپەت ئۈستىدە ئەھەد بەگ بىلەن چەۋەندازلار يەنىلا شۇ ئېگەر-جابدۇق، فورمىلىق كىيىم-كېچەك توغرىسىدا سۆزلەشتى ھەمدە ئەتە ئەتىگەندە كاسىپخانىلارغا بېرىپ تەييارلىق ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولۇپ تەكرار كېلىشىپ، زىياپەت سورۇنىدىن قايتىپ كېلىشتى.

ئەتىسى چەۋەندازلار ئەھەد بەگنىڭ دورغىسى باشلامچىلىقىدا ھەرقايسى ھۈنەرۋەن-كاسىپلار ئىشلەۋاتقان تىككۈچىلىك ئىشخانىلىرىغا بىرىپ بۇيرۇتمىلارنى تەكشۈرۈپ چىقتى. كارخانىلارنىڭ بەزىلىرى يېڭىلا تەسىس قىلىنغان «نىيازىيە»، «سادىقىيە» ناملىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بوش سىنىپلىرىغا ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى.

قوچقار پالۋان فورما كىيىم تىكىۋاتقان بىر ياشانغان ماشىنچىغا كۆزى چۈشۈپ سورىدى:

— ئۇستام، ئىشلار پۈتەي دېدىمۇ؟

ماشىنچى قىلىۋاتقان ئىشىدىن قولىنى ئۈزمەي تۇرۇپ جاۋابەن دېدى:

— شۇنداق، پۈتەي دېدى.

— ئىش باشلىغىلى قانچە ئۇزۇن بولدى؟

— ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش كۈن، ئون ئىككى ئاي بولدى.

— ياق، ياق، مېنىڭ سوراۋاتقىنىم مۇشۇ يېڭى ئىشنى دېمەكچىمەن.

— بىر ھەپتە بولدى.

— سىمكار — ئىش ھەققى ئالدىڭلارمۇ؟

ماشىنچى نەق مەيداندا ئەھەد بەگنىڭ دورغىسى گۆشىيىپ قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، زۇۋان سۈرمەي جىم تۇرۇۋالدى.

سەگەك قوچقار پالۋان بۇنى سېزىۋالدى-دە، پاراڭنى ۋاقىتلىق توختىتىپ تۇرۇشنى مۇۋاپىق تاپتى.

كاسىپخانىلار بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن قوچقار پالۋان ھېلىقى دورغا بەگكە دېدى:

— سىلى ھازىرلا بىرىپ ئەھەد بېگىمگە يەتكۈزۈپ قويسىلا، ئەتىلىككە ھەممە بۇيرۇتمىلار تەق قىلىنىپ ئامبارغا تويلانسۇن، ئۆگۈنلۈككە دېھقان قوشۇنلىرى يېتىپ كېلىدۇ. ئىنىدىنلىققا قەشقەرگە قاراپ يۈرۈپ كېتىمىز. بۇ سىلەرگە بېرىلگەن بۇيرۇق!

دورغا بەگ بۇيرۇقنى ئاڭلاپ:

— خوپ، ئالىيلىرى، ھازىرلا يەتكۈزەي،- دېدى ۋە بىردىنلا ھودۇقۇپ ئاشۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىپلا بەدەر تىكىۋەتتى.

قوچقار پالۋان ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە يەنە قايتا «نىيازىيە» مەكتىپىنىڭ بىناسىغا بىرىپ بايىقى ماشىنچى ئۇستام بىلەن ھېلىراقتا ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبىتىنى داۋاملاشتۇردى:

— قېنى، ئۇستام، سۆزلىسە، بىز ئەمدى ئازادە سۆزلىشەيلى، ئۇلار ئىش ھەققىڭلارغا بىرنېمە بەردىمۇ، يوق؟

چىرايى جۇدەڭگۈ بولۇپ كەتكەن بۇ كاسىپنىڭ تىكىش ماشىنىسى نىكولاي زامانىسىدىن قالغان قارا كۆتەك ماشىنا بولۇپ، ھەدېگەندە يىپ ئاتلاپ كاسىپنى ئاۋارە قىلاتتى. كاسىپ بولسا پات-پاتلا «ھەسسىنەي ئالدىرىغاندا...» دەپ زارلىناتتى. ئۇ يىپ ئۇلاشنى توختىتىپ تۇرۇپ، قوچقار پالۋاننىڭ سوئالىغا جاۋابەن دېدى:

— نەدىكى ئىش ھەققىنى دەيدىلا، تەقسىر. خوتۇنۇم بىلەن بالا-چاقام ئۆيدە ئاچ-زېرىن مېنىڭ قولۇمغا قاراقلىق. «تۇپىلاڭدىن تۇقاچ ئۇغرىلايدىغانلار» بىزنى بىكارغا ئىشلىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇپىلاڭچىلارنىڭ كۆپلۈكىنى دېمەمدىلا، بۇگۈن بىرى كەلسە، ئەتىسى ئۇنى قوغلاپ يەنە بىرى كېلىدۇ. ھەممىسىلا ئاچ قالغان بۆرىدەك پۇقرالارنى شىلىشىپ ماڭىدۇ. ئاشۇ تۇپىلاڭچىلاردىن مەھمۇت سىجاڭنى خېلى ئادىل كىشى دېيىشىدۇ. بۇ كىشى قوشۇنلىرىغا كىيىم-كېچەك تىككۈزۈش ئۈچۈن ئۈچ يۈز سەر كۆمۈش ماڭغۇزغانىكەن، دەپ ئاڭلىغان. بىزنىڭ ئىش ھەققىمىزمۇ شۇنىڭ ئىچىدە ئىكەندۇق، نەدىكىنى؟ ئەھەد شەيتان دەيدىغان يالماۋۇز ئۇ پۇللارنى چۆنتىكىگە سېلىۋاپتۇدەك، بىز بولساق دۈمچىيىپ بىكارغا ئىشلەيمىز.

— رەھمەت، ئۇستام، كۆكسىلىرىدىكى دەردنى بىزگە ئىشىنىپ ئېيتىپ بەرگەنلىرى ئۈچۈن سىلىدىن مىننەتدارمىز، پات ئارىدا ھەممە كاسىپلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۈندۈرۈپ بېرىشكە مانا بىز كاپالەتلىك قىلىمىز. خاتىرجەم بولغايلا.

قوچقار پالۋان كاسىپنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىۋاتقان چاغدا «نىيازىيە» مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى مەكتەپ قورۇسىغا توپلىنىپ، زىلۋا بويلۇق، بېشىغا سەرپۇش كىيىۋالغان بىر ئەر مۇئەللىمنىڭ باشچىلىقىدا «بىز ياش باللار، غايىمىز ئوقۇش» دېگەن مارشنى مەشىق قىلىشقا باشلىغانىدى.

قوچقار پالۋان ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە كاسىپ بىلەن خوشلىشىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەشىق مەيدانىغا باردى. بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن قوچقار پالۋان ھازىرقى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق نىيىتىگە كەلدى-دە، ھېلىقى ناخشا مەشىق قىلىنىپ بولغان ھامان مۇئەللىمنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ شۇ يەردىلا ئوقۇغۇچىلارغا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئاچىل» ناخشىسىنى ئۆگىتىشكە كىرىشىپ كەتتى. بۇ ناخشا تېكىستى بۇ يەرگە بۇرۇن يېتىپ كەلمىگىنى ئۈچۈن، بۇ يېڭىلىقتىن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار بەكمۇ سۆيۈنۈپ كېتىشتى. يېڭى ناخشىنىڭ مەشىقى ئاياغلاشقان ھامان غايىبە ئىسىملىك بىر قىز ئوقۇغۇچى مەرھۇم ئاتىسىغا بېغىشلاپ يازغان مەرسىيە قوشىقىنى مېھمانلار ئالدىدا دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇپ بېرىشنى مۇئەللىمدىن تەلەپ قىلدى. مۇئەللىم دەرھال ماقۇل بولدى-دە، ھېلىقى قىز جاراڭلىق ئاۋازدا ئوقۇشقا باشلىدى:

دادام مېنى ئەتىۋارلاپ،

غايىبە دەپ ئاتىغان.

مېنىڭ زېرەك قىزىم دەپ،

ئەل ئىچىدە داڭلىغان.

ئوغۇلغا تەڭ قىزىم دەپ،
ئەزىرلەيتتى جېنىدىن.
يۆلەنچۈكۈم ئاتام دەپ،
ئايرىلمايتتىم يېنىدىن.

پېشانەمنىڭ شورىمۇ،
چىقتى ئاڭا بىر سەپەر.
ئۇزۇن ئۆتمەي ئاپامغا،
يېتىپ كەلدى شۇم خەۋەر.
ئېگەرلىك ئات يېگانە،
كىرگەن پېتى قورۇغا.
كىشنەپ-چىرقىراپ قارايتتى،
كۈنپېتىشنىڭ يولىغا.

دېمەك دادام ئۆلۈپتۇ،
قارايۇلغۇن جېڭىدە.
ئاپام ئاڭلاپ ياش تۆكۈپ،
جان قالمىدى تېنىدە.

تۇغۇلماق بار، ئۆلمەك بار،
قانۇنىيەت ئالەمدە.

ئۈمىد نۇرى ئۆچمەيدۇ،

ئىرادىلىك ئادەمگە.

مىراس قالدى دادامدىن،

ئېگەرلىك ئات ئارغىماق.

قاناتىم شۇ تەس ئەمەس،

داۋانلاردىن ئاتماق.

دېكلاماتسىيە ئاياغلىشىش بىلەن تەڭ مەكتەپ مەيدانىدا چاۋاك ساداسى ياڭراپ، ھېلىقى قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئىقتىدارىغا ھەممەيلەن باركاللا ئوقۇشتى. قوچقار پالۋان ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى بۇگۇنكى پائالىيەتنىڭ ئاشۇنداق مەنىلىك ئۆتكەنلىكىدىن تولىمۇ رازى بولۇشقانىدى.

— ئەمدى نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

مەكتەپ مەيدانىدىن قايتىپ، ئۆزلىرى چۈشكۈن قىلغان ياتاققا كەلگەندىن كېيىن ئاشۇ تېمىدا ئۇچەيلەن پاراڭلاشتى. ھىدايى تەكلىپ بېرىپ دېدى:

— بۇ يەردە بىز بىر مىنۇتمۇ لاغايلاپ يۈرەلمەيمىز. بۇگۇردە نۇرغۇن ئادەم بىزنى كۈتۈۋاتىدۇ، بۇيرۇتمىلارمۇ تەق بولاي دەپتۇ. مەن بۇگۇرگە خەۋەر بېرىشكە ھازىرلا ئاتلىناي، ئىككىڭلار كىيىم-كېچەكلەرنى توپلاپ تەق قىلىپ تۇرۇڭلار.

قوچقار پالۋان بىلەن ۋاڭ نىياز بۇ پىكىرگە شۇئان قوشۇلدى. ھىدايى بۇگۇرگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.



بۇگۈن بازار كۈنىسى ئىدى. شەھەرنىڭ رەستە ۋە خالتا كوچىلىرىدا سودا-سېتىق ۋاڭ-چۇڭلىرى قۇلاق پەردىسىنى ياراتتى. ئەتىۋن بازىرى ۋە مال بازىرىدا يېزا-قىشلاقلاردىن كەلگەن، رەڭگى-رۇخسارلىرىدىن توپا-چاڭ ئۆرلەپ تۇرغان ئەر-ئايال دېھقانلار ئۆز ھەلەكچىلىكىدە ئالدىراپ يۈرۈشەتتى. بۇگۈن ئاخشام مەھمۇت سىجاڭ ئاقسۇغا كەلگۈدەك دەيدىغان كوچا پاراڭلىرىمۇ ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرەتتى. مەھمۇت سىجاڭنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن زېرىپقارى ھاجىم باشلىق كىشىلەرمۇ قەشقەردىن يېتىپ كەلگەنىدى.

يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقىتلىق ئىش بېجىرگۈچى بەگ-دورغىلىرى ئۇيياقتىن-بۇياققا ئالمان-تالمان يۈگۈرۈشۈپ، ساراي-سارايلارنى بوشىتىپ، چۈشكۈن ۋە ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلاش بىلەن بەند ئىدى. كىيىم-كېچەك، ئېگەر-جابدۇق بۇيرۇتمىلىرىمۇ ھۆكۈمەت ئامبىرىغا توپلىنىپ تەق قىلىپ قويۇلغانىدى.

ئاخىرى مۆلچەر سائەتلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. ئاخشىمى ئەل ئايىغى بېسىققان مەھەلدە سەركەردە مەھمۇت مۇھىتى نەچچە يۈزلىگەن دېھقان پىدائىيلىرى بىلەن بىللە شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەلدى. مۇلازىملار ئۇلارنى ئالدىن ھازىرلاپ قويغان سارايلار ۋە مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇردى. كەچلىك غىزادىن كېيىن ئۇلار دەم ئالدى.

ئەتىسى سەھەرلىك چايدىن كېيىن يىگىتلەرگە يېڭى تىكىلگەن فورماتلىق كىيىم تارقىتىپ بېرىلدى. ئاندىن چوڭ مەيداندا يىگىتلەر سەپكە تىزىلىپ سەركەردىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىدىن ئۆتتى.

بۈگۈن بۇ مەيدانغا يەرلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ھەمدە نۇرغۇن ھۈنەرۋەن-كاسىپلارمۇ ھازىر بولغانىدى. كاسىپلارنىڭ ۋەكىلى بىر پارچە خەتنى كۆتۈرۈپ بېرىپ سەركەردىنىڭ قولىغا سۇندى. ھەممە كىشىنىڭ دىققىتى شۇ نۇقتىغا تىكىلگەنىدى.

سەركەردە مەزكۇر خەتنى كۆزدىن ئۆتكۈزۈپ بولۇپ يېنىدا ئۆرە تۇرغان قوچقار پالۋانغا پىچىرلىدى:

— بۇ ئىشتىن سىلەر خەۋەردارمۇ؟— سورىدى سەركەردە.

— شۇنداق، سەركەردە،— دېدى جاۋابەن قوچقار پالۋان.

مەھمۇت مۇھىتى ئارقىدىن ئەھەد بەگنى قىچقىرىپ سورىدى:

— ئىشچىلار ۋە كاسىپ-ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ھەققىنى تېخى بەرمىدىڭلارمۇ؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى، كىم قانچىلىك ئىشلىدى بۇنى ھېسابلاپ چىقىشقا تېخى ئۈلگۈرمەي قالدۇق. ئىش ھەققىنى چوقۇم بېرىمىز.

ئەھەد بەگنىڭ ھودۇققىنىدىن كۆزلىرى ئالا-چەكمەن بولۇپ كەتتى-دە، بېشىنى ئېگىپ سەركەردىگە ناماقۇللۇق بىلدۈردى.

مەھمۇت مۇھىتى ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن ئاخىرىدا دېدى:

— مەنسەپ ئەھلى كىشىنى كۆيدۈرمەسلىكى، باشقىلارنىڭ ھالال ھەققىنى يۇتۇۋالماسلىقى كېرەك. ھارام سىڭمەيدۇ، دەيدىغان گېپىمىز بار، بۇ ئىشنى بىز ئەتە قەشقەرگە يۈرۈپ كەتكۈچە بىر تەرەپ قىلىۋېتىش لازىم. بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

— بۇيرۇقلىرىنى بەجانىدىل ئورۇندايمەن، جانابلىرى،— دېدى ئەھەد بەگ قەسەم قىلىپ ۋە ئەپلەپ-سەپلەپ كۆۋرۈكتىن ئۆتىۋالدى.

دەل شۇ ئەسنادا، بۇ شەھەردە يېڭىلا قۇرۇلغان «نىيازىيە» ۋە «سادىقىيە» ناملىق باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ يۈزلىگەن ئوغۇل-قىز ئوقۇغۇچىلىرى رەڭدار پلاكاتلىرىنى لەپىلدىتىپ ۋە رەتلىك قەدەم تاشلاپ مەيدانغا كىرىپ

كېلىشتى ۋە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ئالدىدا قاتار سەپتە تۇرۇپ سەركەردىگە كوللېكتىپ ئېھتىرام بىلدۇردى. ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى غايىبە ــ مەھمۇت مۇھىتىغا بىر دەستە قىزىلگۈل تەقدىم قىلغاندىن كېيىن پۈتۈن ئوقۇغۇچىلار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادى ــ «ئاچىل» ناخشىسىنى جاراڭلىق ئېيتىشقا باشلىدى. بۇ ناخشىنى سەپتە تىزىلىپ تۇرغان پىدائىي يىگىتلەرمۇ قوشۇلۇپ ئېيتىپ مەيدان كەيپىياتىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى. ناخشا تۈگىگەندىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتى ئوقۇغۇچىلارغا قىزغىن تەشەككۈر بىلدۈردى.

# ئالتىنچى باب

## قوچقار پالۋان هارابتا

### 1

بۇغدا ئېتىكىدىكى ئېدىقۇت بوستانلىقىدىن خوشلىشىپ تەكلىماكان بويلاپ يۈرۈش قىلغان ئەزىمەتلەر چەكسىز چۆل دالالار ۋە يېزا بوستانلىقلىرىنى بېسىپ، ئاخىرى پامىر تېغى ئاستىدىكى مەشھۇر قەدىمىي شەھەر قەشقەرگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، سەركەردە مەھمۇت مۇھىتى بۇيرۇق ئېلان قىلىپ قوچقار پالۋانغا لىيەنجاڭلىق ۋەزىپە بېرىپ هارابتا قاراۋۇللۇق قىلىش مەجبۇرىيىتىنى تاپشۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئاقتاشلىق پالۋاننىڭ رومانتىك مەزمۇن بىلەن تولغان يېڭى هاياتى خېلى يىللارغىچە مۇشۇ هاراب قەلئەسىنى قوغداش بىلەن ئۆتتى.

كاشان دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىغا جايلاشقان بۇ كەنت يەكەن، يوپۇرغا، يېڭىسار ۋە قەشقەر دائىرىسى بىلەن چېگرىلىنىدىغان ئىستراتېگىيىلىك قورغان هېسابلىناتتى. ئۇزاق تارىختىن بۇيان، بۇ جاي هەربىي سەركەردىلەرنىڭ تاللىشىش نۇقتىسى ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئەسلىدىكى «ئاراب» دېگەن نامىنىڭ مەنىسىمۇ «هەربىي قەلئە»، «جەڭگاھ» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرەتتى. لېكىن بۇ هەربىي قەلئە قوچقار پالۋاننىڭ ئىگىدارچىلىقىغا ئۆتكەن يىللارنىڭ دەسلىپىدە جەڭگى-جېدەللەردىن بىرقەدەر خالىي بولۇپ تۇردى. قوچقار پالۋان بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىسىملىرىغا يېڭى ئۆي-ماكان سېلىش، پىدائىيلار ئىچىدىكى ساۋاتسىزلارنى ئوقۇتۇش ۋە دېھقانلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق مەشغۇلاتلار بىلەن هەپىلەشتى.

كېيىنكى يىلنىڭ بارات ئېيى يېقىنلىشىپ، «ئوردام سەيلىسى» باشلىنىشقا ئازلا ۋاقىت قالغان بىر كۈنىسى هىدايى بىلەن ۋاڭ نىياز ئىككىسى قوچقار پالۋانغا مەسلىهەت بېرىپ دېدى:

— بىز ھارابقا ئورۇنلاشقىلى خېلى ئايلار بولدى. ئاتلىرىمىزنىڭ تاقىلىرىمۇ داتلىشىپ قالاي دېدى. جەڭچى دېگەن يەر شارائىتى بىلەن تونۇشمىسا كېيىن ھېچنېمىگە يارىماي قالىدۇ. ھېچبولمىغاندا «ئوردام سەيلىسى»نى بولسىمۇ كۆرۈپ كەلمەمدۇق؟

ئوردام قەبرىستانلىقى ھاراب بازىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، يىگىرمە تۆت كىلومېتىر ئارىلىقتىكى چوڭ قۇم بارخانلىرى ئىچىگە جايلاشقان مەشھۇر مازار بولۇپ، ھەر يىلى بارات ئېيىدا تەكلىماكان ئەتراپىدىكى ھەممە يەردىن نەچچە مىڭلىغان كىشىلەر بۇ يەرگە سەيلە-ساياھەت ۋە دۇئا-تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن كېلەتتى. ئۇنىڭ داڭقىنى قوچقار پالۋانمۇ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا ئۇ ئاغىنىلىرىنىڭ پىكرىگە دەرھال ماقۇل بولدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، ئۇلار تەقەززا بولغان قۇتلۇق دەقىقىلەر يېتىپ كەلدى-دە، ئۈچەيلەن ئارغىماقلىرىغا مىنىشىپ «ئوردام» سەيلىگاھ مەنزىلىگە يېتىپ باردى.

قۇم بارخانلىرى قورشاپ تۇرغان ئوردام قەبرىستانلىقىنىڭ ئەتراپىدا ئادەم دېڭىزى قاينىغانىدى. مەركىزىي مازارنىڭ چۆرىسى قېلىن ياغاچ تاختايلار بىلەن قورشالغان، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ساخاۋەتخانا، تىلاۋەتخانا ۋە مەسچىت بىنالىرى قەد كۆتۈرگەن، ئالدى ئوچۇق تۇزلەڭلىكنىڭ كۈنپېتىش تەرىپىگە خۇتبە سۇپىسى تۇرغۇزۇلغانىدى. بۇ جاينىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغان ۋە بىر قېتىمدىلا چوڭ كالىنىڭ گۆشىنى پىشۇرغىلى بولىدىغان مىس داش قازاننىڭ كۆركەم سالاپىتى ساياھەتچىلەرنى تاڭ قالدۇراتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، خۇتبە مۇنبىرىدە پەيدا بولغان چىرايلىق كىيىنگەن، كېلىشكەن بىر يىگىتنىڭ قامەتلىك ئوبرازى ھەممە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئۇ شۇ تاپتا جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن «ئوردام تەزكىرىسى» توغرىسىدىكى تارىخىي قىسسەسىنى باشلىغانىدى.

— تارىختا ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئەسلىمىسى كىشىلەر خاتىرىسىدە مەڭگۈ قالىدۇ. ئوردام تەزكىرىسى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ئىشلارنىڭ مەڭگۈلۈك يادنامىسى. بىر زامانلاردا بۇ يەردە ئوردا سۇلتانى سەئىد ئارسلانخان قوماندانلىقىدىكى لەشكەرلەر بىلەن بۇددىست چېرىكلىرى ئارىسىدا قانلىق جەڭ بولغان. بىر ئاسىي جادۇگەر ئايالنىڭ سەۋەبى بىلەن دۈشمەن چېرىكلىرى تاڭ سەھەرلىكتە ئوردا سۇلتانى سەئىد ئارسلانخان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى مۇشۇ يەردە تۇيۇقسىز قورشىۋېلىپ، ھەممەيلەننى قەتلى قىلىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ جەستى مانا مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. بۇ جاينىڭ «ئوردام مازىرى» دەپ ئاتىلىپ، ھازىرغىچە مۇقەددەس ئابىدە بولۇپ ئەسلىنىپ كېلىشى ئەنە شۇ سەۋەبتىن...

ناتىق يىگىتنىڭ ئاڭلىغۇچىلار قەلبىنى ھاياجانغا سېلىۋەتكەن نۇتقى ئاياغلىشىپ مۇنبەردىن قايتىپ چۈشكەن ھامان قوچقار پالۋان ھەممىنىڭ ئالدىدا يىگىتكە سالام بېرىپ، ئۇنىڭ تەسىرلىك نۇتقىغا بارىكاللا ئېيتتى. ئۇلار ئۆزئارا تونۇشلۇق بېرىشتى ۋە قىزغىن پاراڭلاشتى.

ناتىق يىگىت — مەرىپەت چولپانى مەمتىلى ئەپەندى — تەۋپىق دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ تەكلىماكان ساھىلىدە مەرىپەت شامىنى ياندۇرۇش بۇرچى بىلەن ئاقارتىش-تەرغىبات ئىشلىرىنى قانات يايدۇرۇۋاتقانىدى. يۇرتمۇيۇرت ئارىلاپ مەكتەپ تەسىس قىلىش سەپىرىدە يېڭىساردىن ئىزچى ئوقۇغۇچىلىرىنى باشلاپ زىيارەت ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. قوچقار پالۋان بۇ قۇتلۇق كۈندە ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق بىر خاسىيەتلىك زات بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىدىن ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. ئۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بۇ يەردىكى زىيارەتنى

قىسقارتىشنى قارار قىلدى-دە، تەۋپىق ئەپەندىنى باشلاپ قىلىچ بۇغراخاندىكى قاراۋۇل گازارمىسىغا يۈرۈپ كەتتى..

## 2

قوچقار پالۋان كوماندىرلىقىدىكى قىسىم گازارمىسى هاراب بازىرىنىڭ شەرقىي شىمالىغا تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان ئارىلىقتا جايلاشقان قىلىچ بۇغراخان مەھەللىسىگە جايلاشقانىدى. قوچقار پالۋان ئۆزىنىڭ مەخسۇس بۆلۈمىدە تەۋپىق ئەپەندىنى ئازادە كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىمالال سۆھبەتلەشتى. ئۇ، هازىر ئۆزىنىڭ هۇزۇرىدا مېهمان بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوقۇمۇشلۇق زات ــ تەۋپىق ئەپەندىنىڭ ئوبرازىغا ھەۋەس بىلەن نەزەر تاشلىغىنىدا، كۆڭۈل تەسەۋۋۇرىدىن مەرھۇم ئۇستازى ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئوبرازى، سارداۋان ئۇستىدە ئېيتىپ بەرگەن چىن تۆمۈر باتۇر ھەققىدىكى چۆچەكلىرى، تورغۇتلارنىڭ نادام سەيلىسىدە بىرگە ئۆتكەن سەپەرداشلىق هاياتلىرى كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەمدى بۈگۈن بۇ يېڭى ئۇستازىنىڭ ئوردام مۇنبىرىدە سۆزلىگەن سۇلتان سەئىد ئارسلانخان باتۇرنىڭ تەزكىرىسى توغرىسىدىكى هېكايىسى بىلەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ سەرداۋان هېكايىسىنىڭ بىر يىپقا تىزىلغانلىقىدەك ئاجايىبات ئۇنى بەكمۇ تەئەججۇپلەندۈرۈۋەتكەنىدى.

غىزادىن كېيىن قوچقار پالۋان ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ۋە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ تەرجىمىھالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى-دە، ئارقىدىن ئىنتىزارلىق بىلەن تەۋپىق ئەپەندىنىڭ سۆزىنى كۈتتى.

ــ مېنىڭمۇ، جۈملىدىن ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭمۇ،ـ دەپ سۆزىنى باشلىدى تەۋپىق،ـ مۇراد-مەقسىتىمىز ۋە غايىمىز پەقەت ئىلىم-مەرىپەت ئارقىلىق خەلقنى جاهالەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش. مەن بۇ ھەقىقەتنى باشقا ئەللەرنى كۆرۈش ئارقىلىق بىلدىم. ئىلىم-پەندىن مەھرۇم بولغان خەلق قاششاقلىق پاتقىقىدىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ ۋە مەڭگۈ هۆرلۈككە ئېرىشەلمەيدۇ. شۇڭا مېنىڭ بۇرچۇم پىداكارلىق بىلەن يېڭى مەكتەپ تەسىس قىلىپ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ كۆز نۇرىنى يورۇتۇشقا قارىتىلغان.

تەۋپىقنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن قوچقار پالۋان تەكلىپ تەلەپپۇزىدا سۆز قىستۇرۇپ دېدى:

ــ بىزنىڭ بۇ يەردىكى پىدائىي يىگىتلىرىمىزگىمۇ ئاشۇنداق يېڭى مەرىپەت مەكتىپى زۆرۈر ئىدى. بىراق مۇئەللىم مەسىلىسى...،ـ دەپ توختاپ قالدى.

ــ بۇ مەقسەتلىرى جايىدا بولدى،ـ دېدى تەۋپىق جاۋابەن،ـ «نادان بىرنى يېڭەر، بىلىملىك مىڭنى» دەيدىغان تەمسىلىمىز بار. بۇ نۇرغۇن ئەمەلىيەتلەر سىنىقىدىن ئۆتكەن ھەقىقەت. بىز هازىر سۆزلىشىۋاتقان مۇشۇ جاي ــ قىلىچ بۇغراخان قەبرىسى بار جاي. قىلىچ بۇغراخان «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىنىڭ مۇخلىسى ئىدى. قىلىچ بۇغراخان «قۇتادغۇبىلىك» دەستۇرىنىڭ تەلىمىگە تايىنىپ تۇرۇپ دۈشمەن چېرىكلىرىنى نۇرغۇن قېتىم گۇمران قىلالىغان، ئەپسۇس، قىلىچ بۇغراخاننىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى «قۇتادغۇبىلىك» دەستۇرىنى ئۇنتۇپ قالغان كۈنلەردىن باشلاپ خارۇزارلىق گىردابىغا چۈشۈپ قالدى. مۇشۇ ساۋاقلار تۈپەيلىدىن سىلىنىڭ هېلىقى تەكلىپلىرى بەكمۇ ئاقىلانە. بىراق، مەن هازىر ئاتۇشتا نۇرغۇن يېڭى مەكتەپ قۇرۇپ چىقتىم. ساۋاقداشلار مېنىڭ يولۇمغا تۆت كۆزى بىلەن قاراشلىق. شۇڭا بۈگۈن سىلى بىلەن خوشلىششقا مەجبۇرمەن. كېيىنچىرەك ئاتۇشتىن بىر مۇئەللىم ئەۋەتىشكە ۋەدە بېرىمەن.

ئىككىيلەننىڭ سۆھبىتى قىزىپ، ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاغدا سورۇن ئۈستىگە قوچقار پالۋاننىڭ قەدىناس دوستلىرى ھىدايى بىلەن ۋاڭ نىياز ھەمدە پىدائىي قىسىملاردىن خۇرسەن مۇھەممەدىن قاتارلىق كىشىلەر كىرىپ كەلدى، قوچقار پالۋان ئۇلارنى تەۋپىق ئەپەندىگە بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرغاندىن كېيىن سۆھبەتنى يېڭى بىر سوئالغا بۇراپ دېدى:

— بىز بۇ يەرگە ئورۇنلاشقىلى خېلى چاغلار بولدى. ھازىرقى ۋەزىيەت خۇددى تۇمان قاپلىغان ھاۋاغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. مەنزىلىمىزنىڭ باش- ئايىغىنى كۆرەلمەيۋاتىمىز، ئۆزلىرىنىڭ پەرىزى قانداق؟

تەۋپىق ئەپەندى بۇ سوئالنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە كۈلكىسى توختىغاندىن كېيىن جاۋابەن دېدى:

— ئىشنىڭ بېشى سۆزۈك ئىدى، كېيىن بېرىپ-بېرىپ خۇددى خەلق ناخشىسىدىكىدەك ھاۋا تۇمان بىلەن خىرەلەشتى. بۇ ئىشتا ئاڭسىزلىق، نادانلىق ۋە ئاردا سۇخەنچىلىك قىلىدىغان ئالا بايتاللار، چاڭقاپ ھالىدىن كېتىپ قېلىۋاتقان بۇ زېمىندا قاباھەتلىك ئويۇن كۆرسەتمەكتە. بەزىلەر ئاسىيلىق قىلىپ قارماقتا ئېلىندى، بەزىلەر مەنسەپ ھېرىسلىقى بىلەن ئالداندى، بەزىلەر خەلقنى تالان-تاراج قىلدى، ئالىم-ئۆلىمالار تەھدىت ئاستىدا قالدى. مۇشۇنداق تەھدىتنىڭ قارا بۇلۇتى مانا ئەمدى ھەممىمىزنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرۈۋاتىدۇ، مېنىڭ پەرىزىمچە،- دېدى تەۋپىق سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،- ئۆز يولىنىڭ ھەقلىقىغا ئىشەنگەن ئادەم ھەرقانداق مالامەتكە دۇچار بولغان تەقدىردىمۇ پىسەنت قىلمايدۇ. مېنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك يولۇم توغرا يول بولغىنى ئۈچۈن ئۆزۈمگە «تەۋپىق» دېگەن تەخەللۇسنى ئېتىقاد ئابىدىسى قىلىپ تاللىۋالدىم. سىلەرمۇ ۋاڭ، پادىشاھ، بەگ ۋە پاششاپلارنىڭ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرگەنىكەنسىلەر، ئەلۋەتتە ئۆز يولۇڭلاردىن پۇشايمان قىلماسلىقىڭلار كېرەك. دۇنيادا ھەقىقەتكە ئاسىيلىق قىلغاندىن ئارتۇق جىنايەت ۋە شەرمەندىچىلىك بولمايدۇ.

تەۋپىقنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندا ھەممەيلەن ئالقىش ياڭرىتىپ ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشتى. ئاخىرىدا قوچقار پالۋان بۇ مەرىپەتپەرۋەر ئۇستازنىڭ شائىر، مۇزىكانت ۋە كۆپلىگەن مەكتەپ مارشىنىڭ ئىجادچىسى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى-دە، پىدائىي يىگىتلەرگە بىرقانچە ناخشا ئۆگىتىپ قويۇشنى ئۆتۈندى، تەۋپىق بۇ تەكلىپنى سەمىمىي قوبۇل قىلدى.



قوچقار پالۋان دوستى ھىدايىغا پىدائىي يىگىتلەرنىڭ دەرھال قىلىچ بۇغراخان قەبرىسانلىقىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى مەشىق مەيدانىغا يىغىلىشىنى چېكىلەپ يولغا سالدى. ئۆزى تەۋپىق ئەپەندىنى باشلاپ مەيدان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ يانچۇقىدىن خاسىيەتلىك پارقىراق «ئاق تاش»نى چىقاردى-دە، شۇئان بىر نۇرنىڭ شولىسى ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ قاياققىدۇر غايىب بولدى. ئارقىدىنلا تورغۇت دۇلدۇلى گويا ئاسماندىن شۇڭغۇپ چۈشكەندەك كېلىپ، قوچقار پالۋاننىڭ ئالدىدا توختىدى. بۇ كارامەت ۋە ئاجايىباتنى كۆرگەن تەۋپىق ئەپەندى ھەيران قالدى-دە، زوقلىنىپ دېدى:

ــ پالۋان يىگىت، ئۆزلىرىدە مۇنداقمۇ كارامەت مۆجىزە بار ئىكەن-دە؟

تەۋپىق ئاق بوز ئاتنىڭ قامىتىگە، ئۇنىڭ سەرخىل ئىگەر جابدۇقلىرىغا ھەۋەس بىلەن قارايتتى ۋە توختىماي مەدھىيىلەيتتى.

قوچقار پالۋان بۇ ماختاشلارغا مەستلىكى كېلىپ تەۋپىق ئەپەندىگە «ئاق تاش»نىڭ خاسىيىتىنى ۋە تۇرغۇت دۆلىدۆلىنىڭ تارىخىنى سۆزلەپ تۇراتتى. قاياقتىندۇر بىر ئىگىز بويلۇق، بوينىغا شەلپەر ياغلىق باغلىۋالغان بىر ئوغۇل كېلىپ، ئۇلارنىڭ پارىڭىنى بۆلۈپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن دېدى:

ــ تەۋپىق ئەپەندىم، سىلىنى ئىزچى باللار ھاراب بازىرىدا ساقلاپ قالدى!...

ــ ناھايىتى ياخشى، دەل ۋاقتىدا كەلدىڭىز، ئاۋۋال سىز تېز بېرىپ ئۇلارنى مۇشۇ مەيدانغا باشلاپ كېلىڭ!

تەۋپىق ئەپەندىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھېلىقى بالا ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. ھاراب بازىرى بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئىزچى باللار ناھايىتى تېزلا مەيداندا ھازىر بولدى. بۇ مەيدانغا ئاۋۋال توپلىنىپ تۇرغان پىدائىي يىگىتلەر ــ ئىزچىلارنى قىزغىن چاۋاك بىلەن قارشى ئالدى. قوچقار پالۋان چاققانلىق بىلەن ئات ئۈستىگە چىقتى-دە، كوماندا بېرىپ سەپنى رۇسلىدى. تەۋپىق ئەپەندى ئىزچى باللارنى سەپنىڭ ئالدىدا رەتلىك تىزىپ ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر ئىجادىيىتى بولغان تۆۋەندىكى بىرقانچە مەكتەپ ناخشىلىرىنى كوللېكتىپ ئورۇنداشنى باشلىۋەتتى:

*                    *

سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن، ئويلىساڭچۇ،

ئىززىتىڭ-ھۆرمىتىڭ كەم بولۇرمۇ؟

كۆكرىكىڭدىن يېنىپ تۇرمىسا ئوتلىرىڭ،

ئەللىرىڭ-يۇرتلىرىڭ نۇر بولۇرمۇ؟

سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن، ئويلىساڭچۇ،

ئىززىتىڭ-ھۆرمىتىڭ كەم بولۇرمۇ؟

تىغ ئېلىپ ئاتلىنىپ جەڭ قىلمىساڭ،

يۇرتلىرىڭ-خەلقلىرىڭ ھۆر بولۇرمۇ؟

* *

ئويغان خەلقىم

ئويغان خەلقىم، يۇرتۇڭنى سەن قۇتقۇلدۇر،
مەكتەپ بىلەن چىراغ يېقىپ نۇر تولدۇر.

پۈتسۇن ئەمدى زۇلمەت دەۋرى ئىستىبدات،
شۇم تەقدىردىن، قارا كۈندىن بول ئازاد.

سائادىتىڭ ئۈچۈن تىرىش، ھىممەت قىل،
پەرزەنتلەرنى ئاقارتىشقا جۈرئەت قىل.

دوست تۇر ئەمدى ئاتلان ئېرپان يولىغا،
ھۇما قۇش قونسۇن ئەۋلاد قولىغا.

......

جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ئوقۇلغان بۇ مارشلارنىڭ ساداسى مەيداننى لەرزىگە كەلتۈرگەنىدى. ئىنچى باللار خوشلىشىپ ماڭغاندا پەيدائىي يىگىتلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار توختىماي ئېقىپ تۇراتتى.

4

ھارابىتىكى گازارما تۇرمۇشىغا بەزىدە يۇقىرىقىدەك مەنىلىك مەزمۇنلار قوشۇلۇپ تۇرغاچقا، دېھقان باللىرى بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ، روھىي ئوزۇق ئالاتتى. لېكىن، ئايلار، پەسىللەر ئالمىشىپ ئۆتۈۋەرگەنسېرى ئايىغى كۆرۈنمەيدىغان كېچىلىك نۆۋەتچىلىك، كۈندۈزلۈك ئېغىر مەشىق ئۇلارنى زېرىكتۈرۈپ باراتتى. قاتتىق ئىنتىزام، كۈنمۇكۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئاتلىق مەشىق جەريانىدا يىگىتلەرنىڭ بەزىلىرى پۇت-قوللىرىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. ياندۇرقى يىلى ئەتىياز پەسلىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ئات مەشىقىدە قوچقار پالۋاننىڭ دوستى ۋاڭ نىياز ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئاشۇنداق بالا-قازاغا ئۇچرىدى. ھارابىتىكى سۇنۇقچىلار كېلىپ تېڭىپ

باقسمۇ كار قىلمىدى. قوچقار پالۋان ئاخىرى مەھمۇت سىجاڭنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى ۋە مەسلىھەتچىسى بايئاخۇن ئەزىزگە خەت يېزىپ بىر ئۇستىراق تېڭىقچى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، قەشقەردىن كېلىدىغان تېڭىقچىنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيتتى. ۋاڭ نىياز سۇنۇق ئاغرىقىغا چىدىيالماي ئاللا-تۇۋا سالاتتى. قوچقار پالۋان ئۇنىڭدىن بەكرەك تىت-تىت بولاتتى.

باش ئەتىياز مەزگىلى، ھاۋا قىزىشقا باشلىغان، توڭلار ئېرىپ، دېھقانلار يازغى بۇغداي تېرىشقا ئالدىراۋاتقان چاغ ئىدى. قوچقار پالۋان دوستىنىڭ كېسىلىگە قارايدىغان مەخسۇس مۇلازىم بەلگىلەپ قويۇپ، ھىدايىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ بىنام مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدى.

— بىز بۈگۈن ئازادىرەك سىردىشىۋالايلى، دوستۇم.

قوچقار پالۋان ئالدىن ئېغىز ئېچىپ ئىچ-سىرىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

— مېنىڭ ھەر كۈنى چۈشۈم بۇزۇلۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. قانداقتۇر بىر پاراكەندىچىلىك يېتىپ كېلەمدۇ، نېمە؟

— ۋاڭ نىيازنىڭ پۇتى سۇنغانلىقىغا قاراپ ئاشۇنداق چۈش كۆرگەنسەن ھەرقاچان، بولمىسا چۈشۈڭ نېمىگە بۇزۇلىدۇ؟

ھىدايى ئېرەن قىلمىغاندەك يۈزەكىلا جاۋاب بەردى. لېكىن قوچقار پالۋان بۇ تاپتا بۇنداق يۈزەكى جاۋابقا كۆنمەيتتى. ئۇنىڭ بۇزۇلۇۋاتقان چۈشى ھازىرقى ۋەزىيەت تەقەززاسىنىڭ مېڭە ھۈجەيرىسىگە تەسىر كۆرسەتكەن جىددىي ئىنكاسى ئىدى.

ئۇلار چۈش تەبىرىنى سۆزلىشىپ مېڭىپ بىنام مەھەللىسىدىكى ئېتىز بېشىغا يېتىپ كەلگىنىنى تۇيماي قېلىشتى. قىزىل توپىلىق بۇ ئېتىز بېشىغا ياغاچ ساپان قوشۇلغان كالىسىنى توختىتىپ قويۇپ، مانا كۆڭلەك پېشىگە قاچىلاپ كەلگەن بۇغداي ئۇرۇقىنى تاۋلاشقان ئېتىزغا ئوڭ قولى بىلەن چېچىۋاتقان ئاقساقال دېھقاننىڭ پېشانىسىدىن تەر-مۇنچاقلىرى توختىماي ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىككىيلەن تەڭلا ئىزىدا توختاشتى. دېھقان ياردەمچىسى يوق، ئۆزى تىكەندەك يالغۇز ئەمگەك قىلىۋاتاتتى.

— قېنى، دوستۇم ھىدايى، ئاقساقال دېھقان تاغىمىز يالغۇزچىلىق تارتىپ قېلىۋېتىپتۇ. قوش ھەيدىيەلەيدىغانسەن؟ نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، تاغىمىزغا ياردەم بېرەيلى.

قوچقار پالۋان سۆزلەپ بولغۇچە ھىدايى يۈگۈرۈپ بېرىپ ساپاننى قولىغا ئالدى-دە، ئۇرۇق چېچىلىپ بولغان يەردىن باشلاپ ئاغدۇرۇشقا باشلىدى. ھىدايى قامەتلىك ئۆسكەن دېھقان بالىسى ئىدى. ئۇرۇنغا قالمايلا ئۇرۇقنىڭ چېچىلىپ بولۇشىغا ئۇلگۈرتۈپ ئېتىزمۇ ھەيدىلىپ بولدى-دە، ئۇلار قىر بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ دەم ئالغاچ ھال-مۇڭ بولۇشتى.

— تاغا، بۇ ئېتىزنىڭ توپىسى نېمە ئۈچۈن بۇنداق تېگى-تېگىدىن قىزىل؟

ھىدايى ئېغىز ئېچىپ ئاقساقال دېھقاندىن كوچىلاپ سورىدى. دېھقان بىر كۈلۈۋېتىپ جاۋاب بەردى:

— بەللى، ھەق جايىنى تېپىپ سورىدىلا، ئۇكام، بۇ ئېشىنىڭ تېگى-تەكتىنى بىز ھارابىلىقلار چۈشىنىمىز، بىزنىڭ بۇ جاي ئەزەلدىن بىر جەڭگاھ ماكان. پېشانىمىزگە ئەلمىساقتىن شۇنداق پۈتۈلگەنمۇ، ئۇ بىزگە قاراڭغۇ، بۇ يەردە كۆپ قانلار تۆكۈلگەن. ئوردام شېھىتگاھلىقى، قىلىچ بۇغراخان شېھىتگاھلىقى ئۇنىڭ شاھىتى. بۇرۇن-بۇرۇنىسىدا بىر زېمىن ئەلۋەك، بۇك-باراقسان ئىكەن. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئەتراپى قۇم بارخانلىرى ئاستىدا قالدى. يىراقنى قويۇپ يېقىنقى ۋەقەلەرنى سۆزلىسەك، بەدۆلەت لەشكەرلىرىمۇ، شامەنسۇر ئەسكەرلىرىمۇ ۋە باشقا نۇرغۇن ئاتارمەنلەرمۇ بۇ جايدا قان تۆككەن. تۇپراقنىڭ قىزىل رەڭگى ئەنە شۇنىڭدىن گۇۋاھلىق بېرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ، ئۇنى ئاللا ئۆزى بىلىدۇ.

ئاقساقال دېھقان سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە قاياقتىندۇر بىر قىزىل تۇمشۇق قاغا ئۇچۇپ كېلىپ قىر بېشىغا قوندى-دە، قاقىلداپ سايراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خىرە ئاۋازى خۇنۇك ئاڭلىناتتى. بۇ قىزىل تۇمشۇق قاغىنىڭ بىمەھەل ئۇچۇپ كېلىپ، بىمەھەل ۋاقىتتا سايراشقا باشلىغانلىقى بىرەر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇڭدىشىش سۆھبىتى مۇشۇ نۇقتىغا مەركەزلىشىۋاتقان چاغدا گازارما تەرەپتىن بىر يىگىت ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كېلىپ قوچقار پالۋانغا چاس بەردى-دە، دوكلات قىلىپ دېدى:

— شەھەردىن چىققان تېڭىقچى دوختۇرلار سىلىنى ساقلاپ قالدى.

قوچقار پالۋان بىلەن ھىدايى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان ئاقساقال دېھقان بىلەن خوشلىشىپ ۋە ئالدىراپ گازارما شتابىغا قايتتى. گازارما شتابىنىڭ يېنىدا بايئاخۇن ئەزىزى بىلەن تېڭىقچى دوختۇر ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. قوچقار پالۋان مېھمانلىرىنى شتاب ئىشخانىسىغا باشلاپ كىرىپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئاۋۋال ۋاڭ نىيازنىڭ سۇنۇقى توغرىسىدا سۆزلەشتى. ئارقىدىن كېسەلنىڭ سۇنۇقىنى تەكشۈردى. تېڭىقچى دوختۇر ۋاڭ نىيازنىڭ سۇنۇقىنى تەكشۈرۈۋاتقان مەھەلدە بايئاخۇن ئەزىزى بېشارەت بېرىپ، قوچقار پالۋاننى يالغۇز سىرتقا ئاچىقتى-دە، ئىككىيلەن ئۇزۇنغىچە مەخپىي سۆزلەشتى. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ بۇ خۇسۇسىي دوختۇرى ئۇزۇن ئۆتمەي ئالدىراپ-تېنەپ ئۆزى تەنھا شەھەر ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

«چۈشۈمنىڭ بۇزۇلۇشى، قاغىنىڭ سايرىشى مانا ئەمدى ئۇختىسىغا كەلدى» دېدى قوچقار پالۋان ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ...

تېڭىقچى ۋاڭ نىيازنىڭ سۇنۇقىنى قايتىلاپ تېڭىپ، دورا ئىچۈرۈپ، ئۇنى ئۇخلىتىپ قويغاندىن كېيىن قوچقار پالۋان تېڭىقچىنى ياتىقىدا مەخسۇس كۈتۈۋالدى. تاماق ئارىسىدا ئۇلار نازۇك سىرلارغىچە بىمالال سىرداشتى. تېڭىقچى بولسا شەھەر ئىچىدە بايئاخۇن ئەزىزىنىڭ يېقىن كۆز-قۇلىقى بولغىنى ئۈچۈن ئىچكى ئەھۋاللاردىن تولۇق خەۋەردار ئىدى.

— يېقىندىن بۇيان سەركەردىمىزگە بىرەر دىشۋارچىلىق يېتىۋاتامدۇ، نېمە؟

تېڭىقچى ئۆزىگە قويۇلغان بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى قاچۇرمىدى. ئۇ ھېلىلا بايئاخۇن ئەزىزنىڭ ھەممىنى قوچقار پالۋانغا مەخپىي يەتكۈزگەنلىكىنى سېزىپ تۇرغانىدى. شۇڭا، ئۇ لىللا جاۋاب بېرىپ دېدى:

— شۇنداق، پالۋان، «يېغى ياندىن، بالا قېرىنداشتىن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز ئەمەلدە ئىسپاتلىنىۋاتىدۇ، دۈيۈزلەر ھازىر مەھمۇت مۇھىتىنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. خوجىنىياز ھاجى ھەر ھەپتىدە بىر پارچە خەت يېزىپ «ئۈرۈمچىگە كەل، دۇبەنگە ئەل بول، ساڭا چوڭ مەنسەپ بېرىلىدۇ» دەپ قىستايدىكەن، يەنە شورادا ئوقۇپ

قايتىپ كەلگەن بۇرۇنقى ئەگەشكۈچىلىرى ھەدېگەندە ئۇنىڭ پېيىنى قىرقىشقا قەستلەۋېتىپتۇ. ھەتتا مەخپىي تىغ كۆتۈرۈشنىمۇ پەملەۋېتىپتۇ. ئالا بايتاللارنىڭ بۇ ھىيلە-مىكرىنى سەركەردىمىز سەزگۈرلۈك بىلەن بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن، ئۇ بېشىنىڭ تۈكىدىن تولا دەرد-ئەلەم دەستىدىن ئازابلىنىپ، ئارامخۇدا ئۇخلىيالمايۋېتىپتۇ، ئەھۋال بولسا مانا شۇنداق، بۇرادەر، كوچا-كويلاردىمۇ مىش-مىش گەپلەر، ئەپقاچتى ياۋا پاراڭلار قۇمدەك ئۇچۇپ يۈرۈشىدۇ.

تېڭىقچىنىڭ جاۋابى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن قوچقار پالۋاننىڭ رەڭگى بىردىنلا ئۆڭۈپ، چىرايى تاتارغاندەك بولدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئادالەتسىز تەقدىرگە بولغان نەپرەت ئىسيانى مۇجۇماقتا ئىدى. بىر مەھەلدىن كېيىن، ئۇ، تېڭىقچىغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ دېدى:

ــ چۈشەندىم، ئۇستام، ھەممىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولدۇم، بىز ھازىرچە ‹‹بولۇر بىر گەپ›› دەپ تۇرايلى، ئىككىنچى گەپكە كەلسەك ئۆزلىرى تاڭغان سۇنۇق پۇتنىڭ ساقىيىشى قانداق بولار؟

ــ بىمارنىڭ پاچاق سۆڭىكى ئىككى يېرىدىن سۇنغان. مەن سۇنۇقنى ئىزىغا چۈشۈرۈپ ئوبدان تېڭىپ قويدۇم. ئىنشائاللا يېرىم ئايغا ئاتقا ئۆزى مىنەلەيدىغان ھالغا كېلىدۇ. شۇڭا مېنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشۇممۇ ھاجەتسىز، ئۇنىڭ ئۇستىگە شەھەردە مېنى كۈتۈپ تۇرغان سۇنۇق كېسەللەرمۇ خېلى كۆپ كۆپ، ئىلاجى بار بۈگۈن ئاخشام كېتىشىمگە ئىجازەت بېرىشسىلەر.

قوچقار پالۋان تېڭىقچى ئۇستامنىڭ پىكرىگە ماقۇل بولدى- دېدى، ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۈزىتىپ قويدى.



ھاراب گازارما شتابىدا بۈگۈن پەيدا بولغان كەيپىيات جىددىيلىكى ئادەتتىكى پىدائىي يىگىتلەردىن ئىنتايىن مەخپىي تۇتۇلدى. قوچقار پالۋان بىلەن ھىدايى ــ ئىككىيلەنلا بىلىدىغان بۇ مەخپىيەتلىكنى ئۈچىنچى شەخس سىزىپ قالىدىغان بولسا بىر چوڭ پالاكەتچىلىك يۈز بېرىدۇ، دەپ پۈتۈشكەنىدى. ئەمما بۇيرۇق مەخپىي تۇتۇلغاندىمۇ، ئۇنىڭ ئەمەلىي ئىجراسى كۈنتەرتىپكە قويۇلغاندا، ئىككىنچى بىر جىددىيلىك كېلىپ چىقاتتى. قوچقار پالۋان قاتتىق تارتىپ تۇرغۇزۇش ئارقىلىق سىر ساقلاش تەدبىرىنى قوللانىدى. گازارما ياتاقلىرىنى يېرىم كېچىلەردە تۇيۇقسىز چارلاپ كىرىپ، شەخسەن ئۆزى بىۋاستە يوقلىما قىلاتتى. تاغارچى مەھەللىسىدىكى بىر خوتۇن بىلەن ئاشنا ئويناپ كېچىسى كەلمىگەن بىر يىگىتنى شۇئان تاپتۇرۇپ كېلىپ جازالاپ پەندىياد يېگۈزدى- دە، پۈتۈن يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىبرەت قىلدى. ئاندىن ھارابتىكى ئىشلارنى ھىدايىغا ھاۋالە قىلىپ، ئۆزى يىگىرمە نەچچە يىگىتنى باشلاپ ياپچان قاراۋۇلخانىسىغا ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى.

ياپچان قەدىمدىن قەشقەر بىلەن يېڭىسارنى تۇتاشتۇرىدىغان چوڭ يول ئۇستىكى مۇھىم لەڭگەر ئىدى. ئۇنىڭ ئەتراپى ‹‹تېرەك بوستان›› قاتارلىق قويۇق ئورمان بىلەن قاپلانغان. قاراۋۇللار بۇ يەرگە كېلىپ

ئورۇنلىشىپ ئىككىنچى كۈنىسى يېڭىسار تەرەپتىن قەشقەرگە ماڭغان بىر ئاتلىق گومىندار كىشىنى تۇتۇۋېلىپ يېنىدىن بىر پارچە خەتنى تېپىۋالدى. بۇ خەتتە:

‹‹مەھمۇت سىجاڭ ئۇۋ قىلىش باھانىسى بىلەن يېڭىسارغا كېلىپلا، بۇ يەردىكى لەشكەرلىرىنى كۆكيار ئارقىلىق ھىندىستانغا ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن تاڭ سەھەردە يۈرۈپ كەتتى››

دېيىلگەنىدى. قوچقار پالۋان بۇ ئاخباراتنى قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن ياپچاندىكى قاراۋۇللۇق ئىشىنى ئاياغلاشتۇرۇپ، ھېلىقى گومىندار كىشىنى ئالدىغا سېلىپ يېڭىسارغا يېتىپ باردى. مەھمۇت مۇھىتى راستتىنلا بۇ يەردىن يۈرۈپ كەتكەنىدى. ئابدۇنىياز قەشقەردە مەلۇم خاتالىق ئۆتكۈزۈپ يېڭىسار قاماقخانىسىغا قامىلىپ قويۇلغان مويىدىن تۇەنجاڭنى تۈرمىدىن بوشىتىپ ئۆزىنىڭ سېپىگە قوشۇۋالدى. ئۇ ئاندىن ھايال بولماي يېڭىساردىن ھارابقا قايتىپ كەلدى-دە، بۇ يەردە ئۈنى كۈتۈپ تۇرغان بىر لىيەن قوشۇننى باشلاپ يەكەنگە قاراپ ماڭدى. ئۇ يەكەن بازىرى ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن مەھمۇت مۇھىتىنىڭ كۆكيار ئارقىلىق لاداخقا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق بىلدى. لېكىن ئۇ ياپچاندا تۇتۇۋالغان ھېلىقى ئاخباراتچىنى سوراق قىلىشنى ۋاقتىنچە كەينىگە قالدۇرۇپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن خەلقنىڭ رايىنى تىڭشىغىلاپ كۆرۈش ئۈچۈن بىرنەچچە سائەت بازار ئارىلىدى. ما جەمەتى ۋە باشقا توپىلاڭچىلارنىڭ ئۈستى-ئۈستىگە سالغان ئالۋان-ياساقلىرى دەستىن پۇقرالارنىڭ چىدىغۇچىلىكى قالمىغانىدى.

ئۇ كوچىنىڭ بىر بېشىدا بۇك-باراقسان شاخلانغان بىر تۈپ سۆگەت سايىسى ئاستىغا توپلانغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىغا كەلدى-دە، بىر ئوتتۇرا ياش پالچىنىڭ داق يەر ئۈستىدە پالغا تەبىر بېرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. قوچقار پالۋان بۇ يەردە پالچىدىن بىر قېتىملىق مۇھىم دەرس ئاڭلىغاندەك بولدى. پالى مۇنداق دېگەنىدى:

مەھمۇت سىجاڭ ‹‹ئۇۋغا چىقتى›› ئۇۋ قىلمىدى،

دۈشمەنلىرى سېزەلمىدى — قوغلىمىدى.

شۇنچە نۇرغۇن ئەل -قوۋمنى تاشلاپ كەتسە،

پالدا ئايان — پىر ئەۋلىيا قوللىمىدى.

پالچىنىڭ ئاغزىدىن ئاشۇ تەبىرنى ئاڭلاپ، بۇ خەۋەرنىڭ خەلقئالەم ئىچىدە شۇ قەدەر تېز تارقىلىپ كەتكەنلىكىدىن ھەيران بولاتتى. ئۇ ساقال-بۇرۇتىنى ياسىتىش ئۈچۈن كونا بازاردىكى بىر چوڭ ساتىراشخانا ئىچىگە كىردى. بۇ يەردە نۆۋەت ساقلاپ ئولتۇرغان ئادەملەر خېلى كۆپ ئىدى. ئاشۇ كۈنلەردە ساماۋارخانا،

ساتىراشخانىلار ھەرخىل ئۈچۈر-خەۋەر ۋە ئەپقاچتى گەپلەرنىڭ ئۇۋىسى ئىدى. قوچقار پالۋان دەل ئاشۇنداق گەپلەرنىڭ داستىخانىغا داخىل بولدى.

— ھوي، ئاڭلىدىڭلارمۇ، مەھمۇت سىجاڭنى ھىندىستانغا قېچىپ كېتىپتۇ، دەيدىغۇ؟

— ئاڭلىمامدىغان، بالدۇرراق جېنىمنى بىر چەتكە ئالاي دېگەندۇ...

— زامان دېگەن نېمىغۇ تىكىشى توختىمايدىغان ئەسكى چاپانغىلا ئوخشايدىكەن...

قوچقار پالۋان بۇ قىزىق پاراڭلارنى زوقلىنىپ ئاڭلىدى، نۆۋەتتى كېلىپ ساقال-بۇرۇتىنى ياسىتىپ بولغاندىن كېيىن يەكەندىكى يېڭى گازارمىغا قايتىپ كەلدى.

## يەتتىنچى باب

## كاچۇڭدىكى چۈش

1

ياپچاندا قولغا چۈشۈرۈلگەن ئاخبارات، پىرىيانە يەكەن پالچىسىنىڭ تەبىرى ھەمدە سەركەردىنى كۆكيادا ئۆزىتىپ قويۇپ قايتىپ كەلگەن ئەسكەرلەر تىلىدىن ئاڭلىغانلىرى قوچقار پالۋاننى بىئارام قىلىۋەتتى. ئۇ ئەسلىدە ‹‹ھاراب ۋە ياپچاندىكى قاراۋۇللۇق بۇرچىنى پەقەت يېڭىسار ۋە قىزىل ئەتراپىدا ئوۋ قىلىۋاتقان سەركەردىمىزنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتىمەن›› دەپلا چۈشىنەتتى. ئۇ يەكەندە يەنە مەھمۇت مۇھىتىنىڭ كۆكيادىن ما جەمەتىگە يازغان تۆۋەندىكى خېتىدىن ۋاقىپ بولدى-دە، ئۇنىڭ كاللىسى تېخىمۇ قېيىپ كەتتى.

‹‹مەن شېڭ جەمەتى ۋە ئىسھاق تاغامغا بويسۇنماي ئىسيان كۆتۈرۈپ قەشقەردىن يېنىپ چىقتىم. بىز كاچۇڭدا سۆھبەتلەشسەك، ۋەكىل ئەۋەتسەڭلار...››

ئەمەلىيەتتە بۇ خەتنىڭ ‹‹ئات ئايلىخانغا، يول سارىخانغا›› دىن ئىبارەت ھىيلە ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى. ئەمما ما جەمەتى بۇ خەتكە ئىشىنىپ، سۆھبەت ۋەكىلىنى بەلگىلەپ قاغىلىقتا كۈتۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭدىن سىرت مەھمۇت مۇھتىنى لاداخقا ئۇزىتىپ قايتقان ئەسكەرلەر، جۈملىدىن ھەرجايدا تارقىلىپ يۈرگەن پىدائىي يىگىتلەرنىڭ ھەممىسىلا كاچۇڭ تەرەپكە قاراپ ماڭغاندى. مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە قوچقار پالۋان ھاراب چەۋەندازلىرىنى باشلاپ كاچۇڭغا قاراپ ئاتلاندى.

يەكەننىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان بۇ تاغلىق كەنت چارۋا، ئاشلىق ۋە مېۋە- چېۋىگە باي باياشات جاي ئىدى. ساغلام تەبىئەت بەخشىدىن بەستلىك ئۈسكەن ئەر-ئاياللىرى شاۋقۇنلۇق زەرەپشان دەرياسىدىن پەخىرلىنەتتى. بۇ ئۇلۇغ دەريا ئۇلارغا ئابىھايات ئاتا قىلغاندىن سىرت، كاچۇڭلۇقلار ئۇنىڭ ئېقىنىدىن ھەر يىلى تاۋاقلاپ ئالتۇن سۈزۈۋالاتتى. تەبىئەت ئەۋزەللىكىدىن بەھرىمەن بولغان كاچۇڭلۇقلار بۇ يەرگە جەم بولغان مىڭدىن ئارتۇق پىدائىي يىگىتلەرنى بىمالال تەمىنلەپ تۇرغاندى. بىراق، سەركەردىسىدىن ئايرىلغان بۇ دېھقان يىگىتلەر «بۇنىڭدىن كېيىن نېمە قىلىش كېرەك؟» دېگەن جىددىي مەسىلىگە دۇچ كەلگەندى.

كاچۇڭ كەنت بازىرى يېنىدىكى تۈزلەڭلىككە پەيدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلار توپلاندى ۋە يۇقىرىدىكى تېمىنى چۆرىدەپ كېڭەش ئېلىپ باردى. ھەممەيلەن بىر نىيەتتە: «بىر قەدەم ئارقىغا چېكىنمەيمىز، شىڭ جاللات بىلەن بىر تامچە قېنىمىز قالغۇچە ئېلىشىمىز» دېگەن قارارغا كەلدى. ئاخىرىدا سايلام ئېلىپ بېرىلدى. ئالدى بىلەن مويىدىن تۆەنجاڭ نامزات كۆرسىتىپ دېدى:

— چاروپايلارنىڭ سەركىسى بولىدۇ، يىگىتلەرنىڭ يىگىتۋېشى بولىدۇ، جەڭچىلەرنىڭ سەركەردىسى بولىدۇ. ئەقىل-پاراسەت ۋە باتۇرلۇقتا ھەممىمىزدىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئابدۇنىياز كامالنى سىجاڭلىققا كۆرسىتىمەن، قېنى كۆپچىلىك نېمە دەيدىكىن؟

مويىدىننىڭ بۇ تەكلىپىنى كۆپچىلىك بىر ئاۋازدا تەستىقلىدى. شۇنداق قىلىپ، قوچقار پالۋان مىڭدىن ئارتۇق پىدائىي يىگىتلەرنىڭ باش كوماندىرى بولۇپ قالدى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا ئابدۇنىياز سىجاڭ دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يەنە شۇ تۈزلەڭلىكتە ئەسكەرلەرنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى، يېڭى سىجاڭ سۆزگە چىقىپ دېدى:

— بىز ھەممىمىز قايتىدىن بىر سەپ بولۇپ ئۇيۇشتۇق. ئەگەر سېپىمىزدىن ئايرىلىپ يۇرتۇمغا كېتىمەن دېگۈچىلەر بولسا رۇخسەت، «پىدائىيلىق يولىدا ئاداققىچە ماڭىمەن» دېگەن ئىرادە بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنىدىغان يىگىتلىرىمىز ئالدىدا مەن ھازىر تۆۋەندىكى ئىنتىزامنى ئېلان قىلىمەن:

بىرىنچى، ھەرقانداق يىگىت قوماندانلىققا بويسۇنۇشى شەرت.

ئىككىنچى، ھەرقانداق يىگىت خەلقنىڭ مال-مۈلكىگە تەگمەسلىكى شەرت.

ئۈچىنچى، ھەرقانداق شەخس خەلقنىڭ خوتۇن-قىزلىرىغا قەتئىي يامان نىيەتتە بولماسلىقى شەرت.

تۆتىنچى، ھەرقانداق يىگىت ياردار سەپدىشىنى قوغدىشى شەرت.

بۇ تۆت شەرتكە بارلىق پىدائىي يىگىتلەر ئەمەل قىلىدىغانلىقىنى بىر ئېغىزدىن بىلدۈرۈشتى.

ئارقىدىنلا، ئۇ قىسىملىرىنى قايتىدىن تەشكىللەپ ۋە ئۇلارنى تۆت تۈۋەنگە ئايرىپ، ھەربىر تۈەننىڭ كوماندىر ۋە مۇئاۋىن كوماندىرلىرىنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ يېڭى تەشكىللەنگەن «كاۋچوك دىۋىزىيىسى» بارلىققا كەلدى. ئاخىرىدا ئۇ يەنە مويىدىننى قوشۇمچە ئۆزىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا، ئەينى زاماندا ئىختىساسلىق دەپ تونۇلغان ئاتۇشلۇق ئابدۇقادىر ھاجى ئۆزىگە مۇشاۋىر قىلىپ تاللىۋالدى.

## 2

مەھمۇت مۇھىتىنىڭ ھىندىستانغا ئۆتۈپ كەتكىنىنى ئاڭلاپ خاپا بولغان ما جەمەتى كاچۇڭغا ۋەكىل ئەۋەتىشتىن يالتىيىپ، قاغىلىقتا كۈتۈپ تۇرغانىدى. كېيىن ئۇلار يېڭى دىۋىزىيە كوماندىرى ئابدۇنىيازنى قاغىلىققا تەكلىپ قىلدى. ئىككى تەرەپنىڭ سۆھبىتى قاغىلىق ھاكىم مەھكىمىسى زالىدا ئېلىپ بېرىلدى. ما جەمەتىنىڭ سەركەردىسى ما جيەن (ما جۇڭيىڭنىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى) سۆھبەت باشلىنىشى بىلەن تەڭلا قورساق كۆپۈكىنى تۆكۈپ دېدى:

— قارىمامدىغان، ... مەھمۇتمۇ تازا سېھىرگەر بىر نېمە ئىكەن. بىز بىلەن كاچۇڭدا سۆزلىشىمىز، دەپ خەت يېزىپ، دوپپىمىزغا جىگدە سېلىپ قويۇپ، چەت ئەلگە تىكىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بايىقى ئىسھاق تاغا دەيدىغان بىر نېمەڭلەر نەچچە رەت قەسەم ئىچىپ، مېنى تەكلىپ قىلىپ ئاچىقىپ، ئارقىدىنلا ھەش-پەش دېگۈچە ۋاپاسىزلىق قىلىپ جاللات شېڭ شىسەينىڭ دامىغا چۈشۈپ، قورچاق مۇئاۋىن رەئىسلىك مەنسىپىنى دەپ ھەممىمىزنى سېتىۋەتتى. بۇ گېپىمنىڭ چىنلىقىغىمۇ ئىشىنىدىغانسىز؟

ما جيەن سوئال نەزىرى بىلەن ئابدۇنىياز كامالنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. ئۇ دەسلەپتىلا سۆھبەتدىشىنىڭ يۈرىكىنى چېكىپ كۆرمەكچى بولغانىدى. ئابدۇنىياز كامال ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ بىرمەھەل سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن سۆز تىزگىنىنى نۆۋەتتىكى نىشانغا بۇراش غەرىزىدە تۆۋەندىكى تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدى:

— مېنىڭچە شېڭ شىسەينىڭ دامىغا چۈشۈپ، دېھقانلارغا ئاسىيلىق قىلغانلارنى تارىخ ئۆزى جازالىشى مۇمكىن مەن شېڭ جاللاتنىڭ ئۇستازىم ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ھەم باشقا دېھقانلارنى قانداق قىرغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. شۇڭا مەن ھەرگىز ئۇنىڭ دامىغا چۈشمەيمەن. خوش ئەمدى بىز ئالدىمىزدىكى ئىشلار توغرۇلۇق پىكىرلىشىپ كۆرەيلى. مېنىڭ تەكلىپىم: بىرىنچىدىن، شورا كونسۇلخانىسىغا بىزنى قوللاش، ھېچبولمىغاندا بىتەرەپ تۇرۇش توغرىسىدا خەت يېزىپ كۆرسەك؛ ئىككىنچىدىن، مەھمۇت مۇھىتى چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق مۆتىۋەر زاتلارنىڭ تۈرمىگە تاشلانغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇڭا قەشقەرگە تېگىش قىلىپ ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋالساق.

ئابدۇنىيازنىڭ بۇ تەكلىپىنى ئاڭلاپ ما جيەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە كىچىك چېكىلىكى بار سېرىق ھەربىي شەپكىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يېڭىلا چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق، سىدام بېشى سىرلانغان قاپاقتەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ، بىر مەھەلدىن كېيىن يەنە ئۆز ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى-دە، جاۋابەن دېدى:

ــ شورا دەۋاتامسىز، بەللى، سىز يەنە ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋېتىپسىز، بۇ چۈشنى كاچۇڭدا كۆرۈپ كەلگەن ئوخشايسىز. توغرا، كاچۇڭدىكى چۈش! مەن سىزنىڭ بۇ چۈشىڭىزگە ھەرگىز قوشۇلمايمەن، چۈنكى، شۇرانىڭ پىلانى ئاللىقاچان بېكىتىلىپ بولغان. ئۇ، سىز بىلەن بىزنى ھەرگىز قوللىمايدۇ. شورا شور تاشلايدۇ، شىڭ شىسەي تور تاشلايدۇ، توخۇ يۈرەك ئالا بايتاللار بولسا پۇشايمىنىنى ئالارغا قاچا يوق ئاخىرى پېشانىسىنى قاشلايدۇ. بىراق مەن سىزنىڭ ئىككىنچى خىل پىكرىڭىزنى چوقۇم قوللايمەن ھەمدە قوشۇنۇمدىن ئۈچ يۈز ئادەمنى سىزگە ياردەمگە ئەۋەتىمەن. سىز قەشقەر كونىشەھەرگە، مەن قەشقەر يېڭىشەھەرگە ماسلىشىپ تەگسەك غەلىبىدىن ئۈمىد بار.

ما جيەنىنىڭ بۇ پىكرىگە ئابدۇنىياز كامالمۇ قوشۇلدى. ئىككى تەرەپ يارىشىش كېلىشىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن سۆھبەت ئاياغلاشتى. ئابدۇنىياز كامال شۇ كۈنى كاچۇڭغا قايتىپ كەلدى.



ئابدۇنىياز كامال قاغىلىق سۆھبىتى توغرىسىدا سىز ساقلاپ ھېچكىمگە لام-جىم دېمەيتتى. ئۇنىڭ يېقىنلىرى بولسا ئاڭلاشقا تەقەززا بولاتتى. قىستاپ تۇرۇۋالغان يېقىنلىرىغا بولسا «ئەتە يەكەنگە بارىمىز، شۇ چاغدا...» دەپ ئۆزىنى قاچۇراتتى.

«پىدائىي يىگىتلەر ئەتە يەكەنگە قاراپ قوزغالغۇدەك» دېگەن گەپ ھەممە يەردە ئۇچۇپ يۈرەتتى. يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئۇنلاپ قوي-كالىلارنى سويۇپ-پىشۇرۇپ ئاخىرقى قېتىم چوڭ زىياپەت ئويۇشتۇردى، زىياپەتتىن كېيىن ھەممەيلەن ئۇخلاپ ئارام ئېلىشتى.

باش ئەتىيازنىڭ سالقىن شاملى كاچۇڭ جىلغىلىرىغا خۇش پۇراق چېچىپ قىر ياقىلىرىدىكى يېشىل-يۇمران چۆپلەرنى سۆيۈپ تۇراتتى. يىراق-يېقىندىن ئىتلارنىڭ ھاۋشىغانلىرى، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى، ئارىلاپ ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ئاڭلىناتتى.

ئابدۇنىياز كامال مەخسۇس قاراۋۇللارنىڭ مۇھاپىزىتىدىكى خاس بارگاھى ئىچىدە سوزۇلۇپ يېتىپ ئايغى چىقمايدىغان خىياللار دېڭىزىدا ئۈزەتتى، تۈن نىسپىگە بارغاندا كىرپىكى يۇمۇلۇپ ئۇيقۇغا كەتتى-دە، «توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال...» دېگەن تەمسىلدىكىدەك ئۇنىڭ ئۇخلاشتىن بۇرۇنقى خىياللىرى مانا ئەمدى ئۇيقۇسى بىلەن تەڭلا باشلانغان شېرىن چۈش ئەينىكىدە ئەكس ئېتىشكە باشلىدى:

«بەزىلەر: ‹شورا بىلەن گەپلەش، شورا بىلەن ئەپلەش، بولمىسا ئىشىڭ ئاقسايدۇ› دەيدۇ، يەنە بەزىلەر: ‹شورا دېگەن بەربىر شىڭ شىسەينى تاللاپ بولدى، ساڭا-ماڭا باقمايدۇ... ھەرقانچە قىلغان بىلەن سۆزۈڭ ئاقمايدۇ...› دەيدۇ. ئىككى خىل پەرەزنىڭ ھەر ئىككىلىسى توغرىدەك قىلىدۇ. مەيلى ئاۋۋال بىرىنچى خىل پەرەز ئۈچۈن دو تىكىپ، ئارقىدىن ئىككىنچى خىل پەرەزنى سىناپ كۆرمەيمەنمۇ؟ تەۋەككۈل دەرياسىغا ئۆزۈمنى ئېتىپ باقمايمەنمۇ؟ بۇ ماڭا ئەل مۇھەببىتى بىلەن باغلانغان رىشتە. ئۇ ماڭا روھىي كۈچ ئاتا قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بىر

كۆنى ئېھتىمال ئالىقاندىن سۇ قاچقاندەك غايىب بولۇپ مېنى داغدا قويۇشى مۇمكىن، ھەتتا مېنى ھالاك قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن. پەيداكار يىگىتلا بولىدىكەن، بۇ ئاقىۋەتلەرنى كۈتۈشكە ھەقلىق...»

مانا بۇ كاچۇكنىڭ چۈشى ئىدى. بۇ شېرىن چۈشنىڭ ساھىبى — ئابدۇنىياز كامال ئەتىسى ئورنىدىن تۇرغاندا ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلدى.

## 4

يېڭى كاچۇك دېۋىزىيىسى بۈگۈن سەھەرلىكتە ئاتلىق يولغا چىقىپ يەكەنگە يېتىپ باردى ۋە بۇ يەرگە ياردەم ئۈچۈن ما جەمەتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئۈچ يۈز كىشىلىك قوشۇن بىلەن جەم بولدى. ئۇلارغا يەنە خوتەندىن كەلگەن نۇرغۇن پىدائىي يىگىتلەرمۇ قوشۇلدى. بۇ بىرلەشمە كۈچ ئارىسالدى بولۇپ تۇرغان نۇرغۇن پىدائىي يىگىتلەرنىڭ روھىغا تەسەللى ۋە ئىشەنچ بېغىشلىدى. لېكىن، بۇ يېڭى روھىي ھالەتمۇ كاچۇكنىڭ چۈشىنىڭ داۋامى ئىدى.

يېڭى بىرلەشمە قىسىم مانا ئەمدى قەشقەر كونىشەھەرگە تېگىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. ئەنە شۇ چاغدا ما جەمەتىنىڭ ياردەمگە كەلگەن ئەسكەرلىرىنىڭ تۇۋەنجاڭى قاغىلىقتىن كۆتۈرۈپ كەلگەن بىر پارچە خەتنى ئابدۇنىياز كامالغا تاپشۇردى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى:

«قاغىلىق قارارى بويىچە بىز تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن كىشىلەر سىزنىڭ قوماندانلىقىڭىزغا بويسۇندى، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقىدا گەپ يوق، لېكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا بىقارار ئالا بايتاللار بولۇپ چوقۇم چوڭ ئاپەت كەلتۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىغا سەزگۈر بولارسىز...»

ئابدۇنىياز كامال بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىغا ئانچە ھەيران قالمىدى. چۈنكى، بۇ گەپلەر قاغىلىق سۆھبىتىدىمۇ ئوتتۇرىغا چۈشكەنىدى. ئەقىل تارازىسىغا سېلىپ ئۆلچىگەندە ئادەم باشقۇرىدىغان كىشى ئۈچۈن يۇقىرىقى خەتنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىنى ئىنكار قىلىۋېتىشقا بولمايتتى. ھالبۇكى، خام سۈت ئەمگەن ئىنسان بالىسى ماھىيىتىدىن — مەنپەئەت قۇلى، مەنپەئەت بىلەن ئۆلۈم ئۆتكىلى ئۇنىڭ ئەجەللىك ئاجىز نۇقتىسى. شۇ چاغدا، ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ. يېڭى كاچۇك دېۋىزىيىسى ھازىر ئەنە شۇنداق ئىمتىھانغا دۇچ كەلگەنىدى.

ياپچاندا قاراۋۇللارنىڭ قولىغا چۈشكەن بايىقى ئاخباراتچى ھېلىغىچە نازارەت ئاستىدا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان ئىبرەت جازاسى مۇۋاپىق پەيتنىلا كۈتۈپ تۇرغانىدى، پۈتۈن دېۋىزىيە بىر چوڭ مەيدانغا توپلاندى. جاسۇس سوراق قىلىندى. ئۇ، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ رەقىبى ئىدرىس تەرىپىدىن ياللانغان ئاخباراتچى ئىدى. مەھمۇت مۇھىتى رەقىبىنى پايلاپ يۈرەتتى. ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي، ئۆزى بىللە بىلەن ئېلىپ مېڭىپ كوكراۋات يولىدا ئېتىپ تاشلىغان ۋە تاشقا باستۇرۇپ قويۇپ يۈرۈپ كەتكەنىدى. بۇ تەقدىر مانا ئەمدى ئۇنىڭ

ئاخباراتچىسىنىڭ بېشىغا كەلدى. ئاخباراتچى ھەممە جىنايىتىنى ئىقرار قىلغاندىن كېيىن چوڭ مەيداندا ئېتىپ تاشلاندى.

ئابدۇنىياز كامال ئارقىدىن نۇتۇق سۆزلەپ دېدى:

ــ بىزنىڭ بۇ سېپىمىز ــ ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارى ۋە ساپ ۋىجدانى بويىچە جەملەشكەن دېھقانلارنىڭ پىدائىي قوشۇنى، ئەمما بىز شېڭ شىسەيگە باش ئەگمىگىنىمىز ئۈچۈن، ئۇ بىزنى ئىسيانچىلار دەپ ئېلان قىلدى. مەن بۇ ئىسمىنى ياقتۇرىمەن، شېڭ شىسەي نۇرغۇن دېھقانلارنى، ئالىملارنى قەتلى قىلغانلىقى ئۈچۈن بىز ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە ھەقلىق ئىدۇق، بىز ھازىر شۇ يولنى تاللىدۇق. لېكىن، ۋىجدانى پىچىۋېتىلگەن مۇناپىق ئالا بايتاللارمۇ بايقالدى. بۈگۈن ئىبرەت جازاسى بېرىلگەن جاسۇس ئەنە شۇلارنىڭ تىپى. بىز قەسەمياد قىلىپ بۇ ۋىجدانىي يولدا جەملەشكەنىكەنمىز، بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئۆز ئىشىمىزغا ساداقەتمەنلىك ۋە كۈچلۈك ئىرادە ئورۇن ئېلىشى كېرەك. بىز بۇنىڭدىن كېيىن خائىنلارغا، ئالا بايتاللارغا، ئىنتىزامسىز لۈكچەكلەرگە ھەرگىز ئەپۇ قىلالايمىز...

ئەتىسىدىن باشلاپ قەشقەرگە تېگىش قىلىش پىلانى بويىچە قوشۇن قايتىدىن رەتلەندى. ئابدۇنىيازنىڭ ئۆزى يەتتە يۈز كىشىگە، مويىدىن ئالتە يۈز كىشىگە قوماندان بولۇپ ئىككى يول بىلەن ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ قەشقەرگە قاراپ ماڭدى. ما جەمەتىنىڭ ياردەمچى ئەسكەرلىرىمۇ بىرگە يۈرۈش قىلدى. ئاتلىق ۋە پىيادە ماڭغان بۇ قوشۇن ئىككى مىڭغا يېتىپ باراتتى. ئۇلار 1937- يىل 5- ئاينىڭ 29- كۈنى قەشقەر كونىشەھەرنىڭ دۆلەتباغ يېزىسىغا كېلىپ جەم بولۇشتى.

بۇ كۈنلەردە قەشقەر كونىشەھەر ئىچىدە ئىككى خىل كۈچ بولۇپ، بىرى، شورا تەرەپكە مەنسەپ بولغان ئۈچ يۈزدەك ساقچى، يەنە بىرى، مەھمۇت مۇھىتىنىڭ سابىق سەنمۇجاڭى قۇربان سەئىدى قول‍ىدىكى بىرقانچە يۈز كىشىلىك ئەسكەرلەر ئىدى. بۇ ئىككى خىل كۈچ بىرلەشكەندىمۇ ئابدۇنىيازنىڭ پىدائىي قوشۇنلىرىغا ھازىرەنلىككە تاقابىل تۇرالمايتتى. قەشقەرنىڭ يازلىق ھاۋا كىلىماتىمۇ ئىسيانچىلارغا پايدىلىق شەرت-شارائىت يارىتىپ بەرگەندى.

ئابدۇنىياز كامال پىدائىي يىگىتلىرىگە دەرھال بۇيرۇق چۈشۈردى-دە، دۆلەتباغدىن قوزغالغان بۇ يىگىتلەر سېپى تۈمەن دەرياسىنى بويلاپ يۈرۈپ كېرەمباغقا يېتىپ بارغاندا، مەۋلانوف باشچىلىقىدىكى چېكا قىسىملىرىنىڭ قاراۋۇللىرى سېزىپ ئوق ياغدۇردى. لېكىن ئارا يىراق ئىدى. ئىسيانكار پىدائىيلار قارا قۇيۇندەك ئىلگىرىلەپ بارغاندا قاراۋۇل ساقچىلار ئاللىقاچان تىكىۋەتكەنىدى. ئۇلار شۇ ئىلگىرىلىگەنچە بېرىپ يۇمىلاق شەھەرنى قورشىۋالدى. شەھەر شۇ ئىلگىرىلىگەنچە بېرىپ يۇمىلاق شەھەرنى قورشىۋالدى. شەھەر ئىچىدە بېكىنىپ ياتقان قۇربان سەئىدى سېپىل ئىچىدىكى ئەسكەرلەرنى قايمۇقتۇرۇپ دېھقانلارغا قارشى ئوق ئاتقۇزدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، بۇ قايمۇققان ئەسكەرلەر قۇربان سەئىدىنى تاشلاپ ئابدۇنىياز تەرەپكە ئەل بولۇشقا باشلىدى. ئىسيانچىلار سېپى تېخىمۇ غولداپ زورايتتى. ئاخىر قەشقەر شەھىرى ئىسيانچىلارنىڭ ئىشغالىيىتىگە ئۆتتى.

بۇ پەقەت تارىخنىڭ ئۆزگىرىشچان كومېدىيىسىنىڭ قىسمىلا بىر پەردىلىك كۆرۈنۈشى ئىدى. تېخىمۇ قىزىقارلىق ئويۇنلار ئەمدى باشلىناتتى.

شورا كونسۇلى قەشقەردىكى چىكا قىسىملىرى بىلەن قۇربان سەئىدى قىسىملىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن بىئارام بولغاندى. ئۇلار ئاخىر بىر كېلىشىم تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ كېلىشىم بويىچە ئابدۇنىياز كامالنىڭ شتابى يۇمىلاق شەھەر ئىچىدە بولۇشى، قۇربان سەئىدى يېڭىشەھەردىكى شىڭ شىسەي قىسىملىرى بىلەن بىرگە تۇرۇشى قارار قىلىنغاندى.

دەل شۇ ۋاقىتتا ئابدۇنىياز كامال بىز پاجىئەلىك تراگېدىيىسىدىن خەۋەر تاپتى. قەشقەر كونىشەھەردىكى مەۋلانوفنىڭ قىسىملىرى تېخى يېقىندىلا تۇتقۇن قىلغان مەمتىلى ئەپەندى، ئابدۇراخمان شائىر قاتارلىق ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق مەھبۇسنى بېنزىن چېچىپ، ئوت قويۇپ ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن يېڭىشەھەرگە قېچىپ بېرىۋالغاندى.



بۇ پاجىئەنى ئاڭلاپ ئابدۇنىياز كامالنىڭ يۈرىكى قاتتىق مۇجۇلدى. ئۇ پۈتۈن بىر كېچە تولغىنىپ ئۇخلىيالمىدى. ئۆزىنىڭ بىخۇدلۇقىدىن ئېچىناتتى. ئەتىسى مۇشاۋىر ئابدۇقادىر ھاجى ياقۇپقا تاپىلاپ دېدى:

ــ بىز تۇنۇگۇن يۇمىلاق شەھەرگە تېگىشتىن بۇرۇن، تۈرمىدىن مەھبۇسلارنى قۇتقۇلدۇرماي خاتالىشىپتۇق. بۇلار ئىش بوپتۇ، پۇشايمان قىلساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. سىز بىرنەچچە كىشىنى باشلاپ بېرىپ، كۆيدۈرۈلگەن تۈرمە خارابىسىدىن مەمتىلى ئەپەندى ۋە ئابدۇراخمان شائىرلارنىڭ جەسەت كۈلىنى بىر قاچىغا تولدۇرۇۋېلىپ تۈمەن دەرياسى بويىغا دەپنە قىلىپ كېلىڭلار. بۇ بىزنىڭ ئۇلارنىڭ روھىنى يوقلاشتا ئۆتەشكە تېگىشلىك بىردىنبىر ۋىجدانىي بۇرچىمىز.

ئابدۇنىياز كامال تاپشۇرغان بۇ ۋەزىپە چۈشتىن بۇرۇن بەجا كەلتۈرۈلدى. چۈشتىن كېيىن قۇربان سەئىدى يۇمىلاق شەھەردىكى شتاب كابىنىتى ئىچىدە ئابدۇنىياز كامالغا ھوقۇق تاپشۇرۇپ بېرىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى.

كابىنېت ئىچىدە بىر ئۆزۈن كەنتىر، بىرقانچە قاتتىق ئورۇندۇقتىن باشقا كۆزگە ھېچ نەرسە چېلىقمايتتى. ھەم ئېگىز، ھەم ئۇستىخانلىق كەلگەن، قىرىق ياشلار قارىسىنى ئالغان قۇربان سەئىدى تۇنجى بولۇپ ئېغىز ئېچىپ دېدى:

ــ مەھمۇت ئاكام بىزگە بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماي ھەم قىلچىلىكمۇ بىر نەرسە قالدۇرماي قېچىپ كەتتى. بۈگۈن سىزگە قۇرۇق بولسىمۇ مۇشۇ كابىنېت ئۆيىنى، ياغاچ كەنتىر ۋە ياغاچ ئورۇندۇقلارنى قالدۇرۇدىغان بولدۇق.

ــ رەھمەت،ــ دېدى ئابدۇنىياز كامال جاۋابەن،ــ مەن ئەزەلدىن داق يەردە يېتىپ چوڭ بولغان. ياغاچ ئورۇندۇق بولسۇن، ھەتتا تاج-تەخت بولسۇن دېھقان باللىرىغا بەرىبىر، تاج-تەخت كىملەرگە ئەسقاتقان دەيسىز، بۇ كابىنېتمۇ شۇنداق. مەھمۇت مۇھىتتىدىن قالدى، سىزدىن قالدى، ھەممىدىن قالىدۇ. پەلەكنىڭ چاقى ئەزەلدىن شۇنداق. خوش، بۈگۈن ھوقۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىش رەسمىيىتى بولۇۋاتقانىكەن، ئالدى بىلەن سىزنىڭ ئىشلىتىپ كەلگەن تامغىڭىزنى تەلەپ قىلىمەن.

بۈگۈن بۇ يەرگە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ مۇشاۋىرلىرىمۇ ھازىر بولۇشقانىدى. ئابدۇنىياز كامال قارشى تەرەپنىڭ ئەجەللىك يېرىنى تۇتۇۋالغانىدى، قۇربان سەئىدى بىر ئۆڭكۈپ، بىر تاتىرىپ ئاخىر ئىلاجسىز سومكىسىدىن تامغىسىنى چىقىرىپ غالىب رەقىبىنىڭ ئالدىغا قويدى. تامغىغا ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە: «مۇۋەققەتتى قۇربان سەئىدى ــ كاشغەر» دېگەن خەت ئويۇلغانىدى. ئارقىدىن ئابدۇنىياز كامال يەنە تەگەپ دېدى:

ــ سىز مەھمۇت مۇھىتى بار چاغدا باش سەنمۇجاڭ ئىدىڭىز، ئۇ كەتكەندىن كېيىن شىڭ شىسەي سىزنى مۇۋەققەت سىجاڭ قىلىپ ئۆستۈردى. مەھمۇت مۇھىتىنىڭ تامغىسى چوقۇم سىزنىڭ قولىڭىزدا ساقلىناتتى. ئەگەر سىز مېنى راست كۆڭلىڭىز بىلەن سىجاڭ دەپ ئېتىراپ قىلسىڭىز، ئۇ چاغدا مەنمۇ سابىق سىجاڭنىڭ تامغىسىغا ئوخشاش تامغا ئويدۇرۇشۇم كېرەك. شۇ ۋەجىدىن، مۇشۇ نەق مەيداندا سابىق سىجاڭنىڭ تامغىسىنى تەلەپ قىلىمەن.

قۇربان سەئىدى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى. ياق دېسە ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىپ قويىدۇ-دە، ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئۇ بىرمەھەل ئارىسالدى بولۇپ، ئاخىر يەنە سومكىسىدىن سابىق سىجاڭنىڭ تامغىسىنى چىقىرىپ بەردى. ئۇنىڭغا «شەۋكەتتى مەھمۇت مۇھىتى ــ كاشغەر» دېگەن خەت ئويۇلغانىدى.

ئاشۇ ئىككى تامغا كەنتىر ئۈستىگە قويۇلغاندىن كېيىن مۇشاۋىرلار قولدىن-قولغا ئۆتكۈزۈپ كۆرۈپ چىقىشتى. ئارقىدىن بىر مۇشاۋىر تەكلىپ تەلەپپۇزىدا سوئال قويۇپ دېدى:

ــ ئەمدى ئابدۇنىياز كامال سىجاڭغىمۇ بىر تامغا كېرەك. ئۇنىڭغا قانداق خەت ئويۇلسا بولار؟

ئابدۇنىياز بۇ سوئالنى ئاڭلاپ پاراققىدە كۈلۈۋەتتى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ دوستى ۋە مۇھاپىزەتچىسى ھىدايى جاۋاب بېرىپ دېدى:

ــ ئابدۇنىياز سىجاڭغىمۇ بىر تامغا لازىم، ئەلۋەتتە. مېنىڭچە ئۇنىڭغا «نۇسرىتى ئابدۇنىياز كامال ــ كاشغەر» دەپ خەت ئويدۇرساق تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ھىدايىنىڭ بۇ سۆزى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى، لېكىن قۇربان سەئىدى رەنجىدە بولۇپ ئىزىدا ئولتۇرالماي قالدى.

ــ بولدى چاقچاقنى يىغىشتۇرۇپ تۇرايلى،- دېدى ئابدۇنىياز كامال يىغى تېمىغا كۆچۈپ،- تۈنۈگۈن تۈرمىدە خېلى كۆپ مەھبۇسنىڭ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىدىن ھېلىلا خەۋەردار بولۇپ بەكمۇ ئېچىندۇق ۋە غەزەپلەندۇق. بۇ پاجىئە توغرىسىدا قۇربان سەئىدى سەنمۇجاڭنىڭ كۆزقارىشىنى ئاڭلاپ باقسام دېمەكچىمەن.

ــ بۇ ساقچىلارنىڭ ئىشى، بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق...

ــ ئۇنداقتا بۇ ئىشنىڭ ھەق-ناھەقلىقى توغرىسىدا كۆز قاراشلىرىڭىز؟

ــ......

— دېمەك، بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ بولۇپمۇ ئەڭ سەرخىل كىشىلىرىمىزنىڭ پاجىئەلىك قىرغىن قىلىنىشىغىمۇ «لەببەي» دەپ تۇرۇۋېرىدىكەنمىز-دە، ئەمما تارىخنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، تەقدىرنىڭ ھۆكۈمىدە «يامانلىققا يامانلىقچە، ياخشىلىققا ياخشىلىقچە» پەتىۋا چىقىرىلىدۇ. «ئۆز يېغى بىلەن ئۆز گۆشىنى قورۇش»تەك سەنەمگە ئۇسسۇل ئوينىغان ئالا بايتاللارنىڭ مۇلازىمىتى ئاياغلاشقان سائىتى — دەل ئۇلارنىڭ بوينى كېسىلىدىغان كۈندۇر.

ئابدۇنىياز كامالنىڭ بۇ غەزەپلىك ساداسى ئاڭلاشقا تاقىتى قالمىغان قۇربان سەئىدىنىڭ شۇ تاپتا يۈز-كۆزلىرى ئۆپكىدەك ئېسىلىپ جان-پېنى چىقىپ كېتەي دېگەندى. بىراق، ئۇ ھازىر غالىب بولغۇچى ئالدىدا تۇرۇۋاتقىنىنى ھېس قىلىپ ئۆزىنى زورىغا بېسىپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بىرمەھەللىك سۈكۈتتىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— بىز بەزى ئۇقۇشماسلىقتا ھازىرەنلىككە سالاۋات دەپ تۇرايلى. ئاكام مەھمۇت مۇھىتىغا شېڭ دۇبەن بىلەن يارىشىپ قېلىڭ دەپ شۇنچە دېسەم مېنى ئالداپ قويۇپ كېتىۋالدى. «گۇمان — ئىمانى قاچۇرۇپتۇ» دەيدىغان سۆزىمىز بار. ئۇ بەكمۇ گۇمانخور ئادەم ئىدى، سۆزۈمنى ئىلىك ئالمىدى. ئەگەر ئابدۇنىياز سىجاڭ ماقۇل بولسا، ھۆكۈمەت بىلەن ياراشتۇرۇش يولىدا بىر كىشىلىك تۆھپەمنى ئايىمايمەن.

ئابدۇنىياز بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئارقىدىن جاۋاب بېرىپ دېدى:

— سىز مەھمۇت مۇھىتى بىلەنمۇ، مەخسۇس مۇھىتى بىلەنمۇ يېقىن تۇغقان-قېرىنداش؛ مەھمۇت مۇھىتىغا ئەگىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققانلىقىڭىزنى شېڭ دۇبەن تازا ئوبدان بىلىدۇ. تاغىڭىز مەخسۇت مۇھىتى، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى، جۇملىدىن قۇمۇل، تۇرپان، لۈكچۈن دېھقانلىرىنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، كىمنىڭ قىرغانلىقىنى سىزمۇ ئوبدان بىلىسىز. ھەرقانداق ياراشتۇرۇش مۇلازىمىتىڭىز سىزنى قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. بىرىنچىدىن، مانا ھازىر يۇمىلاق شەھەرنى ماڭا تارتقۇزۇپ قويدىڭىز. دېمەك، مۇشۇ ئىككى چوڭ گۇناھىڭىز ئۈچۈنلا شېڭ دوبەن سىزنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلالايدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئابدۇنىياز دېيىدىغىنىنى دەپ بولدى. قۇربان سەئىدى غال-غال تىترىگىنىچە ئىزىدا شۈمشەرەپ ئولتۇرۇپ قالدى. بۈگۈنكى بۇ ئۈچرىشىش سۆھبىتى ئىسمى-جىسمىغا خاس قىلىچۋازلارنىڭ دۇئېل كۆرىشىگە ئايلانغانىدى.

1937-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى. تۇمەن دەرياسىنىڭ ئەتراپىنى بۇك-باراقسان ئۆسكەن يېشىل دەرەخزارلىق قاپلىغانىدى. كېرەمباغنىڭ بالدۇر پىشقان ئۆرۈك مېۋىلىرىنىڭ خۇش پۇراق ھىدى دىماغقا ئۇرۇلاتتى. مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە ئارقا-ئارقىدىن قانلىق قىسمەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن قەشقەر شەھەر ئاھالىسى يەنىلا ئۆز ھەلەكچىلىكى بىلەن ئالدىراپ يۈرۈشەتتى.

بۈگۈن ئابدۇنىياز كامالنىڭ شتابىدا تۇنجى قېتىملىق شتاب مەجلىسى ئېچىلىپ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت مۇزاكىرە قىلىندى. نۇرغۇن پىكىرلەردىن كېيىن مويىدىن سەنمۇجاڭ تەكلىپ بېرىپ دېدى:

— مېنىڭچە شېڭ دۇبەننىڭ كارى چاغلىق ئىدى. ئۇنىڭغا شورا ھامىي بولۇۋاتىدۇ. بىز شورا كونسۇلىغا خەت يېزىپ ئۇلارنىڭ بىز تەرەپتە تۇرۇشىنى، ھېچبولمىغاندا، بىتەرەپ تۇرۇشىنى تەلەپ قىلىپ باقساق...

بۇ پىكىرنى ھەممەيلەن ماقۇل كۆردى. ئابدۇنىياز كامالمۇ كۆپچىلىكنىڭ رايىغا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە شورا كونسۇلخانىسىغا يېزىلغان خەتنى مۇشاۋىر ئابدۇقادىرھاجى ياقۇپنىڭ يېزىپ چىقىشىغا ھاۋالە قىلدى. بۇ خەت يىغىن تارقالماستىنلا يېزىلىپ تەييارلاندى. ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە ئىدى:

«شورانىڭ ئېزىلگەن سىنىپ، ئېزىلگەن خەلق ۋە ئېزىلگەن مىللەتلەرنى يۆلەيدىغانلىقىغا گۇمان قىلمايمىز. بىزنىڭ قوشۇنىمىز ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ۋەكىللىرى. ھەممىمىز دېگۈدەك كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى. شۇ ۋەجىدىن سىلەر بىز تەرەپتە تۇرساڭلار، بىزگە ياردەم بەرسەڭلار، ھېچبولمىغاندا بىتەرەپ مەيداندا تۇرساڭلار...»

خەت ئاقىقا كۆچۈرۈلگەندىن كېيىن ئۈچ كىشى ۋەكىل بولۇپ، شورا كونسۇلخانىسىغا باردى. كونسۇل جاۋاب بېرىپ دېدى:

— بىز ھېچقايسى تەرەپكە يان باسمايمىز. سىلەرگىمۇ، باشقىلارغىمۇ ياردەم بەرمەيمىز، ئىچكى ئىشىڭلارغا ئارىلاشمايمىز...

ۋەكىللەر قايتىپ كېلىپ بۇ جاۋابنى ئابدۇنىياز كامالغا يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇ:

— مەن ئۇلارنىڭ غەرىزىنى بىلەتتىم، «ئىچكى ئىشىڭلارغا ئارىلاشمايمىز» دېگىنى «ئۈچ يۈز سەر كۆمۈش يوق» دەيدىغان ھىيلە-نەيرەڭدىن ئىبارەت. مەيلى، بىز ئۇلارنىڭ يەنە بىر مەيدان سىناپ كۆردۇق. ئۇنىڭ زىيىنى يوق،— دېدى.

ئابدۇنىياز كامالنىڭ كۆڭلىنى بىرمەھەل غەشلىك تۇمانلىرى قاپلىۋالغانىدى. شۇ تاپتا، ئۇ شتاب كابىنېتىدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. بىر جەڭچىنىڭ چاس بېرىپ يېنىدا پەيدا بولۇشى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى-دە، جەڭچىدىن سورىدى:

— نېمە ئىش؟ سۆزلە.

— دەرۋازا سىرتىدا بىر سالاپەتلىك، ياقا يۇرتلۇق مېھمان سىز بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلىۋاتىدۇ.

— باشلاپ كىر.

قاراۋۇل ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى ۋە ھايال ئۆتمەي ھېلىقى مېھماننى باشلاپ كىردى. ئابدۇنىياز كامال مېھماننىڭ چىراي-تۇرقىدىن ئۇنىڭ غەيرىي سالاھىيىتىنى پەرەز قىلدى-دە، ئاۋۋال مېھماننى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى ۋە ئارقىدىنلا چۈش تەلەپپۇزدا مېھماندىن سورىدى:

— خوش، تەقسىر، قېنى سۆزلىسىلە، بىزگە دەيدىغان قانداق مۇددىئالىرى باركىن؟

ئابدۇنىياز كامالنىڭ جىددىي قىياپەت بىلەن سورىغان ئاشۇ سوئالىغا غايىب مېھمان دۇدۇقلاپ جاۋاب بەردى:

— مەن بىر غايىب ئەلچى، رۇمدىن كېلىۋاتىمەن. سىلەردە قورال-ياراغ، ھەربىي تەلىم كۆرگەن جەڭچىلەرنىڭ كەملىكىنى بىلىۋاتىمەن، خالىساڭلار بىز سىلەرگە يېقىندىن يار-يۆلەك بولىمىز...

مېھماننىڭ غەرىزىنى سېزىپ بولغان ئابدۇنىياز كامال ئۇنىڭ سۆزىنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ كەسكىنلىك بىلەن رەددىيە بەردى:

— بۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرى. مەيلى شورا، مەيلى رۇم، مەيلى پەرەڭ بىزدىن يىراق تۇرغىنى ياخشى. بىز سىرتنىڭ ھەرقانداق باھانىلەر بىلەن ئارىلىشىشىغا يول قويمايمىز ھەمدە سىلى بىلەن بۇ ھەقتە قايتا ئۇچرىشىشنىمۇ خالىمايمىز.

ئابدۇنىياز كامال ئارقىدىن مەسلىھەتكە بۇرۇلۇپ:

— سىلەر بۇ مېھماننى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويۇڭلار. تېزدىن ئۆز يولىغا راۋان بولغىنى ياخشى،- دەپ ھاۋالە قىلدى.

مېھمان ئوڭايسىزلىنىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، شتاب ئىشخانىسىدىن چىققان پېتى ئاللىقاياقلارغىدۇر غايىب بولدى.

تاڭلا ئەتىسى ئابدۇنىياز ما جەمەتى قىسىملىرى شتابىدىن يوللانغان تۆۋەندىكى جىددىي ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالدى.

«شىمال تەرەپتىن شورانىڭ ئاتلىق ۋە زەمبىرەكچى قىسىملىرى قاپساپ كېلىۋېتىپتۇ. شەرق تەرەپتىن شېڭ شىسەي قىسىملىرى مارالبېشىغا يېقىنلاپ كېلىۋېتىپتۇ. بىز شىمال تەرەپكە، سىز مارالبېشى تەرەپكە تاقابىل تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردى. جىددىي ئاتلىنىسىڭىز...»

ئابدۇنىياز كامال بۇ ئاخباراتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن روھىي جەھەتتىن خېلى جىددىيلەشكەنىدى. ئۇنىڭ كاچۇڭدا كۆرگەن چۈشىنىڭ ھەقىقىي تەبىرى مانا ئەمدى ئېنىق يېشىلدى. ئۇ «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەن ماقال-تەمسىلنىڭ تەكتىنى ئەمدى چۈشەنگەنىدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ، 3- ئىيۇن كۈنى بىر مىڭ تۆت يۈزدىن ئارتۇق پىدائىيلىرىنى باشلاپ مارالبېشىغا يۈرۈش قىلدى.

## سەككىزىنچى باب

## ئەرۋاھتىن سادا

ئىسيانچىلارنىڭ «يۇمىلاق شەھەر»نى ئۆتكۈزۈۋېلىش غەلىبىسى ئابدۇنىياز قىسىملىرىنىڭ روھىنى خېلى يۇقىرى كۆتۈرگەنىدى. ئەمما بۇ ياش سەركەردە بۇ ۋاقىتلىق نۇسرەتنى ئانچىۋالا مۇبالىغە قىلىشقا قىزىقمىدى. چۈنكى ئۇنى يەنە نۇرغۇن داۋانلىق ئۆتكەللەر كۈتۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ «بۇ يەردە قولدىن كەتكۈزۈپ قويغىنىمىز ئېرىشكىنىمىزدىن ئارتۇق» دەپ ئويلاتتى. ئۇ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق مەھبۇسنى قۇتقۇزۇۋېلىش بۇرچىنى ئادا قىلالماسلىقتەك جاۋابكارلىقنى ئەسلەپ ئىچ-ئىچىدىن ئازابلىناتتى.

مەمتىلى ئەپەندىنىڭ ئەرۋاھى يۇمىلاق شەھەردىكى ئابدۇنىيازنىڭ ياتاق كارىۋىتى بېشىغا يوقلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ روھىي ئازابىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

ئەرۋاھ پۈتىدىن تا بېشىغىچە ئاپئاق لىباسقا ئورالغان قىياپەتتە تۇرۇپ، ئۇيقۇلۇق ياتقان بۇ ياش سەركەردىگە خىتاب قىلىپ سۆزلەيتتى:

«مەن خەلق مائارىپى ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئەجرىم بىلەن پەخىرلىنىمەن. ماڭا قەست قىلغان قارا نىيەتلەرنىڭ ئاخىر بىر كۈن شەرمەندە بولىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنىمەن. مەن ئېتىقاد ئىگىسى بولغىنىم ئۈچۈن قۇربان بېرىشتىن قورقمىدىم. ئېتىقادى بولمىغان كىشى تەقدىرنىڭ قۇلىدۇر. تەقدىر باتۇر تەرەپتە تۇرىدۇ. تەقدىر — ئاجىزلارنىڭ باھانىسى، قورقۇنچاقلارنىڭ ئۆزىنى ئاقلىشى. ئىرادىلىك كىشىنى تەقدىر بويسۇندۇرالمايدۇ، بەلكى ئۇنى قەتئىيلەشتۈرىدۇ...»

ئابدۇنىياز كامالنىڭ چۈشىدە كۆرگىنى — بىر ئۇلۇغ روھنىڭ غايىۋى ئىنكاسى ئىدى؛ ئاڭلىغىنى ئەرۋاھنىڭ خىتابى ئىدى. بۇ ياڭراق سادالار ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. ئۇ ئۆزىدە، ئۆز ئېتىقادى يولىدا ھەرقانداق قىسمەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ كېتەلەيدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرمەكتە ئىدى. ئۇ يۈرەكسىزلەرنى كۆرگەندە: «قورقما، مەردانە بول، ئالتۇننىڭ ئېسىلى ئوتتا تاۋلىنىدۇ» دەپ تۇراتتى. ئۇ مارالبېشى سەپىرىنى ئاشۇنداق خاراكتېرنىڭ ھەقىقىي سىناق مەيدانى قىلماقچى ھەمدە ئۇ يەردە زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كېلىپ مەرىپەت ئۇستازى مەمتىلى ئەپەندىگە ھەيكەل تىكلىمەكچى...

ئىسيانچى قىسىملار ھازىرلىقنى تۈگىتىپ ئۈچ يول بىلەن مارالبېشىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. ئابدۇنىياز كامال ئوتتۇرا يول قىسىملىرى بىلەن پەيزاۋاتقا قاراپ كېتىۋاتاتتى. ناھىيە بازىرىدا ئۇنى نۇرغۇن ھۈنەرۋەنلەر ۋە بازار ئاھالىسى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

قىسىملار بۇ يەردە بىر ئاخشام دەم ئالدى. كەچقۇرۇنلۇقى ئابدۇنىياز كامال ئۈچۈن راسلانغان مەخسۇس چۈشكۈنخانىغا مۇھەممەد پەرەڭ ناملىق تۆمۈرچى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتى قۇربان قىلىچ دېگەن كىشىلەر بىر چوڭ يېشىل ئەديالغا ئورالغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

ئابدۇنىياز ئۇلارنى قىزغىن قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى. تۆمۈرچى مۇھەممەد پەرەڭ سېرىق ساقال، كۆك كۆز، بەستلىك كەلگەن ۋە ئەللىك ياشلار قارىسىنى ئالغان تىمەن كىشى ئىدى. ئۇ يېشىل ئەديالغا ئوراپ كەلگەن ئېسىل سوۋغاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ دېدى:

— مانا بۇ سىلىگە ئەكەلگەن كۆڭۈل سوۋغىمىز. لەشكەر بېشىغا ئۇنىڭدىن ئارتۇق سوۋغا بولمىسا كېرەك. يەنە كېلىپ مانا بۇ ئۆز قولۇم بىلەن ياسىغان بەشئاتار، توققۇزئاتار مىلتىق ۋە ئۇلارنىڭ ئوقلىرى. بۇ ئوقلار پولاتتىن ياسالغان بولۇپ، تۆمۈر تاختىلارنىمۇ تېشىپ ئۆتەلەيدۇ.

ئابدۇنىياز كامال بۇ سوۋغاتلارنى كۆرۈپ شۇ قەدەر ھاياجاندىكى، ئۇ خۇشاللىقىدا ئولتۇرغان ئورنىدىن دەرھال چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ۋە تۆمۈرچىنى قۇچاقلاپ ئۇنىڭغا تەكرار مىننەتدارلىق ئىزھار قىلدى.

تۆمۈرچى مۇھەممەد پەرەڭ خوشلىشىپ مېڭىش ئالدىدا بىر تەكلىپ پىكرىنى دادىل ئوتتۇرىغا قويدى:

— ئەتىكى سەپەرگە مېنىڭمۇ پىدائىي بولۇپ بارغۇم بار. ھېچبولمىغاندا ئۆزۈم ياسىغان ياراغنى نەق مەيداندا سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ باقسام دەيمەن.

— باركاللا، ئۇستام، سىلىنى تۇغقان ئانىلىرىغا رەھمەت. ئۆزلىرىنى سېپىمىزگە جان-دىلىمىز بىلەن قوبۇل قىلىمىز.

ئابدۇنىياز، تۆمۈرچىدىن سۆيۈنۈپ ھاياجىنىنى باسالماي قالدى. تۆمۈرچى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى چۈشكۈنخانىدىن ئەنە شۇنداق كۆڭۈللۈك قايتىشتى.

ئەتىسى ئۇلار ھەممە تەييارلىقنى تەق قىلىپ مارالبېشىغا قاراپ ئاتلاندى. ئەتىگەنلىك ھاۋا سالقىن ئىدى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن توزۇغان توپا-چاڭلار يولنىڭ ئىككى چېتىدە شالاڭ ۋە پاكار ئۆسكەن ياۋا گىياھلارنى كۆمۈپ ماڭاتتى.

مۇھەممەد پەرەڭ كېتىۋېتىپ، ئابدۇنىياز كامال مىنىپ ماڭغان ئاق بوز ئات-تورغۇت دۇلدۇلغا نەزەر تاشلايتتى. بۇ ئاتنىڭ ئېگىزلىكى، گەۋدىسىنىڭ يوغانلىقى، تۈكلىرىنىڭ مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇرۇشى، ئۈزۈنچاق بېشىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تەكشى ۋە ئىلدام قەدەم تاشلىشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكىگە قاراپ مەستلىكى كەلدى. ئۇنىڭ دۈكىنىغا مىڭلىغان ھەرخىل ئاتلار كېلىپ-كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بۇ ئاتقا تەڭلىشەلمەيتتى.

شەرق تاماندىن قۇياش كۆتۈرۈلۈپ بارچۇق دائىرىسىدىكى توغراقلىق قۇم جەزىرىلەرنى قىزىتىشقا باشلىغانىدى. شەرقىي جەنۇب تەرەپتىكى قويۇق ئۆسكەن ئورمانلىق بەلۋىغىغا يېقىنلاشقاندا، سەزگۈر ئاتلار ئۆزلۈكىدىن قەدەملىرىنى ئاستىلىتىپ ئالدىقانداق بىر ۋەھىمىدىن شەپە ئاڭلىغاندەك كەينىگە داجىپ ئارقا-ئارقىدىن كىشنەپ كېتىشتى.

— بىردەم توختايلى،- دېدى مۇھەممەد پەرەك دەرھال ئابدۇنىيازنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ،- ئاۋۇ ئورماندا بىر ئىش باردەك قىلىدۇ. يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ئوۋچىلار بولۇپ قالمىسۇن يەنە.

راست دېگەندەك ھايال ئۆتمەي توغراقلىقتىن ئېتىلغان بىر پاي ئوقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئابدۇنىياز كامال ئاتلىق پىدائىيلىرىغا ئورماننى تۆت تەرەپتىن قورشاش بۇيرۇقىنى بەردى-دە، توغراقلىق ھايال ئۆتمەي مۇھاسىرىگە ئېلىندى. يوشۇرۇنغان ئەللىككە يېقىن كىشى ئاق بايراق كۆتۈرۈپ ۋە قوراللىرىنى ئېگىز قىلغان ھالەتتە توغراقلىق ئىچىدىن تەسلىم بولۇپ چىقتى. ئۇلار بارچۇق سېپىلىگە قېچىپ بېرىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالغان شىڭ شىسەينىڭ تەمىنات خادىملىرى ۋە پەيزاۋاتنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىدى. دېھقان پىدائىيلىرى ئۇلارنى دەرھال قورالسىزلاندۇردى ھەمدە ئورمانلىق ئىچىنى ئاختۇرۇپ نۇرغۇن ئوق-دورا، قورال-ياراغلارنى غەنىيمەت ئالدى.

شۇ كۈنى كەچ پېشىن مەھەلدە، ئابدۇنىيازنىڭ قىسىملىرى بارچۇق سېپىلى ئەتراپىدا جەم بولدى. شىڭ جەمەتىنىڭ بىر تۈۋەنگە يېقىن چېرىكلىرى بارچۇق سېپىلى ئىچىگە كىرىپ سېپىل دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقىۋېلىشقانىدى. پىدائىيلارنىڭ بىرى قىسمى تۇمشۇق ئېغىزى يېنىغا بۆكتۈرمە قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. قالغان قىسمى تۆتكە بۆلۈنۈپ سېپىل ئەتراپىنى قورشاپ مۇھاسىرە چەمبىرىكى شەكىللەندۇردى. ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە ئۈزۈلدۈرمەي ئوق ياغدۇراتتى. قارشى تەرەپ ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇش پىلانىنى تۈزگەنىدى. ئۇلار شىڭ شىسەينىڭ ياردەمچى قوشۇنىغا ئۈمىد باغلىغانىدى.

ئىككىنچى كۈنى دەل چۈش مەھەلدە، قاياقتىندۇر سېپىل ئۈستىدە پەيدا بولغان ئىككى چوڭ قارا غىلجىر ئاسمان-پەلەك ئېگىزلىكتە كەڭ قاناتلىرىنى يېيىپ، توختىماي ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى. قارشى تەرەپنىڭ چېرىكلىرى سېپىل ئىچىدە ۋاڭ-چۇڭ كۆتۈرۈشۈپ «ئەنە بىزنىڭ ئايروپىلانىمىز كەلدى» دەپ قالپاقلىرىنى ئاسمانغا ئاتتى. دېمىسىمۇ قارا غىجىرنىڭ يوغانلىقى، ئۇزۇن قاناتلىرىنى سوزۇۋالغان پېتى تەپتەكشى ئۇچۇپ مېڭىشى غىلجىر كۆرۈپ باقمىغان كىشىدە «ئايروپىلان»مىكىن دېگەن خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلاتتى.

مۇھەممەد پەرەڭ چاققان كەلدى. ئۇ پولات ئوقنى بەشئاتار مىلتىققا سېلىپ، قارا غىلجىرنى قارىغا ئالدى. ئارقىدىن مىلتىقنى ئابدۇنىيازغا تۇتقۇزۇپ دېدى:

— قېنى ئەمىسە، ئاۋۇ قارا غىلجىرنى سىز چېنەڭ.

ئابدۇنىياز قارا غىلجىرنىڭ پەسرەك ئۇچۇپ كەلگەن بىرىنى دەللەپ ئاتتى. غىلجىر نەچچە موللاق ئاتقىنىچە سېپىل ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئىككىنچى غىلجىر بولسا ئالدى-كەينىگە قارىماي ئاسماندىن غايىب بولدى.

تەقدىر بۇگۈن بارچۇق سېپىلى يېنىدا راستتىنلا رومانتىك ئويۇن ئوينىغانىدى. قارا غىلجىرنىڭ ئاقىۋىتىدىن كېيىن سېپىل ئىچىدىكى چېرىكلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. سېپىل سىرتىدىكى پىدائىي يىگىتلەرنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ خۇشاللىقتا چۆمگەنىدى. ئۇلارنىڭ قەلبىدە بارچۇق سېپىلىنى ئىگىلەشنىڭ ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى يالقۇنجايتتى.

قامال قىلىنغان چېرىكلەرنىڭ «ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇش پىلانى»نى پەملىگەن ئابدۇنىياز كامال سېپىلنىڭ شىمالىي دەرۋازىسىنى كۆيدۈرۈپ يول ئېچىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. دەرۋازا بىرنەچچە سائەت ئىچىدە كۆيۈپ كۈل بولدى-دە، ئورنىدا چوڭ كاۋاك پەيدا بولدى. قېچىشقا ئالدىن ھازىرلىق كۆرۈپ قويغان چېرىكلەر ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇپ، ھېلىقى كاۋاكتىن بۆسۈپ چىقىشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ جەڭ رەسمىي

باشلاندى. قېچىپ كېتەلىگەن ماشىنا ئۈستىدىكى چېرىكلەر دېھقان پىدائىيلارنىڭ تۆمشۇق يېنىغا ئالدىن جايلاشتۇرۇلغان بۆكتۈرمە قىسىملىرى تەرىپىدىن قاتتىق زەرب يېدى. بارچۇق سېپىلىنى تالىشىش ئۇرۇشى ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتى. پىدائىيلار نۇرغۇن يېڭى قورال-ياراغ ۋە باشقا غەنىيمەتلەرگە ئىگە بولدى.

لېكىن ئىككى كۈندىن كېيىن ئابدۇنىياز بارچۇق سېپىلى ئۇرۇشىدا ئېرىشىلگەن ئامەتنىڭ كەينىدىنلا بىر يامان دىشۋارچىلىقنىڭ سايىسى ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلىدى-دە، مۇشاۋىرلىرى بىلەن كېڭەش يىغىنى ئاچتى:

— بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمنى قانداق تاشلايمىز؟

ئابدۇنىياز كامال مۇشاۋىرلىرى ئالدىغا مۇشۇ مەسىلىنى تاللاپ مۇزاكىرىگە قويدى. مۇشاۋىرلار زۇۋان سۇرەلمەي دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئاخىرىدا ئابدۇنىياز كامال ئۆزى ئېغىز ئېچىپ قورسىقىدىكى پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ دېدى:

— شېڭ شىسەينىڭ ياللانما — تۆتىنچى نومۇرلۇق قىسىملىرى بىزنىڭ ئارقىمىزدىنلا قەشقەرگە بېسىپ كىردى. بىز ھازىر ئاقسۇ دەرياسىغىچە بولغان كەڭ زېمىندىلا توسالغۇسىز يۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز. نۆۋەتتىكى قەدىمىمىز ئەنە شۇ زېمىنغا قارىتىلىدۇ. ئەسلىدە قەشقەردە قۇربان بولغان ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق مەرىپەتچىلەرگە داغدۇغىلىق دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكچى بولغان پىلانىمىز ۋاقتىنچە كەينىگە قالدۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ئەرۋاھلاردىن كەچۈرۈم سورايمىز.

كوماندىرنىڭ مۇددىئاسىنى ھەممەيلەن ئېنىق چۈشەندى-دە، ئۇنىڭ پىكرىگە بىر ئېغىزدىن ماقۇل بولۇشتى. سەپەر يۆنىلىشى مۇئەييەنلەشتۇرۇلگەن بۇ پىلان تۆۋەندىكى قىسىملارغا ئۇقتۇرۇلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئەتىسى پۈتۈن قىسىم تەشكىلىي رىتىم بويىچە قوزغىلىپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئاتلاندى. قەدىمكى ھارۋا يولىنىڭ چەت تەرىپىدە قارامتۇل پاكار تۆمشۇق تاغلىرى شىمالغا قاراپ سوزۇلاتتى. ئۇڭ تەرەپتە بىپايان چۆللۈك قاغجىراپ ياتاتتى. تومۇزنىڭ تەپتىدىن چاڭقاپ ھالىدىن كەتكەن قاغا- قوزغۇنلار ئاران- ئاران ئۇيان-بۇيان ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. پىدائىيلار ئاتلىرىغا غانجۇغىلاپ ماڭغان ساناچلىرىدىكى سۇنى سۇمۇرۇپ ھاللىنىۋېلىپ يەنە ئىلگىرىلەيتتى.

تۆمشۇق چوققىسىنىڭ شەرق يامزىلىدىكى بىر تۈزلەڭلىكتە بارچۇق سېپىلى جېڭىگە قاتناشقان قىسىم بىلەن تۆمشۇق بۆكتۈرمە جېڭىگە قاتناشقان پىدائىيلار ئۇچراشتى ۋە ئۆزئارا غەلىبە ھېسسىياتلىرىنى تۆكۈشتى. ئۇلار دەم ئالغاچ قولغا چۈشۈرگەن ئولجا-غەنىيمەتلىرىنى بەس-بەس بىلەن سۆزلىشەتتى. پەيزاۋاتلىق مۇھەممەد پەرەڭ ھاياجانلانغان ھالدا دېدى:

— مۇشۇ تۆمشۇق چوققىسى ئۈرۈمچى-قەشقەر چوڭ يولىنى توسۇپ تۇرىدىغان مۇھىم جاي. ھەربىي گېنېراللار ھە دېگەندىلا مۇشۇ يەرنى تالىشىدۇ. 1933- يىلى ئەتىيازدا گېنېرال تۆمۈر ئېلى بىلەن خوجىزۇ ماشاۋۇ قىسىملىرى ئوتتۇرىسىدا قىرىق يەتتە كۈن جەڭ بولغان، ئاخىرى تۆمۈر ئېلى غەلىبە قىلغان. بۇ قېتىم بۇ يەردە بىزمۇ غەلىبە قىلدۇق.

پىدائىي يىگىتلەر بۇ يەردە خۇماردىن چىققۇچە دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن بۇيرۇق بويىچە يەنە ئاتلاندى. ئۇلار يولغا چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، قاياقتىندۇر ئىككى ئايروپىلان ئۇچۇپ كېلىپ، رەتمۇرەت كېتىۋاتقان ئاتلىق قىسىملارنىڭ بېشىدا ئەگىشكە باشلىدى. پىدائىيلار ئۇنىڭغا ئىنكاس بىلدۈرمىگەندىن كېيىن ئايروپىلان تېخىمۇ پەسلەپ ئۇچۇپ، ئاتلارنى ئۈركۈتۈشكە باشلىدى.

— قارا غىلجىر!

كوماندىر ئابدۇنىياز كامال تورغۇت دۆلدۆلى ئۈستىدە تۇرۇپ ئۈنلۈك سۈرەن سالدى. ئارقىدىنلا ئايروپىلان پەس ئۇچۇپ كېلىپ پىدائىي يىگىتلەرنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىدى.

غەزىپى تېشىپ، قەھرى ئۆرلىگەن ئابدۇنىياز كامال تاغ باغرىدىكى بىر ئېگىز قىيالىققا چىقتى-دە، بەشئاتار مىلتىقتىن چەنلەپ ئېتىپ ئايروپىلاننىڭ بىرىنى تاغ باغرىغا دومىلاتقۇزۇۋەتتى. ئىككى نەپەر ليۇتچىك پاراشۇت بىلەن سەكرەپ چۈشۈپ قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولدى. يەنە بىر ئايروپىلان بەدەر تىكىۋەتتى.

بۇ دېھقان پىدائىيلىرىنىڭ ئاددىي قورال بىلەن تۇنجى قېتىم ئايروپىلان ئېتىۋېلىشى ئىدى. بۇ ۋەقە كەلپىننىڭ كۆيۈك تاغلىرى بىلەن دالاشور دەپ ئاتىلىدىغان دەشت-چۆللۈك ئەتراپىدا يۈز بەرگەنىدى. شۇ چاغدا، بىر پىدائىي ئابدۇنىياز كامالدىن سورىدى:

— كوماندىر، سىز بۇ ماھارەتنى نەدىن ئۆگەنگەن؟

— ئەرۋاھلارنىڭ ساداسىدىن،- دېدى كوماندىر پىدائىي جەڭچىسىگە جاۋاب بېرىپ.

دېمىسىمۇ ئۇنىڭ «يۇمىلاق شەھەر» بىلەن «بارچۇق سېپىلى»نى ئېلىشتىكى كوماندىرلىق ئىقتىدارى ۋە قارا غىلجىرنى ئېتىپ چۈشۈرۈشتەك مەرگەنلىك ماھارىتى قول ئاستىدىكىلىرىنى ئۇنىڭغا چوقۇندۇرغانىدى. ئەمدى ئەمدى ئۇنى ھەممىسى سۆزسىز ھۆرمەتلەيدىغان بولغانىدى. ئۇ — بومباردىمان زەربىسىدە قۇربان بولغان پىدائىيلارنى دەپنە قىلىپ، يارىدارلارنىڭ داۋالاتقۇزدى. ئەسىرگە ئېلىنغان ليۇتچىكلارنى سوراق قىلىش ۋەزىپىسىنى مۇيىدىن سەنمۇجاڭغا تاپشۇرغاندىن كېيىن، پۈتۈن قىسىملىرىنى باشلاپ ئاقسۇ دەريا ساھىلىغا قاراپ يولغا چىقتى.

## توققۇزىنچى باب

## تىركىشىش

تارىمنىڭ ئەڭ چوڭ تارمىقى بولغان ئاقسۇ دەرياسى تەڭرىتاغنىڭ خانتەڭرى ۋە تۆمۈر چوققىلىرىنىڭ قار-مۇزلىرىدىن ھاسىل بولۇپ، ئۆركەشلەپ ئېقىپ كېلىدىغان نۇرغۇن ئېقىنلارنىڭ بىرىكمىسى ئىدى. ئۇ ھېسابسىز مۇنبەت زېمىنلارنى سۇغىرىپ، بۇ زېمىنلارنى باغۇ-بوستانلىققا ئايلاندۇرغانىدى.

ئىسھاق تاغا بىرمەھەل دەريانىڭ شىمالىدا شتاب تەسىس قىلىپ تۇرغان. كېيىن ئۇ ــ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ يۆتكەلگەندىن كېيىن، بۇ يەردە بىر بوشلۇق پەيدا بولغانىدى...

مانا ئەمدى دەريانىڭ شىمالىنى شېڭ جەمەتى قىسىملىرى بىلەن ئاق ئورۇس يالالنمىلىرى ئىشغال قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. دەريانىڭ جەنۇبىغا ئابدۇنىياز كامال باشچىلىقىدىكى ئۇلارغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن قىسىملار كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئابدۇنىياز كامال قىسىملىرىنى سايئېرىق، ئايكۆل، قۇمباش ۋە ئاۋات غورۇچۆلگىچە جايلاشتۇرۇپ مۇداپىئە بەلۋېغى ھاسىل قىلدى. دەريانىڭ جەنۇب تەرىپىگە كۆچلۈك قاراۋۇل ئەترىتى جايلاشتۇردى. شىمال تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ خىل قوراللىرىغا تايىنىپ جەنۇب تەرەپكە پاراكەندىچىلىك سېلىپ تۇراتتى. ئىككى تەرەپ بىر مەھەل تىركىشىش ھالىتىنى ساقلىدى.

ئابدۇنىياز كامال پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قورال-ياراغنى تولۇقلاش ۋە شىمال تەرەپنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتۈپ پاراكەندىچىلىك سېلىش پىلانىنى ئويلاپ، داۋۇت شەمشەر قاتارلىق يۈزگە يېقىن سەرخىل چەۋەندازلىرىنى ئېلىپ غورۇچۆل ئارقىلىق مەخپىي ھالدا شەرققە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. پۈتۈن قىسىم بويىچە بۇ ئىش قاتتىق سىر تۇتۇلغانىدى. ئۇلار چاقماق تېزلىكىدە يۈرۈش قىلىپ، دەريادىن ئۆتۈپ، قاراتالنىڭ ئايىغى بىلەن سىڭىپ، شايار، كوچا قاتارلىق جايلارنى ئىگىلىدى. بولۇپمۇ شېڭ جەمەتىنىڭ كوچا شەھەر ئىچى ۋە كارىزدىكى قىسىملىرىغا تۇيۇقسىز تېگىشىش ئۇسۇلى بىلەن نۇرغۇن قوراللارنى غەنىيمەت ئالغانىنىڭ سىرتىدا، بىرنەچچە يۈز يېڭى پىدائىيلارنى باشلاپ شتابقا قايتىپ كەلدى ۋە قىسىم كوماندىرلىرى يىغىنىدا بۇ قېتىمقى ھەرىكەتتىن دوكلات بېرىپ دېدى:

ــ ئىرادە ۋە جاسارەت بولسىلا تەقدىرنى قايىل قىلغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ بۇ قېتىمقى چاقماق تېزلىكىدە ئېلىپ بارغان جەڭگىۋار يۈرۈشىمىز ئۇنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

زەپەر نۇسرەتلىرىدىن شادلانغان ئابدۇنىياز كامال دوستى ھىدايى ۋە مۇشاۋىرى ئابدۇقادىر ھاجىنى ئەگەشتۈرۈۋېلىپ يېزا-يېزىلاردا چۈشكۈن بولۇپ ئورۇنلاشقان پىدائىي جەڭچىلەرنىڭ تۇرمۇش - مەئىشەتى ۋە قائىدە-ئىنتىزام ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. ئارقىدىن ئاتاقلىق «ئايكۆل مەۋلانەم» خانىقاسىنى زىيارەت قىلىپ باردى. مەشھۇر ئايكۆل ئۆستىڭى بويىغا سېلىنغان بۇ خانىقا ئىمارەتلىرى قويۇق ۋە ئاسمان-پەلەك بوي تارتقان تېرەك بوستانلىق ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. بۇ ئىمارەتلەر خانىقا بىناسى، مەدرىسە بىناسى ۋە ئوقۇغۇچى تالىپلارنىڭ تۆت چاسا قىلىپ سېلىنغان نۇرغۇن ھۇجرا-ياتاقلىرىدىن تەركىب تاپقانىدى.

«ئايكۆل مەۋلانەم» خانىقاسىنىڭ 1937- يىللاردىكى قاراتاللىق ياش ئىمامى موللا دانىش ھەنىپى بۇ يەرگە زىيارەتكە كەلگەن ياش سەركەردە ئابدۇنىياز كامالغا «ئايكۆل مەۋلانەم»نىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشىنى تونۇشتۇرۇپ دېدى:

ــ «ئايكۆل مەۋلانەم» كەم دېگەندىمۇ يەتتە-سەككىز يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە مۇقەددەس بىر جاي، بۇ جاينى شۇ چاغنىڭ ئەڭ چوڭ ئالىمى ۋە ئەللامىسى دەپ تونۇلغان مەۋلانە جالالىدىن دېگەن زات ئۆز قولى بىلەن

بەرپا قىلغان. شۇ زامانلاردا چىڭگىزخان نەسەبىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخان ئاقسۇدا ئاستانە قۇرۇپ، خانلىق تەختكە چىققان (1347 ــ 1367ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان). تۇغلۇق تۆمۈرخان مەۋلانە جالالىدىن ھەزرىتىمنى پىر-ئۇستاز تۇتۇپ، مۇشۇ «ئايكۆل مەۋلانەم»گە تاۋاپ قىلىپ كېلىپ مۇسۇلمان بولغان. بىزنىڭ بۇ دىيارىمىزدا ئىككى قېتىم چوڭ ھىدايەت بارلىققا كەلگەن. بىرىنچى قېتىمقى، قاراخانىيلار دەۋرىدە ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ دالالىتى بىلەن سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى؛ ئىككىنچى قېتىمقى بولسا، مەۋلانە جالالىدىن ھەزرىتىمنىڭ تەلىمى بىلەن تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى.

موللا دانىش ھەنپىي سۆزىنى تېخى ئاخىرلاشتۇرمىغانىدى. ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ساھىبخانىدىن خۇددى دەرس ئاڭلاپ ئولتۇرغان ئۆسمۈر-باللاردەك كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي موللا دانىش ھەنپىينىڭ نۇتقىغا مەھلىيا بولۇپ كېتىشكەنىدى.

دەل شۇ ئەسنادا قارا غىلجىرلارنىڭ گۈركىرەپ كېلىۋاتقان شاۋقۇنى ئاڭلاندى. ئادەملەر پاناھلىنىش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كېتىشتى. ئابدۇنىياز كامال تەمكىنلىك بىلەن مىلتىقنى بەتلەپ تەييارلىۋېلىپ، خانىقا يېنىدىكى ئەللىك مېتىرچە ئېگىز ئۆسكەن، ئاچىماق شاخلىق بىر چوڭ ئاق تېرەك ئۈستىگە خۇددى دارۋازدەك يامىشىپ چىقىپ دەللەپ تۇردى. ئايروپىلان خانىقانىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ ئابدۇنىياز كامالغا يېقىنلاپ كېلىۋىدى، ئابدۇنىياز كامال شۇئان:

ــ يا! مەۋلانا جالالىدىن پىرىم!ـ دېگىنىچە ئايروپىلاننىڭ قورسىقىنى چەنلەپ ئاتتى. شۇئان ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇق تەرىپىدىن قويۇق ئىس-تۈتەك چىقىشقا باشلىدى. پاراشوت بىلەن سەكرىگەن ئاق ئورۇس ليوتچىكى پەسلەپ كېلىپ تېرەك شېخىغا ئىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى قىياپىتى خۇددى دارغا ئېسىلغان ئوغرىغا ئوخشايتتى. پىدائىي يىگىتلەر ئۇنى تۇتۇپ ئەسىرگە ئالدى. مۇشۇنداق مۆجىزىلەردىن يەنە بىر قېتىمقىسى تەخمىنەن ئىككى ھەپتىلەر ئۆتكەندىن يەنە بىر قېتىمقىسى تەخمىنەن ئىككى ھەپتىلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئاۋاتنىڭ سىدىق كۆۋرۈكى دېگەن يېرىدىمۇ يۈز بەردى...

شۇنىڭدىن كېيىن ئايروپىلاننىڭ كېلىشى بىرمەھەل تىنچىپ قالدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي، ئابدۇنىياز كامال بىر مەخپىي ئاخبارات تاپشۇرۇۋالدى. ئۇنىڭدا قارشى تەرەپنىڭ ئەللىك-ئاتمىش چېرىكى ئوغرىلىقچە بۇ ياققا ئۆتۈپ كېچىدە ئۈچتۇرپانغا يۈرۈپ كەتكەنلىكى دوكلات قىلىنغانىدى. ئابدۇنىياز سىجاڭ شتاب قوماندانلىقىنى مويىدىن سەنمۇجاڭغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى ئىككى يۈزچە يىگىتنى باشلاپ ئىز قوغلىغان پېتى ئۈچتۇرپانغا قاراپ ئاتلاندى. يىگىتلەرنىڭ بىر قىسمى دەريا بويلاپ كۆۋرۈك تەرەپكە، يەنە بىر قىسمى خاڭگۆكنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا قاراپ ئامبۇر شەكلىدە ئىلگىرىلەپ باراتتى. قارشى تەرەپ چېكىنىش يولىنىڭ قامال قىلىنغانلىقىنى تۇيۇپ قالدى-دە، ئالاقىزادىلىكتە بىر قىسمى ئوڭ تەرەپ بىلەن ئاقيارغا، يەنە بىر قىسمى چەپ تەرەپ بىلەن دەڭلىمە تاغلىرى ئىچىگە قاراپ قاچتى...

قوغلىغۇچىلار قاچقۇنلارنى تاڭ ئاتقۇچە قوغلاپمۇ ئۈچرىتالمىدى. قاچقۇن قىسىملارنىڭ تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ نەلەرگە غايىب بولغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئەتىسى چۈش مەھەلدە ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ قىسمى ئۈچتۇرپانغا يېتىپ باردى. بۇ يەر مۆتىۋەرلىرىدىن نۇرھاجى قاتارلىق كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى ھەمدە ئۆزىنىڭ ھەشەمەتلىك سەيناسىدا چوشكۈن راسلاپ بۇ يېڭى چەۋەندازلارنى سېخىيلىق بىلەن مېھمان قىلدى.

لېكىن، ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئوي-خىيالى يەنىلا «ھېلىقى قاچقۇنلارنى قانداق ئىزدەپ تۇتۇش كېرەك؟» دېگەن نۇقتىدا ئايلىناتتى. ئۇنىڭ ئەقىل مەسلىھەتچىسى مۇشاۋىر ئابدۇقادىر ھاجى ياقۇبى ئۇنىڭغا تەكلىپ بېرىپ دېدى:

— مېنىڭچە قاچقۇنلارنى ئىزدەيمىز دېسەك ۋاقتىمىز بىھۇدە ئىسراپ بولغۇدەك، ئۇلار ئۆزىنى ئاشكارىلىغان چاغدا بىر گەپ بولار. ئۇنىڭغىچە بىز بۇ يەردىكى قورال-ياراغ كارخانىسىدىن پايدىلىنىپ يېڭى قورال-ياراغ تەييارلىۋالساق، بۇ يەردە تىككۈچىلىك كارخانىسىمۇ بار ئىكەن، پىدائىيلارنى بىر قۇر يېڭى كىيىم-كېچەكلەر بىلەن تەمىنلىۋالساق. بۇ ئىككى ئىش بىر-ئىككى ھەپتە ئىچىدە تەلتۆكۈس پۈتىدۇ.

ئابدۇنىياز كامال بۇ ئورۇنلۇق تەكلىپنى دەرھال قوبۇل قىلدى ۋە بۇ ئىشلارنى بېجىرىشكە مۇشاۋىرى ئابدۇقادىر ھاجىنى مەسئۇل قىلدى. ئۈچتۇرپان مۇداپىئەسىگە داۋۇت شەمشەرنى مەسئۇل قىلىپ بۇيرۇق چىقاردى. ئۆزى بىر بەن قاراۋۇللىرى بىلەن نۇرھاجى سەيناسىدا قېلىپ شتاب ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇردى.

قولى بوشاپ قالغان بىر كۈنى، ئۇ ساھىبخانا نۇرھاجىنىڭ باشلامچىلىقىدا توققۇز بۇلاقنى زىيارەت قىلدى، ئارقىدىن مۆلجەر تاغ ئۈستىگە چىقىپ شەھەر ئەتراپىغا نەزەر تاشلاپ بۇ يۇرتنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران قالدى. بۇ يەرنىڭ شىمالىي پاسىلىنى بويلاپ غەربتىن شەرق تامان ئاقىدىغان توشقان دەرياسىنىڭ شاۋقۇنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، دەريا ساھىلىدا تۇتاش كەتكەن قويۇق دەل-دەرەخلەر، باغلار قەد كۆتۈرگەنىدى. يىراقتا تەڭرىتاغنىڭ قارلىق چوققىلىرى باش كۆزنىڭ ئالتۇن نۇرىدا تاۋلىنىپ مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى.

بىر مەھەلدىن كېيىن ساھىبخانىنىڭ مۆلجەر تاغ توغرىسىدىكى ھېكايىسى بىردىنلا ئابدۇنىياز كامالنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىۋالدى، نۇرھاجى بۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇن بۇ يەردە يۈز بەرگەن «جەڭگە يېغىلىقى»، «رەھمىتۇللا پالۋاننىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «مۆلجەر تاغ جېڭى» توغرىسىدا ھېكايە قىلغانىدى، ئابدۇنىياز كامال تەسىرلىنىپ بۇ تاغقا قۇربان بولغانلارنىڭ روھىغا دۇئا قىلدى.

نۇرھاجى كۆپنى كۆرگەن ۋە نۇرغۇن مۆتىلىئە سورۇنلىرىغا قاتنىشىپ، كۆپلىگەن تارىخىي ھېكايىلەرنى توپلىغان بىلىملىك شەخس ئىدى.

— ئاۋۇ تەرەپكە قارىسىلا،— دەپ يېڭى ھېكايىسىنى باشلىماق بولدى ساھىبخانا نۇرھاجى،— بىز ھازىر تۇرۇۋاتقان مۇشۇ تاغنىڭ غەربىي تەرىپىدە «دۇلدۇل ئوقۇر» دېگەن مەشھۇر تارىخىي ئابىدە بار، بۇ ھەقتە مىڭ يىللاردىن بۇيان ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان ئاجايىپ قىزىقارلىق تارىخىي رىۋايەت بار. بۇ رىۋايەت تۇران شاھى ئافراسىياپنىڭ دۇلدۇل مىنگەن لەشكەرلىرى بىزنىڭ ئۈچتۇرپاندا ئۇزۇن تۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئافراسىياپ توغرىسىدا ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى (920 — 1021- يىللار) نىڭ مەشھۇر «شاھنامە»ناملىق كىتابىدا ناھايىتى كۆپ ھېكايىلەر سۆزلىنىدۇ. «شاھنامە»نىڭ ھېكايىلەشتۈرۈلگەن تۈركچە

نۇسخىسىنى مەنمۇ كۆپ ئوقۇغان. ئافراسىياپ ئادىللىقتا ۋە باتۇرلۇقتا ھەقىقەتەن تەڭدىشى يوق بۈيۈك شەخس ئىكەنىدۇق.

ئابدۇنىياز كامال ساھىبخانىنىڭ تارىخ ساۋاتىغا قايىل بولغانىدى، ئۇ ئارقىدىنلا يۇمۇرلۇق قىلىپ سوئال قويۇپ دېدى:

— خەلقىمىزدە «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار» دەيدىغان ماقال-تەمسىل بار. «دۇلدۇل ئوقۇر» مۇشۇ يۇرتتا بولغىنىغا قارىغاندا ئافراسىياپ مۇشۇ ئۈچتۇرپانلىق ئوخشىمامدۇ؟

نۇرھاجى كۈلۈپ تۇرۇپ جاۋابەن دېدى:

— بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ، رىۋايەتتە ئۈچتۇرپاننى ئافراسىياپ ئۆزى بەرپا قىلغان دېگەن مەلۇماتمۇ بار. بۇ يۇرتتا يەنە ئافراسىياپنىڭ ئوقۇرىدىن باشقا «قۇلان سارىق» قاتارلىق يايلاقلارمۇ بار. سەركەردە، راستىنى دېسەم، ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىخانلىرىنىڭ بىر پارچىسىمۇ مۇشۇ ئۈچتۇرپانغا مەنسۇپ، ئاڭلىسام سىلى توقسۇندىن ئىكەنلا، بىزنىڭ ئۈچتۇرپاندىمۇ «توقسۇن» دەيدىغان بىر يېزا بار. بۇ مەھەللە «جىڭدە يېغىلىقى»دىن كېيىن توقسۇنلۇقلارنى كۆچۈرۈپ كېلىپ بەرپا قىلىنغانىكەن. مەن سىلىنى ئاشۇ يېزىدا ئولتۇرۇشلۇق، مەن يېقىن ھەمسۆھبەت بولۇپ ئۆتۈۋاتقان بىر مويسىپىت كىشى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى ئارزۇلاپ قېلىۋاتىمەن. ئىككىڭلار تۇغقان چىقىپ قالامسىلەر تېخى!

ئابدۇنىياز كامال بۇ يېڭى ئۇچۇرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتتى. ئۇلار ئەنە شۇنداق قىزغىن پاراڭ بىلەن مۆلجەر تاغ ئۈستىدىن پەسلەپ چۈشۈپ سەينا ئالدىغان كەلگەنلىرىنى تۇيماي قېلىشتى.

پېشايۋاننىڭ ئالدى تەرىپىگە گۈل-گىياھلار ئۆستۈرۈلگەن، تۇغرا تامغا يۆلەپ ئېگىز ۋە كەڭ قىلىپ ياسالغان تاختايلىق سۇپا ئۈستىگە قىپقىزىل زىلچا-گىلەملەر سېلىنغان، سەينانىڭ ئىچىدىكى غايەت چوڭ تېرەكنىڭ ھەر تەرەپكە غۇلاچ يايغان شاخلىرى ئاستىدا مۇشاۋىر ئابدۇقادىرھاجى بىلەن بىر سۆلەتلىك مېھمان ئۆزئارا قىزىق پاراڭ قىلىشىۋاتقاننىڭ ئۈستىگە نۇرھاجى بىلەن كوماندىر قورۇغا كىرىپ كەلدى-دە، ئۇلار سالام بېرىشكەندىن كېيىن زىلچا سېلىنغان سۇپىغا جەم بولۇپ مۇڭداشتى.

— بۇ مېھماننى بۈگۈن بۇ يەرگە مەن باشلاپ كېلىۋاتىمەن،- دېدى مۇشاۋىر، ئابدۇنىياز كامالغا سۆھبەتدىشىنى تونۇشتۇرۇپ،- ئىسىم-شەرىپى ئەمەت پاختا، بۇ زات بۇ ناھىيە بانكىسىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقى. ئۇ، بۈگۈن بىزگە قۇرۇق قول كەلمىدى، ئەللىك سەر ئالتۇن، بەش يۈز سەر كۈمۈش، ئون تال مىلتىق سوۋغات ئالغاچ كەلدى.

ئەمەت پاختا بېشىغا قارا دۇخاۋا تاشلىق نېپىز سەرپۇش، پۇتىغا قارا شىبلىت، ئۇچىسىغا كۆك رەڭلىك چەكمەندىن جىلىتكە كىيىۋالغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشى ئىدى. ئۇ سوۋغاتلىق ماللىرىنى ئوتتۇرىغا يايغاندىن كېيىن مۇددىئاسىنى بايان قىلىپ دېدى:

— مېنى ئەسلىدە كىشىلەر ئەمەت كارۋان دېيىشىدۇ. ئەمەت پاختا دېگەن لەقىمىمۇ ئاشۇ كارۋان سودىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەن ئىسھاق تاغىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلەردىن توپلىغان سەكسەن مىڭ تۇياق چارۋا ماللىرىنى ئۈچتۇرپاندىن قاراقولغا ئۆتكۈزۈشكە ياردەملەشتىم. بۇ جاپالىق سودىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت خوجىدارىمۇ

مەن ئىدىم، كېيىن بۇ يەردىكى بانكىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى بولۇپ تەيىنلەندىم. ھەربىرلىرىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشۋاتقانلىقلىرىنى ئاڭلاپ ئۇچتۇرپان ساقچى خادىملىرى قېچىپ كېلىشتى. ئۇلار ئېلىپ مېڭىشقا ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قالغان ئون تال مىلتىقنى بانكىغا ئامانەت قويۇپ قاچقانىدى. بۈگۈن ئۇلارنىمۇ ئالغاچ كەلدىم.

ئابدۇنىياز كامال بۇ غەنىيمەتلەردىن سۆيۈنگەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ، ئەمەت پاختىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈردى. ئەمما ئىسھاق تاغىنىڭ شورا تەرەپ بىلەن بولغان سودا مۇئامىلىسى توغرىسىدا ھېچقانداق گەپ ئاچمىدى.

شۇ ئەسنادا، نۇر ھاجىنىڭ ئوغلى ئابدۇۋاھىت سويغان ئەركەك پاقلاننىڭ گۆشى پىشىپ تەييار بولغانىدى. پاراڭ ئاياغلىشىشقا ئۇلگۈرتۈپ داستىخان سېلىندى ۋە بىرنەچچە لېگەن تاۋاققا ئەت كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار بىرلىكتە خاسىيەتلىك زىياپەتتىن ھۇزۇرلاندى.

3

ئەتىسى چۈشتىن بۇرۇن ئابدۇنىياز كامال بىلەن مۇشاۋىر ئابدۇقادىر ھاجى بىرلىكتە قورال-ياراغ ئىشخانىسى بىلەن كىيىم تىكىش كارخانىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. قورال-ياراغ ئىشخانىسىنىڭ بۇرۇنقى پېشقەدەم ئۇستىلىرى تارقىلىپ كېتىپ قالغاچقا، شاگىرت-ئۇستىلارنىڭ ئوق-ياراقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەشتە قىينىلىۋاتقانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

— ھەسسەي، ئاشۇ پەيزاۋاتلىق ئۇستام مۇھەممەد پەرەڭنى قولدىن چىقىرىپ قويمىساق بوپتىكەن.

ئابدۇقادىرھاجى ئەپسۇسلانغان ھالدا پىچىرلاپ ئابدۇنىياز كامالنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— مەيلى كېرەك يوق،- دېدى ئابدۇنىياز كامال جاۋابەن،- قولىمىزدىمۇ ئاز-تولا قورال-ياراغ بار. ھاجىتىمىزدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزىمىزنىڭ جاسارىتىمۇ قورال-ياراغ بىلەن باراۋەر. مۇھەممەد پەرەڭنىڭ بالا-چاقىلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇنى ئۆيگە قايتىشقا ئىجازەت بېرىۋەتتۇق. ھازىر ۋاقتىمىز قىس، ئەتە-ئۆگۈنگىچە كېتىپ قالىمىز، بۇ يەردىكى ئىشلىرىمىزنى تېزلىتەيلى.

......

ئىككىيلەن سۆزلىشىپ تۇرغاندا نۇرھاجىنىڭ ئوغلى ئابدۇۋاھىت كېلىپ ئابدۇنىياز كامالنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. توقسۇن كەنتىدىن كەلگەن سېلىم بوۋاي دېگەن ياشانغان كىشى نۇرھاجىنىڭ ئۆيىدە ھىدايى بىلەن كۈتۈپ قالغانىدى. ئابدۇنىياز كامال بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كاسىپلار ئىشخانىسىدا ئابدۇقادىرھاجىنى قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزى يۈرۈپ كەتتى.

بېشىغا كۈرەك تۇماق، ئۇچىسىغا يىرتىق چاپان، پۇتىغا كونا كەش كىيىۋالغان، ياش قۇرامى سەكسەنلەرگە يەتكەن سېلىم بوۋاي نۇرھاجىنىڭ قورۇسىدىكى يوغان تېرەككە يۆلىنىپ، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

ئابدۇنىياز كامال سەيناغا كىرگەن پېتى سېلىم بوۋايغا سالام بېرىپ، ئۇنى زىلچا سېلىنغان تاختاي سۇپىغا تەكلىپ قىلدى. نۇرھاجى سىرتقا چىقىپ كەتكەچكە، ئوغلى ئابدۇۋاھىت ساھىبخانلىق قىلىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا داستىخان كەلتۈردى. نۇرھاجى مۆلجەر تاغ ئۈستىدىكى ۋەدىسى بويىچە بوۋاينى بۇگۈنگە توغرىلاپ ھىدايى ئارقىلىق ئاچا تاغدىن تاپتۇرۇپ كەلگەنىدى.

ئابدۇنىياز كامال بوۋاينىڭ ئۆي تۇرمۇشىدىن بىرقۇر ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن ئاچا تاغدىكى ياڭخى مەھەللىسى ۋە توقسۇنلۇقلارنىڭ يىلتىزى توغرىسىدا گەپ تەشتى. بوۋاي چاي سۇمۇرگەندە چاي ساقىندىسىدىن نەمدىلىپ قالغان ئاپئاق ساقىلىنى ئالىقىنى بىلەن ئېرتىۋەتكەندىن كېيىن ھېكايىسىنى باشلىدى:

— بۇ بىرنەچچە قەرنە بۇرۇنقى ئىشلار ئىكەن. مېنىڭ دېمەتلىكلىرىم ھەممىسى مۇشۇ يېڭى توقسۇندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولدۇق. بوۋامنىڭ رىۋايەت قىلىپ بېرىشىچە، كۈنچىقىش تەرەپتىكى توقسۇن، تۇرپان دېگەن دېگەن يۇرتلار سۇيى قىس، ئوت ئىسسىق ئوخشايدۇ. كارىز كولاپ يەر ئاستىدىن سۇ ئېلىپ تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. توقسۇنلۇقلار ئاقتاش ئەۋلىياسىغا يالۋۇرۇشۇپ: «ئىسسىقتىن قاقشىدۇق، سەگىتىڭ پىرىم؛ سۇسىز قاقشىدۇق، سۇ بېرىڭ پىرىم» دەپ ئىلتىجا قىلىشىدىكەن، كۈنلەر-ئايلار ئۆتۈپ ئاقتاش ئەۋلىياسىدىن بىر كۈنى سادا كېلىپ: «سالقىن جايغا كېتىمىز، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار» دەپتۇ-دە، ئاقتاش ئەۋلىيا غايىب بوپتۇ. تۇرپان، توقسۇن، پىچانلىقلار ھېلىقى ئاقتاش ئەۋلىيا قوزغالغان يەردىكى پارچە تاشلاردىن تېرىۋېلىپ ئاقتاش ئەۋلىيانى ئىزدەپ مېڭىپتۇ. ئاقتاش ئەۋلىيا ئۇلارنى ئۇچتۇرپان ئاچا تاغدا كۈتۈۋاپتۇ. بۇ يەردىكى توقسۇن، پىچان، ياڭخى دېگەن يېڭى يۇرتلار ئەنە شۇنداق بىنا بولغانىكەن. بۇ يېڭى يۇرت راست دېگەندەك ھاۋاسى سالقىن، سۇيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت جاي...

سېلىم بوۋاينىڭ ھېكايىسى تارىخي رېئاللىقنىڭ رىۋايەتلەشتۈرۈۋېتىلگەن ۋارىيانتى بولسىمۇ، ھەرھالدا تۇرپان ئويمانلىقىدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ يىلتىزى تۇتاش ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەرگەنىدى.

— ماۋۇ ئىككىمىزمۇ،- دېدى ئابدۇنىياز كامال يېنىدىكى دوستى ھىدايىنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ،- تۇرپان ئويمانلىقىدىكى توقسۇن ئاقتاشتىن بولىمىز. مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆزلىرى بىلەن دىدار كۆرۈشكىنىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇق.

— ھە، مۇنداق دېسىلە،- دەپ سۆزىنى داۋام قىلدۇردى بوۋاي ھەيران بولۇپ،- يېقىندا بىزنىڭ كەنتتە بىرمۇنچە مىش-مىش پاراڭلار ئاۋۇپ كەتكەنىدى. كونا يۇرتتا قوچقار پالۋان دېگەن بىر يىگىت چىقىپ سىجاڭ بوپتۇمىش، ئۇ ناھايىتى ئۇستا مەرگەنىكەن، شېڭ دۇبەننىڭ بىرمۇنچە ئايروپىلانىنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋاپتىمىش، ئۇنىڭ بويىدا ئاقتاشلىق تۇمار بولۇپ، شۇنىڭ خاسىيىتىدىن قوچقار پالۋانغا ئوق ئۆتمەسمىش، قوچقار پالۋاننىڭ يەنە بىر ئېگەرلىك دۈلدۈل ئېتى بولۇپ، بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە ماڭارمىش... مۇشۇنداق پاراڭلار ئېغىزدىن-ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈشۈۋاتىدۇ. مانا بۇگۈنزە، ئاقتاشلىق پىرىم ھەققىدە قەسەم قىلىمەنكى، ئاشۇ قوچقار پالۋان دەل جانابلىرى ئوخشاشلا، بۇ يۇرتقا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىرىغا مۇبارەك بولسۇن، تەڭرىم باسقان ئىزلىرىنى نۇسرەتلىك، تەنلىرىنى قۇدرەتلىك قىلسۇن!

سېلىم بوۋاي بىلەن بولغان مەنىلىك سۆھبەت ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال بىلەن ھىدايى ئۇنى قورۇ دەرۋازىسىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئابدۇنىياز كامال قورۇغا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن بوۋاينىڭ بايىقى ھېكايىسىنى قايتا ئېسىدىن ئۆتكۈزدى. بوۋاينىڭ سۆزى ئۇنىڭ قەلبىگە قاتتىق تەسىر قىلغانىدى. ئۇ، بۇ يۇرتقا تېخىمۇ كۆچلۈك مۇھەببەت باغلاپ مەكتەپلەرنى، كەنت-يېزىلارنى ئارىلاپ چىقماقچى بولدى. بىراق ھاۋا رايى ئۇنىڭ بۇ شېرىن خىياللىرىغا يول قويمايتتى.

شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلۇقى يېتىپ كەلگەن خەۋەردىن شىڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى ئارالنىڭ ئاياقچى دېگەن يېرىگە توپلىنىپ ئاقيارنىڭ لاتا جاي تەرىپىگە ئۆتۈۋاتقانلىقى، شىمال تەرەپتە مىنونوفنىڭ «تۆتىنچىلىرى» سەپەرۋايدا پەيدا بولغانلىقى ئېنىقلاندى.

ئابدۇنىياز كامال بۇ جىددىيەتلىككە تاقابىل تۇرۇش پىلانىنى تۈزۈپ، داۋۇت شەمشەرنى يۈز ئادەم بىلەن ئاقسۇ دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىنى قوغداشقا ماڭدۇردى. ئۆزى قالغان پىدائىيلارنى باشلاپ قاقشال تەرەپكە يۈرۈش قىلىشنى قارار قىلدى.

# ئونىنچى باب

## تاغبۇلاق ھېكايىلىرى

تاغنىڭ باغرىدىن، ئاقىدۇ بۇلاق،
تاغلىرى سېپىل، ئىچى يۇمىلاق.

(«تەبىئەت تەسۋىرى»دىن)

1

ئوتبېشىدىن تاڭ سەھەرلىكتە قوزغالغان سەرۋازلار غەرب تامان ئۆرلىگەنسېرى قاقشال تاغلىرى ئىچىگە كىرىپ باراتتى. يانتۇ يوللارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كەڭ چوڭقۇرلۇقتا ئۈچ دەرياسى تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ، ھەيۋەت شاۋقۇنلىرى بىلەن شەرققە قاراپ ئاقاتتى.

يول ئايرىلىدىغان ئاچا دوقمۇشىغا كەلگەندە ئابدۇنىياز كامال بىردىنلا تورغۇت دۆلدۆلىنىڭ تىزگىنىنى قەشقەر — كەلپىن يولىغا تارتتى-دە، ئۇنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئەگىشىپ كەينىدىن ئىلگىرىلىدى. ئېگىز-پاكار داۋانلار، يانتۇ يوللار ئارىلاپ غىڭ سايلار ئاتلىقلارنىڭ كەينىدە قالاتتى. تاغ چوققىلىرىغا چىقىۋالغان تېكىلەر، تاغ باغرىدا ئۈچۈپ يۈرگەن قاغا-قۇزغۇنلار، تۈز كەتكەن سايلاردا توپ-توپى بىلەن يۈگۈرۈشۈپ يۈرگەن جەرەن-كېيىكلەر

سەرۋازلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلاتتى. لېكىن، قوراللىق ماڭغان بۇ گۇرۇھ گاھىدا سايلار ۋە تاغ يامزاللىرىدا ئەركىن سەيلە قىلىپ يۈرگەن ئاشۇ بىگۇناھ جانلارغا زامىن بولاتتى.

— ئېتىۋالغان جەرەنلەر يىگىرمە نەچچىگە يېتىپتۇ!- دېدى ھىدايى، كوماندىر ئاغىنىسى ئابدۇنىياز كامالنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ،- ئاتلار چارچىدى، ئادەملەرمۇ ھاردى، بۇ جاي يول ئوتتۇرىسى ئىكەن، ئوتۇنمۇ، سۇمۇ تېپىلىدىكەن. جەرەنلىرىمىز بىلەن ئوزۇقلىنىپ، ئاتلىرىمىز ئەس ئالدۇرۇپ ماڭساق.

ھىدايىنىڭ بۇ پىكرىگە كوماندىر ماقۇل بولدى-دە، ھەممەيلەن قويۇق چاكاندا قاپلىغان كەڭ سايغا توپلىنىپ ئوزۇقلانغاچ بىمالال ھاردۇق ئېلىشتى.

ئۇلارغا يا ئالدىدىن، يار ئارقىسىدىن ھېچقانداق كۆشەندە ئۇچرىمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ھەمىشە سەزگۈر تۇراتتى. ئارقا تەرەپكە ھەم ئالدى تەرەپكە مۇنتىزىم تىڭتىڭچى قويۇپ ھەر ئېھتىمالنىڭ ئالدىنى ئالاتتى.

سەرۋازلار ئىككىنچى كۈنىسى تاغبۇلاق يۇرتىنىڭ ئىككى تاغ ئارىسىدىكى قىسىل دەپ ئاتىلىدىغان ئارىچوقىغا يېتىپ باردى. تاغبۇلاق سۈيى مۇشۇ ئارىچۇقتىن ئۆتۈپ بىرلىشىپ، چوڭ بىر غول ئۆستەڭ ھاسىل قىلىپ، تۆۋەن تەرەپتىكى مەھەللە-ئايماقلارغا ئاقاتتى.

ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئاتلىق سەرۋازلىرىنى قىسىل ئېغىزىدىكى ئۆستەڭ بويىدا بىرنەچچە يۈز كىشى كۈتۈۋالدى. سەرۋازلار قارشى ئالغۇچى توپنىڭ ئالدىدا رەت-رېتى بىلەن تىزىلىپ سەپ تۈزۈپ، كوماندىرنىڭ دىرىژورلۇقىدا «ئاچىل» مارشىنى جاراڭلىق ئوقۇدى.

ناخشا ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال چەبدەسلىك بىلەن تورغۇت دولدۇلىدىن چۈشۈپ قارشى ئالغۇچىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن:

— بىز ھەربىرلىرىنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى، ئالدىلىرىدا تىزىلىپ تۇرغان بۇ يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى يۇرتلاردىن جەم بولغان دېھقان باللىرى. بىز سىلەرگە مېھمان بولۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە قەدەم تەشرىپ قىلدۇق. بىز بىرنەچچە كۈنلا تۇرۇپ خوشلىشىمىز. يۇرتتىكى ئەھلى جامائەت خاتىرجەم بولۇپ ئۆزىنىڭ ئىش-ئوقەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋەرسۇن، بىز كىشىلەرنىڭ مال-مۈلكىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزمەيمىز،- دېدى.

ئابدۇنىياز كامالنىڭ بۇ سۆزىدىن قارشى ئالغۇچىلار تەسىرلەنگەنىدى. بەزىلىرى قىزغىن چاۋاك چېلىشتى، ياشانغانلاردىن بەزىلىرى ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ كۆڭۈل دوستلۇقىنى ئىپادىلەشتى، يەنە بەزىلىرى ئىككى ئالىقىنىنى جۈپلەپ پېشانىسىگە ئۇدۇللاپ تۇتۇپ ئامانلىق ئىزھار قىلىشتى.

— بىزنىڭ بۇ تۆت تاغ ئارىسىدىكى ياق يۇرتىمىزنى،- دەپ جاۋاب سۆزىنى باشلىدى ھاپىز داموللا جامائەتكە ۋاكالىتەن،- بىزلەرنى قەدىرلەپ ۋە ياد ئېتىپ قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقلىرىنى ئەھلى جامائەتنىڭ ھەممىسى قىزغىن قارشى ئالىمىز. ھەر بىرلىرىدەك ئەزىزلىرىمىزنى كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولالىغانلىقىمىزدىن ھەممىمىز ئىنتايىن خۇش. يۇرت ئاقساقاللىرى كېڭەش قىلىپ ھەرقايسىلىرى ئۈچۈن ئاللىبۇرۇن چۈشكۈن تەييارلىق قويغانىدۇق. ھازىر ئالدى بىلەن دەم ئېلىش ئورنىغا بارىمىز، قالدى مۇلازىمەتلىرىگە بىز تەييار.

ياش قورامى ئەللىكتىن ھالقىغان، بېشىغا قىزغۇچ سەرپۇش تۇماق، ئۇچىسىغا قىزىل چەكمەن تون كىيگەن؛ قوي كۆزلۈك، سېرىق ساقال، ئوتتۇرا بوي كەلگەن بۇ ناتىق كىشى ئۆز زامانىسىدا بۇ تاغلىق دىيارنىڭ يېتۈك ۋە داڭلىق مەرىپەتپەرۋەر ئالىمى ئىدى. ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى قىسقا ۋەزىنلىك سۆزىگە قارىتا ئابدۇنىياز كامالنىڭ سەرۋازلىرى قىزغىن چاۋاك چېلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

بىرنەچچە مىنۇتلۇق قىسقا مۇراسىمدىن كېيىن سەرۋازلار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ چۇشكۇنخانىلارغا قاراپ ماڭدى. ئارا ئايماقتىكى ئەھمەد بەگنىڭ قورۇسى شتاب مەركىزى قىلىپ سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى، تولۇق قورااللانغان بىر بەن قاراۋۇل بۇ قورۇنى كېچە-كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلىشقا تەيىنلەندى.

بىر-ئىككى كۈنگىچە ئابدۇنىياز كامالنىڭ ۋاقتى زىيارەت قىلغۇچىلار بىلەن كۆرۈشۈش ۋە قىسىملارنى نازارەت قىلىش بىلەن بەند بولدى. بۇ ئىشلاردىن قولى بوشىغان بىر كۈنىسى ئورنىغا مۇشاۋىرىنى مەسئۇل قىلىپ قويۇپ، تاغبۇلاق يۇرتىنىڭ مۇداپىئە يەر-شارائىتىنى كۆزىتىپ چىقىش قارارىغا كەلدى-دە، ھاپىز موللا ۋە مۇھاپىزەتچىسى ھىدايى بىلەن بىرلىكتە ئاتلىنىپ تاڭ سەھەر بىلەن تېرەكئاۋات تامان يۇرۇپ كەتتى. ئۇچقۇر ئارغىماقلار قۇياش ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن مەھەلدە مەنزىلگە يېتىپ باردى. تېرەكئاۋاتنىڭ خوجدارى ناسىربەگ ئىسىملىك كىشىنىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. بۇ ياش ساھىبخانا يىگىتلەر ئۆزىنىڭ بۇ ئەزىز مېھمانلىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ساھىبخانا ئالدى بىلەن ئۇلارنى قورۇسىدىكى باراقسان شاخلىنىپ كەتكەن تېرەكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سايىۋەن سۇپىغا باشلاپ بېرىپ، شىرداق پاياندار ئۈستىگە تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار تەكلىپ بويىچە گۈللۈك شىرداق ئۈستىگە سېلىنغان دۇخاۋا كۆرپىلەر ئۈستىگە چىقىشتى. داستىخان يېيىلىپ، ئارقا-ئارقىدىن دەستىلەنگەن چاپتى، قوناق زاغىرىسى، ھېجىر چىنىدە قېتىق، تېرەكئاۋاتنىڭ كەنجى پىشقان خۇۋەينى ئۆرۈكى قاتارلىق مەزە-مېۋىلەر قويۇلدى.

— قېنى مەرھەمەت، ئەت پىشقىچىلىك ئۇسسۇزلۇق ئىچىپ تۇرايلى،- دېدى ساھىبخانا، مېھمانلارنى تەكلىپ قىلىپ.

تېرەكئاۋاتلىقلار ھاپىز داموللامنىلا تونۇيتتى. يولدا كەلگۈچە ئابدۇنىياز كامال ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى باشقا كىشىلەرگە دېمەسلىك توغرىسىدا چېكىلەپ قويغانىدى، شۇڭا ئۇلار توغرىسىدا ھازىرغىچە لام-جىم دېيىلمىدى.

— تېرەكئاۋاتنىڭ سوغۇق زەمزەمىدىن ئازراق ئىچىپ كۆرسەك،- دېدى ھاپىز داموللا خوجدارغا تۇرۇۋت قىلمايلا،- ئۇنى ئىچمىسەك خۇماردىن چىقماي قالىمىز ئەمەسمۇ، يىگىتلەر.

— خوش، تەقسىر، قولىمىز كۆكسىمىزدە.

ساھىبخانا ئاشۇ جاۋابى بىلەن تەڭ يۈگۈرگەن پېتى ھويلىسىدىكى سالقىن جايدا سوغىلارغا قاچىلاپ تىندۇرۇلغان مۇزدەك سۇدىن بىرقانچە قاچىغا تولدۇرۇپ ئۇسۇپ داستىخان ئۈستىگە قويدى. مېھمانلار بۇلاق سۈيىنى ئىچىپ مەززە قىلىشتى.

— پاھ، پاھ، ئەجەب ياخشى سۇ ئىكەن، بىزنىڭ يۇرتنىڭ كارىز سۈيى بىلەن تەمى ئوپمۇ-ئوخشاش.

مۇھاپىزەتچى ھىدايى تىرەكئاۋات سۈيىنى ئىچكەن ھامان ئەنە شۇنداق ماختاپ كەتتى ۋە «بەئەينى ئابىھاياتنىڭ ئۆزى ئىكەن» دەپ قوشۇپ قويدى.

ھاۋا سۈزۈك، ئاسماندا ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت پارچىسى كۆرۈنمەيتتى. ئابدۇنىياز كامال پات-پاتلا تۆت تەرەپكە نەزەر تاشلايتتى. چوڭقۇرلۇققا جايلاشقان مەھەللە-ئايماقلارنى قورشاپ تۇرغان تاغلار سىپىلى بۇ يەردىن ئىنتايىن روشەن گەۋدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ، بۇ يۇرتنىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشى توقسۇنغا قويۇپ قويغاندەك ئوخشاپ كەتكەنلىكىدىن ھەيرانلىق ھېس قىلاتتى، داستىخان ئۈستىگە پىشۇرۇلغان قوي گۆشىنىڭ كەلتۈرۈلۈشى ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى بۆلۈۋەتكەنىدى.

تۇخۇمنىڭ چوڭلۇقىدا پارچىلاپ دۈۋىلەنگەن گۆشلەرنى چاپتىغا ئوراپ يېيىش — ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ توقسۇنلۇق دوستى ئۈچۈن يەنە بىر يېڭىلىق ئىدى. دېمىسىمۇ، ئۇ ئىككىيلەن تەكلىماكاننىڭ ھېچقانداق يېرىدە چاپىتى ئىسمىلىك بۇ ناننى ئۇچراتمىغانىدى. بۈگۈن ئۇلار بۇ يېڭىلىققا داخىل بولۇپ، تېخىمۇ ھۇزۇرلاندى.

ئارقا-ئارقىدىن كەلتۈرۈلگەن مەززىلىك غىزالار ئىشتىھانى قاندۇرغاندىن كېيىن، دۇئا ياندۇرۇلۇپ، داستىخان يىغىلدى-دە، ئۇلار پۇت-قوللىرىنى سوزۇپ ئارام ئالغاچ پاراڭ باشلىدى.

ئالدى بىلەن ئابدۇنىياز كامال سوئال قويۇپ دېدى:

— ئۆلۈشكۈن قىسىلدىن كىرگەن ۋاقتىمىزدىكى مۇراسىممىزدا بەزىلەرنىڭ ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ پېشانىسىگە باراۋەر قىلىپ تۇتۇپ تۇرغانلىقى ماڭا ئۆزگىچە بولۇپ تۇيۇلدى، بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ يەنە بىرى، چاپىتى نېنى مۇشۇ يەردىلا ساقلىنىپ قاپتۇ. نېمە سەۋەبتىن؟

— ئۆلۈشكۈن قىسىلدىن كىرگەن ۋاقتىمىزدىكى مۇراسىممىزدا بەزىلەرنىڭ ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ پېشانىسىگە باراۋەر قىلىپ تۇتۇپ تۇرغانلىقى ماڭا ئۆزگىچە بولۇپ تۇيۇلدى، بۇ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ يەنە بىرى، چاپىتى نېنى مۇشۇ يەردىلا ساقلىنىپ قاپتۇ. نېمە سەۋەبتىن؟

كۆپ ئوقۇغان، كۆپ ئاڭلىغان زېرەك ئالىم ھاپىز داموللا تېنىمەيلا جاۋاب بېرىپ دېدى:

— جاھان بازارلىرىدا كۆرۈشۈشنىڭ ھەرخىل شەكىللىرى ئۇچرايدۇ. ئۆلۈشكۈنى سەرۋازلار ئالدىدا ئەھلى جامائەتنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئالىقان بارماقلىرىنى جۈپلەپ پېشانىسىگە تەڭ تاناسىپ قىلىپ تۇرغانلىقى ئىككى تەرەپنىڭ روھى، ۋۇجۇدى قوشۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ بەزىلىرىنىڭ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرغانلىقى ئىككى تەرەپنىڭ يۈرىكى بىر-بىرىگە تەقەززا ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ ئەكسىچە قوينىغا خەنجەر يوشۇرۇپ كېلىپ، زاھىرەن ھىجىيىپ قول ئۇزاتقان قىياپەت — قارا نىيەتلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

قەشقەردە ئابدۇلقادىر داموللا كاشغەرىدىن ئىلىم تەھسىل قىلغان، ئىلىدا مۇتەپەككۇر جىرجىس ھاجىدىن تەلىم ئالغان بۇ ئالىمنىڭ ئېغىزىدىن قويۇلۇۋاتقان چوڭقۇر پىكىرلەر شۇ تاپتا ئابدۇنىياز كامالنىڭ قەلبىنى ئاجايىپ ھاياجانغا سالغانىدى. ئۇ، ئارقىدىن ئىككىنچى مەسىلىگە كۆچۈپ «چاپىتى»نى ئىزاھلاپ دېدى:

— ئەسلىدە «چاپات»تىن تۆرلەنگەن بۇ يېمەكلىكنىڭ لۇغەت مەنىسى «نېپىز، يۇپقا، يېيىشلىك» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ، تارىختىن بېرى يوقسۇللارنى، ھالال مېھنەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگۈچىلەرنىڭ، چۆل-جەزىرىلەردە ھىجرەت قىلغۇچى ئىرادىلىك سەرگەردانلارنىڭ ھايات تايانچىسى بولۇپ كەلدى. ئۇ چىدامىلىقلىقنىڭ سىمۋولى. ئوتۇن-ياغاچلىرى قىس، سۇيى ۋە يايلاقلىرى قىس، ئوزۇق-تۈلۈكى قىس، ئادەملىرى چىدامىلىق بۇ يۇرتتا ئۇنىڭ ئەزىز بولۇشى ۋە قەدىرلىنىشى بۇ يۇرت خەلقىنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن بولغان.

سەركەردە ئابدۇنىياز كامال بۇ سالقىن ۋە پاك ھاۋالىق سورۇندا بولۇۋاتقان سۆھبەت-مۇھاكىمە مەزمۇنىغا تېخىمۇ قىزىقىپ باراتتى. ئۇ موللا ھاپىزغا يېڭى بىر سوئالنى قويۇپ ئىنقىلاپ باقماقچى بولدى:

— قارايدىغان بولساق، بۇ يۇرت خەلقىنىڭ تىلى باشقا قوشنا ناھىيىلەردىن پەرقلىنىدىكەن. ئۆزى بىلەن چېگرىداش بولمىغان خوتەن، چاقىلىقلارنىڭ زۇۋانىغا ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. بۇنىڭ تارىخىي يىلتىزى بارمۇ، قانداق؟

— راست سورىدىلا، گېنېرال. بۇ ھادىسىنىڭ تارىخىي يىلتىزى بار. قىلىچ بۇغراخان دەۋرىدە (بۇنىڭدىن توققۇز ئەسىر بۇرۇن) خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن يېگىرمە يىل جەڭ بولغانىكەن. ئەسىرگە چۈشكەن جاھىل بۇددىستلاردىن بىرنەچچە مىڭى كەلپىنگە ھەيدەپ كېلىنىپ ئەمگەككە سېلىنىپتۇ. ئۇلار ئاخىرى يەرلىشىپ قاپتۇ ۋە كېيىنچە ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانىكەن. شۇڭا «كەلپىن» دېگەن سۆز «ئىمانغا كەلتۈرمەك» دېگەن مەنىدىن كېلىپ چىققان. تىلىنىڭ چۇس بولۇشى، سىپايى سۆزلەرنى ئىستېمال قىلىشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىمۇ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئۇلار قىزىق پاراڭ بىلەن بولۇپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىنى سەزمەي قېلىشتى. مېھمانلارنىڭ ئۆزىمۇ، ئاتلىرىمۇ قانغۇدەك دەم ئالغانىدى. ساھىبخانا بىلەن كۆڭۈللۈك خوشلىشىپ بۇ يەردىن قوزغىلىپ ماڭدى.

ئۇلار تېرەكئاۋاتتىن ئايرىلىپ غەرب تەرەپتىكى قاراتاش تېغىنى كۆزلەپ ئىلگىرىلەيتتى. بىر مەھەلدىن كېيىن ئۆچتۈرپانغا ماڭىدىغان يولنى كېسىپ ئۆتۈپ، تېرەكئاۋات سۇيىنىڭ ئەڭ يۇقىرىقى باشلىمىغا يېتىپ باردى-دە، بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاق قايىنىمىغا بىردەم قاراپ تۇرۇشتى. ئابدۇنىياز كامال سىنچىلاپ قاراپ بۇ يەرنىڭ تەبىئىي تۈزۈلۈشىگە ئىنچىكىلەپ نەزەر تاشلايتتى.

— دادام چىكەن قازنىڭ دەپ بېرىشىچە،— دېدى ھاپىز دامولا دەرھال ئابدۇنىياز كامالنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ،— بىر تىلماچىنىڭ سەۋەنلىكىدىن مۇشۇ بۇلاق چىقىۋاتقان بۇ تاغنىڭ بۇرۇنقى «قاڭشا تاغ» دېگەن نامى «توڭگۇز بۇرۇن» بولۇپ قالغان. مەن ھېلىمۇ ئۇنىڭ ئاشۇ كونا نامىغا خۇشتار. بۇ جەھەتتە قەدىمكىلەرنىڭ ئەقلىنى ئۇستۇن چاغلايمەن.

ئۇلار كۆزىتىش ۋە مۇلاھىزە يېكىرلىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ ئارغىماقلىرىنىڭ تىزگىنلىرىنى ساقا-ساغان تاغلىرى تامان بۇراپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىدى.

ئاۋغۇست كۈنلىرى، ئالتۇن كۈزنىڭ ئىللىق غۇر-غۇر شامالىرى ئاندا-ساندا ساغىرىشقا باشلىغان شىۋاق بەرگىلىرىنى يېنىك تەۋرىتىپ تۇراتتى. تاغ يولىنىڭ سالقىن ھاۋاسى دىللارغا راھەت بېغىشلايتتى. ئاسمان-پەلەك ئېگىز ئۆچۈپ يۈرگەن قارا غىلجىرلار قاناتلىرىنى سوزۇپ، سارەم سايلىقنى ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار سايلىقتا ئۆلۈپ قالغان ئېشەك تاپىنى ئىزدەيتتى.

ئابدۇنىياز كامالنىڭ كۆڭۈل ئەينىكىدىن بارچۇق سىپىلى ئۈستىدە ئۆزى ئېتىپ چۈشۈرگەن قاراغىلجىر ئوبرازى ئۆتۈشكە باشلىدى ۋە موللا ھاپىز دامولىلىغا بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەردى. ھېكايىنىڭ كەينىدىن ھېكايىلەر شاخلىنىپ ئۇلارنىڭ يولىنى قىسقارتقانىدى، ئۇلار باغلىق ئايمىقىنىڭ غەرب تەرىپىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ساقا-ساغان تېغى يېنىغا ئۇدۇل كېلىپ قالغىنىنى تۇيماي قېلىشتى. ئۈچەيلەن ئاتتىن چۈشۈپ، ئارغىماقلىرىنى كۆنجۈتزارلىقتا قويىۋۇەتتى-دە، ئۆزلىرى بىر ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ دەم ئالغاچ، يەنە ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدى.

— ئەنە ئاۋۇ تەرەپكە قاراڭلار،- دېدى موللا ھاپىز دامولla ئوڭ قولى بىلەن ساقا چوققىسىنى كۆرسىتىپ،- ئۇ خۇددى ئۆكۈزنىڭ ساقىسىغا ئوخشايدۇ. «ساقا» دەپ ئاتىلىشى شۇ سەۋەبتىن بولغان. ئۇنىڭدىن كېيىن پەسىيىپ شەرققە سوزۇلغان پاكار تاغچاقلار «ساغان» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدە ئاتۇش ۋە مارالبېشى يۇرتلىرى بار. ساغان تاغلىرى مارالبېشىنىڭ تۇمشۇق دېگەن يېرىگىچە بېرىپ ئاندىن شىمال تەرەپكە سوزۇلۇپ، تاغبۇلاق يۇرتىمىزنى ئاياغ تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ.

— دەرۋەقە، بۇ يۇرت گويا بىر چوڭ قاپقا ئوخشايدىكەن،- دېدى كوماندىر تەمسىل قىلىپ.

— بۇ تەمسىللىرى جايىدا بولدى. تەبىئىي قىياپىتىدىن بۇ يۇرتنى ئاشۇ تەمسىلگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ.

ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ تۇرغاندا باغلىق تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر ئاتلىقنىڭ قارىسى كۆرۈندى-دە، ئۈچەيلەننىڭ دىققىتى بىردىنلا شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ھېلىقى ئاتلىق كىشى يېتىپ كەلدى ۋە ئاتتىن چۈشۈپ ئۈچەيلەنگە تەزىم قىلدىيۇ، ئاۋاز چىقارماي يەرگە قارىغىنىچە جىمىپ كەتتى. ئۇ بېشىغا سېرىق ماتا ياغلىق ئورىۋالغان، ئۇچىسىغا ئاق تاشلىق قىسقا كەمزۇل، پۇتىغا كونا كەش كىيىۋالغان بولۇپ، خۇددى چارۋا باقىدىغان چوپانغا ئوخشايتتى.

— سىز مالچىمۇ، نەدىن كېلىۋاتىسىز؟- سورىدى ھاپىز دامولla.

ھاپىز دامولىلىنىڭ ئاشۇ سوئالىدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى ئاشكارىلاپ دەردىنى تۆكۈشكە باشلىدى:

— مەن مالچى ئەمەس، ئاقسۇ كونىشەھەردىن. ئىسمىم غايىبە، «نىيازىيە» ناملىق قىزلار مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا ئاتام مىرزا ئابابەكرى قارايۇلغۇن سوقۇشىدا ئۆلۈپ كەتتى. ئاپامۇ ئاتامنىڭ دەردىدە كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدى. ئۇستازىم سوپىزادىنى نەزەربەند قىلىپ ئۇرۇمچىگە ئەكېتىشتى. ئاتامدىن قالغان مۇشۇ بىر ئاتتىن باشقا ھېچنېمەم يوق. يېشىم ئون سەككىزگە كەلدى. ئابدۇنىياز سىجاڭ كەلپىنگە چۈشۈپتىمىش دەپ ئاڭلاپ ئاقياردىن كېلىۋاتىمەن. لەشكەرلىككە ياراپ قالسام ھېچ گەپ ئەمەس. ئاتامنىڭ مۇشۇ يۇرتتا موللا ھاپىز دامولla دەيدىغان بىر دوستى بار دەپ ئاڭلىغان. ئۇ كىشىنىڭ قورۇسىغا بارسام «تاغقا بارىمىز دەۋاتقان» دېگەن ئۇچۇرنى يەتكۈزدى. ئىگىنىڭلاپ يۈرۈپ ئاخىرى مۇشۇ جايغا يېتىپ كېلىشىم...

مەسۇمە قىزنىڭ بۇ تەسىرلىك بايانلىرى ئابدۇنىياز كامالغا بىرنەچچە يىل بۇرۇن «نىيازىيە» مەكتىپىدە بىر قىزنىڭ قازا تاپقان ئاتىسى ئۈچۈن دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن بىر پارچە مەرسىيە شېئىرىنى ئەسلەتكۈزدى. مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ ئالدىدا گەۋدىلىنىپ تۇرغان يارقىن ئوبرازى — دەل شۇ غايىبە ئىسىملىك قىزنىڭ ئۆزى ئىدى.

موللا هاپىز داموللا غايىبەنىڭ ئاتىسى مىرزا ئابابەكرى بىلەن ئاقسۇدىكى مەدرىسىدە بىللە ئوقۇغان ۋە دوست بولۇپ ئۆتۈشكەن. مىرزا ئابابەكرى قازا قىلغاندا، ئۇ ئېغىر هازىدار بولغان. مانا بۈگۈن ئۆزىنىڭ هۇزۇرىدا مەرهۇم دوستىنىڭ يېتىمە قىزى بويۇن قىسىپ تۇرغاندا، ئۇ ئۆز هاياجىنىنى باسالماي قالدى.

ئارىدا بىرمەهەل داۋام قىلغان سۈكۈتتىن كېيىن موللا هاپىز داموللا ئېغىز ئېچىپ دېدى:

ــ ئاڭلاپ تۇرۇڭ، قىزىم، سىزگە مانا مەن باشپاناھ بولىمەن. تەلەپلىرىڭىز بولسا ماڭا دەڭ. بۇ تاغىلىرىڭىزنىڭ ئىشى ئالدىراش. بۇلار هازىر چۈشكۈنخانىغا قايتىدۇ. قالدى گەپنى كېيىن دېيىشەيلى.

قۇياش ساقا تاغنىڭ كەينىگە پەسلەپ باراتتى. كەڭ كەتكەن قۇملۇق دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستىدە ئالا-سېرىق نۇرلار ئەكس ئېتىشكە باشلىغانىدى.

## 2

تۈنۈگۈنكى بىر كۈنلۈك كۆزىتىش سەپىرىدىن مەمنۇن بولغان سەركەردە بۈگۈن قاق سەهەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ، چاققانلىق بىلەن يۈز-كۆزىنى يۇيۇپ، كىيىم-كېچەكنى كىيدى. ئارقىدىن يان هۇجرىدا ئۇخلاۋاتقان مۇهاپىزەتچى هىدايى بىلەن ئابدۇقادىرهاجى مۇشاۋىرغا شەپە بېرىپ، ئۇلارنىمۇ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

شەرقتە شەپەق قىزىرىپ قۇياش ئۇپۇق سىزىقىدىن ئەمدىلا بېشىنى كۆتۈرۈشكە باشلىغانىدى. ئۇچەيلەن ئەهمەدبەگ قورۇسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، يېڭىدىن بېشى ئاقىرىشقا باشلىغان ئاق قوناق ئېتىزلىقى يېنىدىكى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ توختاشتى. ئۆستەڭنىڭ ئىككى قىرغىقىدا قاتار ئۆسكەن تال-سۆگەتلەرنىڭ باراقسان شاخلىرى بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. سان-ساناقسىز ئاق قۇچقاچلار تاللىق بىلەن قوناقلىق ئوتتۇرىسىدا نۆۋەتلىشىپ توختىماي ئۇچۇشاتتى. بۇ مەنزىرىنىڭ توقسۇنغا ئوخشاپ كەتكەنلىكى شۇ تاپتا ئابدۇنىيازنىڭ خىيال ئېكرانىدا ئاقتاش مەنزىرىسى پەيدا قىلىۋاتاتتى.

ــ تۈنۈگۈن ئاخشام بىر قىپچاق،ـ دېدى مۇشاۋىر ئابدۇقادىرهاجى، سەركەردىنىڭ دىققىتىنى جەلىپ قىلىپ،ـ بىر جىددىي ئاخباراتنى يەتكۈزمەكچى بولۇپ كەلگەنىدى. بىز ئۇنى بىر ئۆيدە تۇتۇپ تۇردۇق. بىز ئالدى بىلەن ئاشۇ ئايغاقچى بىلەن كۆرۈشۈپ باقساق، ئۇنىڭدىن سىرت، بۈگۈن چۈشكە يېقىن يۇرت مۆتىۋەرلىرى چۈشكۈنخانىمىزنى زىيارەت قىلىپ، بىزدىن هال سوراشقا كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتۇق. شۇڭا بىز...

ــ ئۇنداقتا،ـ دېدى ئابدۇنىياز كامال دەرهال مۇشاۋىرنىڭ مەسلىهىتىگە ماقۇل بولۇپ،ـ بىز شىتابقا قايتىپ بارايلى. مەن ئاۋۋال هېلىقى قىپچاق ئاخباراتچى بىلەن سۆزلىشىپ باقاي، سىلى يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى كۈتۈش هازىرلىقىنى قىلسىلا.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار شىتابقا قايتىپ كېلىشتى. بىر خاس هۇجرىغا مۇلازىملار ئەتىگەنلىك چاي تەييارلىغانىدى. مۇشاۋىر هېلىقى قىپچاق ئاخباراتچىنى هۇجرىغا باشلاپ قويۇپ ئۆز ئىشلىرىغا يۈرۈپ كەتتى.

ھۇجرىدا ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ھىدايى بىرلىكتە ناشتا قىلغاچ قىپچاق بىلەن سۆھبەت باشلىدى.

بېشىغا ئاق كىگىز قالپاق، پۇتىغا چورۇق كىيىۋالغان ئوتتۇرا بوي، ئوتتۇرا ياشلىق مۇھەممەد قۇلى ئىسمىلىك بۇ قىپچاقنىڭ ئۇزايىدىن بىر مالچى ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئابدۇنىياز كامال ئۇنىڭغا سىلىق-سىپايە مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى ئالدى بىلەن چاي-مەززەگە تەكلىپ قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىمالال، ئەركىن سۆزلىشىگە بېشارەت بەردى. مۇھەممەد قۇلى يۈرىكىنى توختىتىپ، كېلىش مۇددىئاسىنى ئىزھار قىلدى:

— مەن سۇ بېشى دېگەن يەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى تاغدا چارۋا باقىدىغان پادىچى ئىدىم. ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا سۇ بېشىغا ئۇشتۇمتۇت «تۆتىنچى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر گۇرۇھ ئاتلىق ئادەملەر كېلىپ چۈشتى. ئۇلار ھەرخىل كىشىلەردىن قوشۇلغان شالغۇت گۇرۇھ ئىكەن. ئۇلار مېنى تۇتۇۋېلىپ: «چارۋىلىرىڭغا بىز قاراپ تۇرىمىز، سەن قىسىلنىڭ ئاستىدىكى يېزىلارغا بېرىپ ئىسيانچىلارنىڭ ئادەم سانىنى، قورال-ياراغ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ بىزگە خەۋەر يەتكۈزىسەن. ئەگەر بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ قويساڭ، جېنىڭنى ئالىمىز» دېدى-دە، مېنى ئۇلارنىڭ ئىككى ئادىمى تۈن تەڭ بىلەن قىسىلدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئارقىسىغا قايتىپ كېتىشتى. مەن بىر كېچە-كۈندۈز تەمتىرەپ يۈردۈم، گېلىمدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. قارىسام ئىسيانچى دېگەنلەر مېنىڭ قېرىنداشلىرىم ئىكەن. سىلەرگە خائىنلىق قىلىشقا مېنىڭ كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. شۇڭا يۈرەك سۆزۈمنى ئېيتقىلى كەلدىم. مەن سىلەردىن ئايرىلمايمەن...

— قانچىلىك چارۋىڭىز بار ئىدى؟

— يۈزدىن ئارتۇق،ـ دېدى قىپچاق جاۋاب بېرىپ.

— ھەممە ئەھۋال،ـ دېدى ئابدۇنىياز كامال سۆھبەتنى ئاخىرلاشتۇرۇش نىيىتىدە تەكىتلەپ،ـ بىزگە بەش قولدەك ئايان. سىزنىڭ ساداقەتمەنلىكىڭىزدىنمۇ گۇمان قىلمايمىز. بىراق، سىز كەتمەي بۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ مال-ۋارانلىرىڭىز قولىڭىزدىن ئاجراپ كەتسە، بىز بۇنىڭغا زامىن بولۇپ قالىمىز. شۇڭا سىز ھازىر ئوبدان غىزالىنىۋېلىپ ئۆز يولىڭىزغا راۋان بولۇڭ، مېلىڭىزنى تېپىۋېلىڭ. ئۇلارغا يالغان-ياۋىداق سۆز قىلىپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالسىڭىزمۇ بولۇۋېرىدۇ...

ئابدۇنىياز كامال بۇ يەردە دانالىق قىلغانىدى. مۇبادا قىپچاق ئاخباراتچىنى يولغا سېلىۋەتمىگەندە، بايىقى «تۆتىنچى» دېگەنلەرنىڭ «بىزنىڭ ئادىمىمىزنى تۇتۇپ قالدىڭلار» دەپ تۆھمەت قىلىشىدىنمۇ ساقلانغىلى بولمايتتى. شۇنداق قىلىپ، قىپچاق مۇھەممەد قۇلى غىزالىنىپ بولدى-دە، چۈشتىن بۇرۇن بۇ يەردىن غايىب بولدى.

ئارىدىن يېرىم سائەتچە ۋاقىت ئۆتەر-ئۆتمەي مۇشاۋىر كېلىپ يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ساراي ئۆيدە ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئابدۇنىياز كامال چەۋەنداز پاسوندا كىيىنىپ، مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن بىللە مۇشاۋىرى ئابدۇقادىر ھاجىنىڭ باشلامچىلىقىدا ساراي ئۆيدە تەقەززا بولۇپ كۈتۈپ تۇرغان يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئالدىغا ئەنئەنىۋى ھۆرمەت سالامىنى قىلىپ كىردى. يۇرت كاتتىلىرىمۇ ئورۇنلىرىدىن تەڭ تۇرۇشۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇلار سۆھبەت ئېيتىداسىغا تېخى ئېغىز ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا ساھىبخانا ھەمراھبەگ ئوتتۇرىغا چوڭ

بىر گۈللۈك داستىخاننى كۆتۈرۈپ كىلىپ ئالدى ۋە ئارقىدىنلا داستىخان ھەرخىل مېۋە-چىۋە، چاپىتى-مەزە، بىشەكچى، كۆچى قاتارلىق شىرىن يىمەكلىكلەر بىلەن تولدۇرۇۋىتىلدى.

تورۇسى ۋاساجۇپ قىلىپ يىپىلغان، تاملىرىنىڭ ئىچ تەرىپى پاكىز ئاقارتىلغان، تۆت تامنىڭ ئاستىغا قىزىل گۈل دوخاۋدىن زەدىۋال تۇتۇلغان بۇ ساراي ئۆينىڭ ئۇ چىتىدىن بۇ چىتىگىچىلىك ھەرخىل نۇسخىلىق زىلچا ۋە شىرداق، تەڭلىمات ھەمدە مىھمانلارنىڭ ئورۇن جايلىرىغا گۈللۈك يىكەنداز، كۆرپىلەر سېلىنغانىدى.

— قىنى، مىھمانلار، «ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام» دەپتىكەن بۇرۇنقىلار، شۇڭا ئاشقازانلىرىمىزنى ئورۇقلاندۇرغاچ ئازادە پاراڭلىشايلى.

ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن ھەممەيلەن مەزەگە قول ئۇزاتتى. بۈگۈن بۇ ئۆيگە يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن مۇھەممەد ھاجى، موللا ھاپىز داموللا قاتارلىق ئونغا يېقىن كىشى كەلگەنىدى.

— بىز بۈگۈن يۇرت ۋەكىللىرى جەم بولۇپ ئابدۇنىياز سىجاڭ باشلىق پىدائىيلىرىمىزدىن ھاردۇق سوراش نىيىتىمىز بىلەن ھۇزۇرلىرىغا كىلىۋاتىمىز. ھەربىرلىرى كۆپ جاپا تارتىشتىلا، ھاردىلا، چارچاشتىلا، بىز بۈگۈن ھەر بىرلىرىدىن ئىنتايىن سەممىي ھال سورايمىز...

دەسلەپ ئىغىز ئىچىپ سۆز قىلغۇچى بۇ شەخس — تاغبۇلاق يۇرتىنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق سەردارى — مۇھەممەد ھاجى دىگەن كىشى ئىدى. ئۇ ھازىر ئەللىك ياشلارغا كىرگەن، بەستى قامەتلىك، ھۆسىن-تەلەتى كىلىشكەن، مەرىپەتپەرۋەر ۋە ئوقۇمۇشلۇق زات ئىدى. ئۇ — 30- يىللارنىڭ بىشىدا دىھقانلار ھەرىكىتىنى قوللاش يۈزىسىدىن بۇ يۇرتتا بىرىنچى بولۇپ پىدائىيلار ئەترىتىنى تەشكىللىگەن ۋە بۇ يەردە تۇنجى يىڭى مەكتەپنى تەسىس قىلغانىدى.

— ھەربىرلىرىگە ھەم پۈتۈن يۇرت خەلقىگە رەھمەت،- دىدى ئابدۇنىياز كامال، مۇھەممەد ھاجىنىڭ يۇقىرىدىكى سۆزىگە جاۋابەن،- يۇرت خەلقىنىڭ جاپاسى ئالدىدا بىز تارتقان جاپالار ھىچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ. بىز ۋە پىدائىيلىرىمىزنىڭ ھەممىسى دىھقانلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرى. شۇڭا ئەل-يۇرت ئۈچۈن بىز جاپا تارتىش تۇگۇل ھەتتا جان پىدا قىلىشقىمۇ تەييار. كىچىكىمدە مەن ئاقتاش دىگەن يەردە موللا زاكىر دىگەن ئۇستازنىڭ مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا ئۇ كىشى بىزگە مۇنداق بىر كۇبلىت شىئىرنى ئوقۇپ بەرگەن:

ئەل ئۈچۈن تارتقان جاپانى،

شاھ تەختىگە تەڭ بىلگۈلۈك.

ئەل كۈلۈپ، كۆرسە بەخت،

تاج-بەختىگە تەڭ بىلگۈلۈك.

مانا بۇ بىر كۆپلىت يادىكار تەلىماتىنىڭ روھى بويىچە بىز ھەرقانداق جاپاغا بەرداشلىق بېرەلەيمىز.

ئابدۇنىياز كامالنىڭ بۇ ھازىر جاۋاب مەنتىقىسىدىن تاغبۇلاق يۇرتىنىڭ مۆتىۋەرلىرى ھەيران قېلىشتى. لېكىن، ئۇلار توپلانغان جايلاردا كۆپ ھاللاردا، جامائەت مۇھەممەد ھاجىنىڭ ئېغىزىغا قاراپ، لەۋزە سۇرۇشمەي جىم ئولتۇرۇشاتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى.

— تۈنۈگۈن موللا ھاپىز داموللام بىلەن بىرگە، — دېدى مۇھەممەد ھاجى پاراڭ تېمىسىنى يېڭى مەزمۇنغا يۆتكەپ، — يۇرتنىڭ ئەتراپىنى كۆزىتىپ كەپتىلا. چەۋەندازلارنىڭ بۇرچى ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك. لېكىن بىزنىڭ بۇ يۇرتىمىزنىڭ سۈيى قىس. «بىر تامچە سۇ — بىر تامچە قان بىلەن باراۋەر» دەيدىغان تەمسىلىمىز بار. جايلاشقان ئورنىمۇ ياقا-بۇلۇڭدا بولۇپ ھەجمى كىچىك. يۇقىرى تەرەپتە قىسىل مازار، ئاياغ تەرەپتە قىسماق مازار، ئوتتۇرىسى قازناق بازار، يۇرتىمىزنىڭ شارائىتى مانا مۇشۇنچىلىك.

— بىز بۇنى چۈشىنىپ يەتتۇق، — دېدى ئابدۇنىياز كامال، — ئەمما بۇ يۇرتنىڭ ھاۋاسى ساپ، ئادەملىرى زېرەك ۋە ساغلام ئىكەن. بۇ ئامىل ئۇنىڭ قاپچىغايلىق نۇقسانىنى تولدۇرۇپ كېتەلەيدۇ. بىز يەنە ھەربىرلىرى ئارقىلىق يۇرت خەلقىگە كۆڭلىمىزنى ئىزھار قىلىمىزكى، بىز بۇ يەرگە ئازلا بىر قىسىم ئاتلىقلار كەلدۇق. بىزنىڭ ئاساسىي بازىمىز ۋە پىدائىيلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئايكۆل، ئاۋات تەرەپلەردە؛ شۇڭا تاغبۇلاق دېھقانلىرى ئالۋان-ياساق ئەندىشىسىدىن خاتىرجەم بولغاي.

ساھىبخانا ھەمراھىبەگنىڭ مۇلازىملىرى تۈنجى داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ يېڭى داستىخان ئېچىۋاتقان چاغدا، سورۇن ئۇستىگە خۇرسەن تۇەنجاڭ سالام بېرىپ كىرىپ كەلدى-دە، ئابدۇنىياز كامالغا دوكلات بېرىپ دېدى:

— تۈنۈگۈن مۇھەممەد ھاجىم جانابلىرى ئون نەچچە بورداق قوي كىرگۈزگەنىكەن، بۈگۈن ئەتىگەن بۇ قويلارنى سويۇپ، باغلاردىكى چەۋەندازلىرىمىزنى چۈشلۈك غىزا بىلەن ئوبدان كۈتۈۋالدۇق. بارلىق پىدائىيلىرىمىز نامىدىن ھاجىم ئائىلىلىرىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

— بۇ بىزنىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىمىز، — دېدى مۇھەممەد ھاجى ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىز بۈگۈن يەنە ھۇزۇرلىرىغا ئازراق سوۋغات ئەكەلدۇق. ئازنى كۆپكە تاۋاپ قىلىپ قوبۇل كۆرۈشكەيلا.

مۇھەممەد ھاجى مۇلازىمى ناسىرغا كۆتۈرگۈزۈپ كىرگەن پەتەر خۇرجۇن ئىچىدىن ئەللىك يامبۇنى چىقىرىپ ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئالدىغا قويدى. ئابدۇنىياز كامالمۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، مۇھەممەد ھاجىغا سەممىي مىننەتدارلىق ئىزھار قىلدى.

ئارقىدىنلا مۇھەممەد ھاجى يەنە ئۆز خىراجىتى بىلەن تەشكىللىگەن دېھقانلار ئەترىتىدىن ئەھمەد پەيجاڭ باشلىق ئون يىگىتنى ئات جابدۇقلىرى بىلەن ئابدۇنىيازنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھىممىتىگە ئابدۇنىياز كامال باشلىق ھەممەيلەن ئۆزۈنغىچە چاۋاك چېلىپ تەشەككۇر ئىزھار قىلىشتى. مېھمانخانا بىردىنلا ھاياجان ۋە شادلىق كەيپىياتىغا چۆمگەنىدى. جۇشقۇنلۇق ئاتا قىلغان بۇ كەيپىيات ھەممەيلەننىڭ ئىشتىھالىرىنىمۇ سازلاشتۇرۇۋەتكەنىدى. مېھمانلارنىڭ ھەممىسى يېڭى داستىخان ئۇستىگە كەلتۈرۈلگەن ۋە قاتار-قاتار تىزىلغان لېگەنلەردىكى گۆشلەرنى ئىستېمال قىلىشقا كىرىشىپ كېتىشتى. ئارقىدىن توخۇ گۆشى بېسىلغان پولۇ، كەينىدىن ئۇگرە ئاش... بۈگۈن تاغبۇلاق يۇرتىنىڭ مېھمان كۈتۈش مەمۇرچىلىقى ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى ھەقىقەتەن ھاياجانغا سېلىۋەتكەنىدى.

داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال ساھىبخانىغا ۋە مۇھەممەد ھاجى باشلىق يۇرت مۆتىۋەرلىرىگە يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر مىننەتدارلىقىنى ئىزھار قىلغاندىن كېيىن يۇمۇرلۇق تەمسىل كەلتۈرۈپ دېدى:

— بىز تۇنۇگۇن سارەم يايلىقىدا تاپ ئىزدەپ ئېگىز ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قارا غىلجىرنى كۆردۇق. بۇنداق غىلجىرلارنى مارالبېشى، ئاقسۇ ئايكۆل، ئاۋاتلاردىمۇ كۆرگەنىدۇق، ھەتتا بەزىلىرىنى ئېتىپمۇ چۈشۈرۈۋالدۇق. ناۋادا تاغبۇلاق ئاسمىنىدا شۇنداق غىلجىرلار پەيدا بولۇپ قالسا خالايىقنىڭ ئەندىشە قىلماسلىقىنى ئۆتۈنىمىز. بىزنىڭ پىدائىيلىق بۇرچىمىز — ياردەم بېرىشكە موھتاج بولغان يەرگە بېرىشتىن باش تارتماسلىقتا، مۇبادا ئاشۇنداق ياردەمگە كېچىدە ئاتلىنىپ قېلىپ، جامائەتچىلىك بىلەن خوشلىشىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالساق، ھەربىرلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىشلىرىنىمۇ ئۈمىد قىلىمىز.



يۇرت مۆتىۋەرلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان كۆڭۈللۈك سۆھبەتتىن مەمنۇن بولغان ئابدۇنىياز كامال نېمىشقىدۇر بۈگۈن كېچە زىنھار ئۇخلىيالماي تاڭ ئاتقۇزدى. ئادەتتە ئاسمان يېقىلسىمۇ پەرۋا قىلمايدىغان بۇ پالۋاننىڭ كاللىسىغا سۇ بېشى ئەتراپىدا پەيدا بولغان «تۆتىنچىلەر»نىڭ ۋەھىمىسى كىرىۋالغانىدى. ئۇ ئەتىسى بامدات ۋاقتى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، مۇشاۋىرى ئابدۇقادىر ھاجى بىلەن مۇھاپىزەتچىسى ھىدايىنى ھۇجرىسىغا قىچقىرىپ كىرىپ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان جىددىيەتلەر ئۈستىدە كېڭەش يۈرگۈزگەنىدى.

— قىپچاق ئايغاقچىنىڭ مەلۇماتىغا،- دېدى ئابدۇنىياز كامال دوستلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ،- سەل قارىغىلى بولمايدۇ. مەن بۈگۈن قىسىل ئەتراپىنى كۆزىتىپ كېلەي دەۋاتىمەن. دوستۇم ھىدايى ھازىرلا ئاتلىنىپ يۇقىرىستىكى مۇئەررىخ موللا ئەرشىدىن بىلەن بىللە غوجىلا دېگەن يەردە مېنى ساقلاپ تۇرسۇن. ئابدۇقادىر ھاجىم، سىلى شتاب ۋە چەۋەندازلار ئىشىغا مۇئەككەل بولۇپ تۇرسىلا. يەنە بىر ئىش، مېنىڭ ھېلىقى تورغۇت دۇلدۇلۇمنىڭ بېشىنى بوشىتىپ قويارلا، مەن يۇرت ئارىلىغاچ يايلاغ كېتىۋېرىمەن، ئېھتىياج بولغاندا ئۇنىڭغا شەپە بېرىمەن.

ئابدۇنىياز كامالنىڭ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئىككىيلەن تەڭلا قوشۇلدى. ئەتىگەنلىك كېڭەش ئاشۇنداق ئىخچام ئاياغلاشتى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ تارقىشىدىغان چاغدا:

— ئالدىرىماڭلار، يەنە بىر مۇھىم ئىش ئېسىمگە كېلىپ قالدى،- دېدى سەركەردە دوستلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپ،- بىزگە كاچۇڭ، ئۇچتۇرپان ۋە تاغبۇلاق مۆتىۋەرلىرى نۇرغۇن ئالتۇن، يامبۇ قاتارلىق ئېسىل بايلىقلارنى ئىنئام قىلدى. گېزى كەلگەندە بۇ نەرسىلەرنىڭ كېرىكى بولىدۇ. بۇ پېشىشىق ماللارغا ئابدۇقادىر ھاجىم سىلى ئىگىدارچىلىق قىلسىلا. چۈنكى ئالتۇننىڭ قەدرىنى ئاتۇشلۇقتىن باشقىلار تازا بىلەلمەي قالىمىز.

ئابدۇنىياز كامالنىڭ بۇ يۇمۇرلۇق سۆزى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋەتتى. كۈلكە توختىغاندىن كېيىن:

— ناشتىدىن بۇرۇن بۇ ماڭا ئىنتايىن ياخشى سوۋغات بولدى،- دېدى ئابدۇقادىرھاجى.

شۇنداق قىلىپ، ناشتىدىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال يان قورالىنى ئېسىپ ئۆزى تەنھا پىيادە يۇرت ئارىلىغاچ قىسىل تەرەپكە قاراپ يۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىگە نۇرغۇن باللار ئەگىشىۋالغانىدى.

ئابدۇنىياز كامال بوگۇن بېشىغا يۇلتۇز نۇسخىلىق ئاق شاپاق دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق چەكمەن كۆڭلەك، پۇتىغا قارا شىبلىت كىيگەن، كۆڭلەك يېڭىنى جەينىكىگىچە تۇرۇۋالغان، بېشىغا كىيگەن شاپاق دوپپىسىنىڭ سول گىرۋىكىنى بىر ئىلىكچە كەڭلىكتە يۇقىرىغا قاتلاپ قويغانىدى.

ئۇ — يۇقىرىس ئايمىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بارغاندا ئوڭ تەرەپتىكى توقنىياز ھاجىنىڭ خالتا كوچىسىدىن قۇشقاچلار توپ-توپى بىلەن ئۇچۇشۇپ، چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتۈپ، سول ياندىكى ئېتىزلىق تەرەپكە شۇڭغۇپ ئۆتۈپ تۇراتتى.

— قېنى، مەرگەن تاغا، ئاۋۇ تىز ئۇچۇۋاتقان قۇشقاچتىن بىرنى چەنلىيەلەمسىز، كۆرۈپ باقمايلىمۇ؟

باللار ئارىسىدىكى شوخراق بىرى ئابدۇنىياز كامالغا تارتىنماستىن سوئال قويدى.

— بولىدۇ، شاكىچىك، مانا قاراپ تۇر ئەمىسە...

ئابدۇنىياز كامال چاققانلىق بىلەن يان قورالنى قېپىدىن سۇغۇرۇۋالدى-دە، دەل چەنلەپ ئېتىپ قۇشقاچنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئۆلگەن قۇشقاچ چوڭ يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا دومىلاپ چۈشتى. باللار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۆلۈك قۇشقاچنى چۈۋىق بىلەن ئۇياقتىن-بۇياققا دومىلىتىپ ئويناش بىلەن بەند بولۇپ كېتىشتى.

شۇ ئەسنادا ئابدۇنىياز كامال باللار ئارىسىدىن ئايرىلىپ «غوجىلار» دېگەن يەرگە قاراپ يۇرۇپ كەتتى. ئۇ يول ئۇستىدە بۇرۇنقىدەك تاش تۇمارنىڭ خاسىيەتلىك نۇرى ئارقىلىق تورغۇت دۇلدۇلىغا شەپە ماڭغۇزدى. ناھايىتى بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە دۇلدۇل يېتىپ كەلدى-دە، ئابدۇنىياز كامال دۇلدۇلغا مىنىپ بۇ يەردىن يېقىنلا جايدىكى «غوجىلا» دېگەن يەرگە بېرىپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغان موللا ئەرشىدىن ۋە ھىدايىلار بىلەن ئۇچراشتى.

مۇئەررىخ موللا ئەرشىدىن «غوجىلار» تەزكىرىسى توغرىسىدا ھىدايىغا ھېكايە سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئابدۇنىياز كامال يېتىپ بارغاندىن كېيىن ھېكايىنىڭ ئايىغىنى يەنە داۋام قىلىۋەردى:

— شۇنداق قىلىپ،- دەپ داۋام قىلدى مۇئەررىخ موللا ئەرشىدىن،- جۇڭغار قىسىملىرى ئالتە شەھەرگە بېسىپ كىرگەندە، ئۇلارغا قارشى چىققانلارنى مۇشۇ جايغا توپلاپ نەزەربەند قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاپئاق غوجىغا قارشى مەيداندا بولغان مەھمۇت غوجا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمۇ بار ئىدى. جۇڭغار قىسىملىرىنىڭ باشلىقى داۋاچ مەھبۇسلارنى ئىشلىتىپ قىسىلنىڭ ئىككى تەرىپىگە مازار سالدۇردى، بۇ يەردە جۇڭغار قىسىملىرى قاراۋۇللۇق قىلاتتى. مەھبۇسلار يەنە مۇشۇ جايدا بىر تۇگمەن بىنا قىلدى. بۇ تۇگمەن كېيىنكى كۈنلەردە «غوجىلار تۇگمىنى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. تاغبۇلاق يۇرتىدا نەزەربەند قىلىنغان قارا تاغلىقلار مەزھىپىنىڭ ئىشانى مەھمۇت خوجا قاچماقچى بولۇپ ھەرىكەتلەنگەندە، جۇڭغار قىسىملىرى ئۇنى ئاشۇ تۈگمەننىڭ كولىسىدىن تېپىۋېلىپ باغلاپ ئىلىغا ئەكەتتى. كېيىن چيەنلۇڭنىڭ قىسىملىرى كېلىپ

جۇڭغارلارنىڭ باشلىقى داۋاچىنى يوشۇرۇنۇۋالغان قىسىل مازىرى ئىچىدىن تۇتۇۋالغانىدى، دېمەك، بىز بىلمەكچى بولغان «غوجىلار» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ئەنە شۇنداق.

مۇئەررىخ موللا ئەرشىدىن ئارقىدىن دەۋر تارىخىنىڭ يۇقىرىقىدەك سېھىرگەرلىكىنى يەكۈنلەپ تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇدى:

دەۋرانى پەلەك بەرھەق،

چىنە چېقىلسا كوزىغا كېلەر.

مىزانى پەلەك بەرھەق،

كۈلگىنى يىغلار، يىغلىغان كۈلەر.

ھېكايە ئاياغلاشقاندىن كېيىن ئۇچەيلەن ئاتلىنىپ قىسىل تامان يۈرۈپ كەتتى. ئابدۇنىياز كامال قىسىلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى مازارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ جۇغراپىيىلىك شارائىتىنى سىنچىلاپ كۆزىتەتتى. تاغبۇلاق سۈيىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى چوڭقۇرلۇقتا جايلاشقان مەھەللىلەرنىڭ باغۇارانلىرى يىراقتىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مازار بىلەن مەھەللە ئارىلىقىدا تۈپتۈز كەڭ سايلىق سوزۇلغانىدى. چوڭقۇرلۇقتىن ئۆرلەپ چىققان ئىسسىق ھاۋا بىلەن قىسىل تېغىنىڭ سالقىن شاملى مۇشۇ سايلىقتا ئۇچرىشىپ ئاسمان-پەلەك قۇيۇنتازلارنى ھاسىل قىلاتتى. كۆزدە ساغىرىپ چۆرۈپ قالغان سايىنىڭ شۇۋاقلىرىنى قۇيۇنتازلار ئۇچۇرۇپ يىراق جايلارغا چۆرۈۋېتەتتى. تاغ قۇشقاچلىرى قۇيۇنتازلارنىڭ ھەيۋىسىدىن ئۈركۈپ تاغنىڭ كامارلىرىغا كىرىشۋالاتتى.

ئابدۇنىياز كامال ھەمراھلىرى بىلەن بىللە تاغبۇلاق سۈيىنى ياقىلاپ مېڭىپ «ئىككى تۇمۇ» نىڭ بېشىغا كېلىپ بىرمەھەل دەم ئالدى. ئۇلار تۇمۇ قۇرۇلۇشىنى كۆزىتىپ، قىزغىن پاراڭغا چۈشۈۋاتقان چاغدا ئۇشتۇمتۇت «ئەسسالام!» دېگەن ياڭراق سادا بىلەن بىللە بىر پەرىزاتنىڭ پەيدا بولۇپ تۇمۇ بېشىدا نازىنىن قىياپەتتە تۇرغانلىقى ئۇچەيلەننى بىردىنلا ھەيران قالدۇردى. پەرىزات ئابدۇنىياز كامالغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ تەخىرسىزلىك بىلەن خىتاب قىلىشقا باشلىدى.

— مەن ھاۋا ئاتامنىڭ پۇشتىدىن تۆرەلگەن غايىبە ئاتلىق قىز بولىمەن، مەن سىزگە جۇپلۇققا ۋە سەپداشلىققا مۇناسىپ ئىدىم. ساغان تېغى باغرىدا بۇ مۇراجىئىتىمنى ئىلىك ئالماي كېتىپ قالدىڭىز، بىراق، مەن ھاۋا ئانامنىڭ بېشارەتچىلىك تەلىمىدىن ماھارەت ئىگىلىدىم. بېشارەت بېرەلەيمەنكى: سىزمۇ مېنىڭدەك يېتىم-يېسىرلىكتە چوڭ بولدىڭىز. مۇشتۇمزورلارغا قارشى يولىڭىزدا سەۋەنلىك يوق. سىز خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر بولۇپ كەلدىڭىز. زامان سىزنى باتۇر قىلىپ كۆتۈرگەنىدى. ئەمما زامان يەنە بۇ ئۇنۋاننى قولىڭىزدىن تارتىۋېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بېشىڭىزغا كۈن چۈشكەن پەيتتە مەن يەنە يېنىڭىزدا پەيدا بولىمەن، خەير خوش!...

ئاخىرقى تاۋۇش ئۈزۈلۈشى ھامان پەرىزات بىردىنلا ئىزىدىن ئاللىقاياقلارغىدۇر غايىب بولدى. ئابدۇنىيازنىڭ كۆزىگە قانداقتۇر بىر ئالا بويۇن، ئاچ قۇيرۇق قارلىغاچنىڭ ساغان تېغى تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتقانلىقى گويا بىر

سېھىرگىرىمدەك مەلۇم بولدى. قالغان ئىككىلىسىنىڭ كۆزلىرى گىرىمسەنلىشىپ ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمەي گاڭگىراپ قېلىشتى. بۇ مۆجىزە تەقدىرىنىڭ ئويۇنىمۇ، يا پەلەكنىڭ سېھىرگەرلىكىمۇ ۋە ياكى زامانىنىڭ ھىيلىگەرلىكىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى.

4

«ئىككى تۇمۇ» بېشىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال پەرىزات مۆجىزىسىنىڭ تەسىرىدىن خېلى ئۇزۇنغىچە خاموش بولۇپ يۈردى. قانداقتۇر بىر غەشلىك ئۇنىڭ روھىنى غىدىقلايتتى. لېكىن، ئۇ، بىلىندۈرمەسلىككە سالاتتى. تاڭلا ئەتىسى ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ياللانما شورا ئايروپىلانلىرى تاغبۇلاق يۇرتىنى بومباردىمان قىلىشقا كىرىشتى-دە، بۇ ۋەقە تۈپەيلى كېلىپ چىققان جىددىيەتلىك ئۇنى باشقىدىن سەگەكلەشتۈردى.

ئىككى يىل بۇرۇن تاسادىپىي بىر قوش قاناتلىق ئايروپىلان يېقىلغۇسى تۈگەپ ۋە يولدىن ئادىشىپ بۇ يۇرتنىڭ ئاسمىنىدا پەيدا بولغان. ئۇ يەرگە قونالماي تەمتىرەپ قالغاندا، تاغبۇلاقلىقلار كىگىز-گىلەملىرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇزۇن سايغا پاياندازسېلىش ئارقىلىق «مېھمان» ئايروپىلانغا بەلگە بېرىپ ئارا سايغا قوندۇرۇۋالغانىدى.

مانا ئەمدى ئىككى يىلدىن كېيىن بۇ «مېھمان» ئايروپىلان ئۆزىگە يەنە ئىككى ھەمراھىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ ساھىبخانا تاغبۇلاق يۇرتىنى بومبا بىلەن كاچاتلىغىلى تۇردى.

«يۇقىرىسىنىڭ قوناقلىقىغا بىر بومبا تاشلاپتۇ!»

«قاراكۆتىنىڭ قورۇقىغا بىر بومبا چۈشۈپتۇ!»

«بومبا چۈشكەن ئېتىزلىق چوڭ كۆلدەك ئويۇلۇپ كېتىپتۇ!»

ئابدۇنىياز كامالنىڭ شىتابىغا كۈندە دېگۈدەك مۇشۇنداق ئاخباراتلار كېلىپ تۇراتتى. تاغبۇلاق يۇرتىنىڭ ئىچىنى بىردىنلا تەشۋىش تۈتەكلىرى قاپلىۋالدى. ئۈششاق-چوڭ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ساراسىمە-ئەندىشىگە چۈشۈپ، بەزىلىرى باغ ئىچىگە، بەزىلىرى قوناقلىق ئارىسىغا، بەزىلىرى يەنە ئۇدۇل تۈگمەنلەرنىڭ كولىلىرىغا قېچىشاتتى. ئەمما ئابدۇنىياز كامال روھى ئۈستۈنلۈكنى نامايان قىلاتتى-دە، بىر تەرەپتىن پىدائىي قىسىملىرىنىڭ ئىنتىزامىنى كۈچەيتىشكە تىرىشسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوڭ قولىدا قىلىچىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ:

— خالايىقلار، قورقماڭلار، ئۇلار ياقا ئالالماس غىلجىرلار، خاتىرجەم يۈرۈۋېرىڭلار! - دەپ ئۈنلۈك جار سالاتتى، ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئايروپىلان ئۈچ كۈندىن كېيىن كەلمەيدىغان بولدى. كىشىلەرنىڭ بىساتلىرى زىيان-زەخمەتتىن ئامان قالدى.

لېكىن، «بالا-قازا يالغۇز يۈرمەيدۇ» دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان. 1937- يىل 8- ئاينىڭ 19- كۈنى چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغان چاغدا ۋاقىتلىق شتاب ــ ئەھمەدبەگنىڭ قورۇسى ئالدىغا ئاقسۇ تەرەپتىن داۋۇت شەمشەر باشلىق تۆت نەپەر ئاتلىق كېلىپ توختىدى. داۋۇت شەمشەر قالغان ئۈچ ئاتلىقنى قورۇ ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ، ئۆزى ئاتتىن چۈشكەن پېتى شتاب ئىچىگە ئالدىراش كىرىپ كەلدى-دە، ئابدۇنىياز كامالنىڭ قولىغا بىر پارچە جىددىي مەخپىي خەتنى سۇنۇپ تۇرۇپ ئالاقزادىلىك كەيپىياتتا دوكلات قىلىشقا باشلىدى:

ــ ئاقسۇ دەرياسى كۆۋرۈكىنىڭ ساپئېرىق تەرىپىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان قاراۋۇللار قەشقەر يۆملاق شەھەر تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ئايغاقنى تۇتىۋالغان. ئۇنى نازارەت ئاستىدا بوگۈن بۇ يەرگە ئەكەلدۇق.

ئايغاقچىنىڭ يېنىدىن چىققان مەخپىي خەتنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

«ھۆرمەتلىك مويىدىن تۆەنجاڭ: دوكلاتىڭىزنى تاپشۇرۇۋالدۇق. بارلىق ھەرىكىتىڭىزنى قوللايمىز. ئەسىر ليۇتچىكلارنى قويۇۋېتىپ تۆھپە ياراتتىڭىز. ئابدۇنىيازلارنى ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش يولىدىكى ئاخىرقى مۇۋەپپەقىيىتىڭىزگە تىلەكداشلىق قىلىمىز ۋە سىزگە ياردەم بېرىمىز.»

ئابدۇنىياز كامال مەخپىي خەتنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-دە، شتاب ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا بىرنەچچە رەت مېڭىپ، ئارقىدىن يەنە ئاچچىقىنى بېسىۋالدى ۋە ئۆز ئورنىغا قايتىپ بېرىپ داۋۇت شەمشەرگە تەشەككۈر ئېيتتى:

ــ سىزنىڭ سەزگۈرلۈكىڭىزگە ئاپىرىن. «يېغى ياندىن چىقار» دېگەن كونىلارنىڭ ئۇلۇغ تەمسىلى مانا ئەمدى ئەمەلىيەت بولۇپ چىقتى. ئۇنداقتا بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ كوزىرىنى كۆرسىتىپ باقايلى، ئۇ بولسىمۇ «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ».

چۈشلۈك تاماقتا ئابدۇنىياز كامالدىن باشقا مۇشاۋىر ئابدۇقادىرھاجى، خۇرسەن تۆەنجاڭ، مۇھاپىزەتچى ھىدايى ۋە داۋۇت شەمشەر قاتارلىق بەش كىشى جەم بولدى. ئۇلار تاماق يېگەچ ھېلىقى مەخپىي خەتنىڭ خەۋپى ئۈستىدە مۇزاكىرە يۈرگۈزدى ۋە جىددىي قارار ماقۇللاشتى...

## ئون بىرىنچى باب

## يېغى ياندىن چىقار

ئەل ئايىغى جىمىققان، جىمى مەۋجۇدات ئېغىر ئۇيقۇغا ياتقان؛ ھەممە ياقنى تۈن قاراڭغۇسى قاپلىغان، تۈن نىسپى بولغان چېغى؛ ئېنىگەن، ساغان تاغلىرى قارا لىباسقا ئورالغانىدى. زۇمرەتتەك كۆك ئاسمان ئۈستىدە تولۇن ئاي زەر نۇرلىرىنى چېچىپ تۇراتتى. ئەرشىنىڭ ساھىبجامالى چولپان ــ تەبەسسۇم چىرايىنى سۇزۇپ تولۇن ئاي بىلەن ھۆسن تالىشاتتى. قويۇق مەھەللىلەرنىڭ تۈن كېچىدىكى جىمجىتلىقىنى قورۇلاردىكى ئىتلار، باغلاردىكى ھۇقۇشلارنىڭ ھاۋشىپ-ھۇۋلاشلىرى ئارىلاپ بۇزۇپ تۇراتتى.

ئابدۇنىياز كامال ئالدىن تەييارلانغان پىلان بويىچە پىدائىي چەۋەندازلىرىنى باشلاپ تاغبۇلاق يۇرتىدىن قوزغىلىپ ئاۋاتقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. چەۋەندازلار تاڭ سۈزۈلگىچە كوناچىلاندىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى، ئۇلار تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى بويلاپ توختىماي ئىلگىرىلەيتتى. بۇرۇن مۇشۇ توغراقلىق چۆللەردە ئوتۇنچىلىق قىلغان، ھازىر چەۋەندازلار سېپىدە كېتىۋاتقان ئاۋاتلىق يىگىتلەر يول باشلاپ ماڭاتتى. ئۇلار كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئۈچىنچى كۈنىسى كۈن چىقىپ يورۇقلۇق ئىلاھى ئالەمدىن قوياش نۇرىنى سېپىشكە باشلىغان مەھەلدە ئاۋات چېگرىسىغا يېتىپ باردى. ئالدىن خەۋەردار بولغان ئاۋاتنىڭ مۆتىۋەرى سەمەت ھاجى قاتارلىق كىشىلەر بۇ يەردە چەۋەندازلارنى قىزغىن كۈتۈۋالدى.

ئەينى زاماندا ئاۋاتنىڭ بايلىرىدىن بولغان سەمەت ھاجى دەريا بويىغا يېقىن جايلاردىمۇ قورۇق بىنا قىلغانىدى. ئۇ چەۋەندازلارنى باشلاپ مەھەللىلەردىن چەترەك بولغان چارۋىچىلىق مەيدانىغا ئورۇنلاشتۇردى. ئابدۇنىياز كامال مەخپىيەتلىك زۆرۈرىيىتىنى نەزەردە تۇتۇپ ساھىبخانىنىڭ بۇ ئاقىلانە ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بارىكاللا ئوقۇدى. چەۋەندازلار بۇ يەردە يېتەرلىك ئورۇقلاندى ۋە ئازادە-كۈشادە يېتىپ، قانغۇچە ئارام ئالدى.

لېكىن، ئابدۇنىياز كامالنىڭ كۆزىگە زىنھار ئۇيقۇ كەلمىگەنىدى، ئۇنىڭ ئەس-يادى يەنىلا مويىدىن تۇەنجاڭنىڭ ئاسىيلىق ۋەھىمىسىدە قالغانىدى. ئۇ ئويلىغانسېرى يۈرىكى مۇجۇلاتتى، دىمىسىمۇ بۇ ئىشقا سەللا بىپەرۋالىق قىلىنسا، ئۆزى باشلىق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كالىسى كېتىدىغانلىقى ئايدىڭ بولۇپ قالغانىدى:

«ھۇ، ھارىمى، ئاسىي بەدرەك، مەن تېخى سېنى ئادەممىكىن دەپ يېڭىساردىكى قاماقخانىدىن قۇتقۇزۇپ چىقىپتىمەنا، ھۇ، ئۆلگۈر مۇناپىق، ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان خائىن! توختاپ تۇر، سېنى!...»

باشقىلار يول ئازابىدىن ھەم ئۇيقۇسىزلىقتىن چارچاپ غەرق ئۇخلاۋاتقان چاغدا، ئابدۇنىياز كامال ئىچىدە تىت-تىت بولۇپ، ئاشۇ سۆزلەرنى تەكرارلاپ ئازابلىناتتى.

مۇشۇ ئەسنادا خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ ساقلاۋاتقان ۋاڭ نىيازنى كۆرۈپ قالدى-دە، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

ــ ھۇي، سەنمىدىڭ! بۇ، ئوڭۇمىمۇ-چۈشۈمىمۇ، قاچان كەلدىڭ؟

ۋاڭ نىيازنىڭ نەچچە يىللار بۇرۇن ئابدۇنىياز كامالغا ھەمراھ بولۇپ توقسۇندىن بىللە چىققان سەپدىشى ئىكەنلىكى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە باشتا تونۇشلۇق ئىدى. ھارابىتىكى ئات مەشىقىدە پۇتى سۇنۇپ داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگەنلىكتىن ئابدۇنىياز كامال ئۇنى ساقىيىپ كېلىش ئۈچۈن توقسۇنغا يولغا سالغان. مانا ئەمدى ئۇ سۇنۇقى بىجىرىم ساقايغاندىن كېيىن ئابدۇنىياز كامالنى ئىزدەپ يېڭىلا كېلىشى ئىدى.

ــ بوش گەپ قىل، قالغانلار ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ كەتمىسۇن؛ قىلىدىغان سۆزىمىز كۆپ، پاتىمەنىڭ ساڭا يازغان خېتىمۇ بار.

ۋاڭ نىياز ئىككى ئالىقىنىنى ئابدۇنىياز كامالنىڭ قۇلىقىغا جۈپلەپ تۇرۇپ ئاستا پىچىرلىدى.

ــ ماقۇل، يۇرە ئەمىسە، خالىي جايدا سۆزلىشەيلى.

ئابدۇنىياز كامال ئاشۇ بېشارەت بىلەن ۋاڭ نىيازنى باشلاپ يېقىنلا جايدىكى بىر چوڭ توغراقلىقنىڭ ئىچىگە ئېلىپ بېرىپ پىنھان مۆكۈداشتى. ۋاڭ نىياز ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا رەپىقىسى پاتىمەنىڭ ئېغىزى مەھكەم چاپلانغان لېپاپىلىق خېتىنى تاپشۇردى. ئابدۇنىياز كامال لېپاپ ئىچىدىن خەتنى سۇغۇرۇۋېلىپ ئىچىدە ئوقۇشقا باشلىدى:

... «تۇرمۇش قۇرۇپ بىر ھەپتىمۇ ئۆتمەي ئايرىلغان؛ بەش يىلدىن بۇيان دىدار كۆرۈشمىگەن ھالال جۈپتۈم، ئېرىم ئابدۇنىيازغا:

سىزنى ھازىرغىچە كۈتۈپ كەلدىم، كەلگۈسىدىمۇ كۈتىمەن. سىزنىڭ ئىرادىڭىزنىڭ پولاتتىنمۇ قاتتىق ئىكەنلىكىگە قايىلمەن. لېكىن زامانىنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەۋاتىدۇ. مەملىكەت بويىچە چوڭ ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. زامان ساڭا باقمىسا، سەن زامانغا باق دېگەن تەمسىل بىكار ئەمەس. بۇ تەقدىرنى ئۆزىڭىزمۇ مۆلچەرلەپ كۆرۈڭ. تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ھېسسىياتتا. مەن ئوقۇتقۇچى يېتىشتۈرۈش كۇرسىدا ئوقۇۋاتىمەن. توقسۇن بويىچە تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئارزۇلايمەن. سىزگە نۇسرەت تىلەيمەن...»

ئابدۇنىياز كامال خوتۇنىدىن كەلگەن خەتنى ئىچىدە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، خەتنى چاڭگىلىدا پۇرلەپ تۇرۇپ دېدى:

ــ بەللى، مۇنداق ئۇركۇشلەرمۇ بار ئىكەن-دە، تېخى...

ــ نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن، پاتىمەنىڭ خېتىدە ساڭا يارىمايدىغان گەپ-سۆزمۇ بارمىكەن؟

ۋاڭ نىيازنىڭ سوئالىغا ئابدۇنىياز كامال مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، ئارقىدىن جاۋابەن دېدى:

ــ ياق، ئۇنداقمۇ ئەمەس، لېكىن «ھاۋانىڭ پەيلى بۇزۇلسا، ساچقان مەمەدان بولۇپ كەتكۈدەك» دەيدىغان تەمسىل ئۇختىسىغا كېلىپ قالدى. بىزنىڭ ئاغىچا خېنىم توقسۇن بويىچە تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى بولۇپ ماڭا دەرس بېرىشكە ھازىرلىق كۆرۈۋېتىپتۇ. بۇنى قارشى ئېلىشىم كېرەك-دە!

ئارقىدىن ئۇلار پاراڭ تېمىسىنى باشقا مەزمۇنلارغا بۇراپ، ئۆزئارا مۆكۈداشقاچ توغراقلىقتىن قورۇققا قاراپ ماڭدى. قورۇق ئالدىدا ئۇلارنى ساھىبخانا سەمەت ھاجى تەقەززا بولۇپ كۈتۈپ تۇراتتى. ساھىبخانىنىڭ تەكلىپى بىلەن «تاغبۇلاق»دىن كەلگەن چەۋەندازلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ بىر قىسمى مۇشۇ قورۇقتا قالدى. ئابدۇنىياز كامال باشلىق بىر قىسمى ساھىبخانىنىڭ ئارا مەھەللىدىكى چوڭ قورۇسىغا يۆتكەلدى.

ئابدۇنىياز كامال يېڭى قورۇغا كەلگەندىن كېيىن تۇنۇگۇن «تاغبۇلاق شتابى»دا بېكىتىلگەن مەخپىي قارارنى تەخىرسىزلىك بىلەن ئىجرا قىلىشنى ئورۇنلاشتۇردى. تاغبۇلاقتىن بىللە ئەكەلگەن بايىقى قەشقەر يۇمىلاق شەھەرنىڭ ئايغاقچىسىنى توغراقلىقتا باغلاپ قويۇپ نازارەت ئاستىدا تۇتۇپ تۇرۇشنى جېكىلىدى.

## 2

ئابدۇنىياز كامال «تاغبۇلاق» يۇرتىدا تۇرۇۋاتقان مەزگىلدە شىڭ جەمەتىنىڭ ئاقسۇ شەھەر ئىچىدىن ئەۋەتكەن بىر ئاخباراتچىسى مويىدىن تۇەنجاڭنىڭ يېڭىئېرىقتىكى ۋاقىتلىق شتابىغا مەخپىي كېلىپ پىچىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ يەنە يېڭىئېرىقتىكى ئاسىمبەگ دېگەن كىشىگە مەخپىي ۋەزىپە تاپشۇرغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مويىدىن بىلەن ئاسىمبەگنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېرىش-كېلىش قويۇقلىشىپ قالغانىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ يوشۇرۇن مۇناسىۋەتنى ئابدۇنىياز كامالغا سادىق بولۇپ كېلىۋاتقان يولبارس تۇەنجاڭ ئاستىرتىن كۆزىتىپ ماڭغانىدى.

داۋۇت شەمشەر ئۆزىنىڭ يارامىلىق مۇھاپىزەتچىلىرىنى باشلاپ سەمەت ھاجىنىڭ قورۇسىدىن چىققان پېتى زاۋال مەھلى بىلەن يېڭىئېرىققا كېلىپ يولبارس تۇەنجاڭ بىلەن ئۇچراشتى. بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئابدۇنىياز كامالنىڭ تاغبۇلاقتىن ئاۋاتقا يېتىپ كەلگەنلىكىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى ھەمدە مويىدىن تۇۋەنجاڭنىڭ بۈگۈن ئاخشام ئاسىم بەگ بىلەن بىللە روزىخان سەتەڭنىڭ ئۆيىدە بولىدىغانلىقىدىن ئۇچۇر تاپتى.

داۋۇت شەمشەر سىر ساقلىغانىدى. ئۇ مۇددىئاسىنى يوشۇرغان قىياپەتتە يولبارسقا تەكلىپ بېرىپ دېدى:

— مويىدىن تۇەنجاڭغا كېچىكتۇرمەي ھازىرلا ئېيتىدىغان بىر مۇھىم ھەربىي سىر بار ئىدى. سىز بىزگە روزىخان سەتەڭنىڭ ئۆيىنى كۆرسىتىپ قويالارسىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ،- دېدى يولبارس ئىشىنىپ،- سىلەرنى باشلاپ بېرىپ يول ئۈستىدىن كۆرسىتىپ قويۇپلا قايتىپ كېلەي.

خۇپتەندىن ئۆتكەن چاغ، ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلىغان، ئاۋغۇستنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا كېچىكىپ كۆتۈرۈلگەن ئاي-بۇلۇتلار قاتلىمى ئىچىگە يوشۇرۇنغانىدى. ئەتراپ گۆردەك قاراڭغۇ؛ مەھەللە-كويلاردا ئىنسى-جىننىڭ شەپىسى ئاڭلانمايتتى.

روزىخان سەتەڭنىڭ ھويلا قورۇسى مەھەللىنىڭ چەت-ياقىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئالدى كىچىك باراڭلىق، كەينىدە بىر ئورەك تال-جىرىملىق، ئوتتۇرىدا بار-يوقى ئىككىلا ئېغىز ئۆينى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. روزىخان سەتەڭ بەش يىلچە بۇرۇن ئاقسۇدىن بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىپ مۇشۇ قورۇنى سېتىۋالغاندىن بۇيان تۇل ئۆتۈپ كېلىۋاتاتتى. ياش قۇرامى ئوتتۇزلاردىن ئاشقان بۇ سەتەڭنىڭ زاكىسىدا تەگكەن كونا خۇيى تېخىمۇ ئەۋجىپ بۇ يەردە بازىرى تېخىمۇ روناق تاپقانىدى. بۈگۈن كېچە ئۇنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك خېرىدارى ئاشۇ مويىدىن تۇۋەنجاڭ ئىدى.

داۋۇت شەمشەر ھەمراھلىرى بىلەن ئاياغ تىۋىشى چىقارماي پەم بىلەن ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى جىرىم-تاللىق باغقا كىرىپ ئورۇنلىشىۋالدى. ئارقىدىن ئۆزى يالغۇز قورۇنىڭ ئارقا تېمىغا قويۇلغان كىچىك پەنجىرىسىگە يېقىنلاپ بېرىپ ئۆي ئىچىدىن مەستلىكتە چىقىۋاتقان كۈلكە ئارىلاش پاراڭلارنى ئاڭلاشقا

باشلىدى. جىنچىراغنىڭ سۇس شولىسىدا ئۆيىنىڭ ئىچى گۇگۇم بولسىمۇ، لېكىن ئىچىۋاتقان مۇسەللەسنىڭ غالىبلىقىدىن، خېرىدارلارنىڭ كەيپى ئۆرلەپ، ئاۋازلىرى سازلىنىپ كەتكەنىدى.

ئاسىم بەگ ئالدى بىلەن مويىدىنگە سوئال قويۇپ دېدى:

ــ ھېلىقى چاقماق پالۋان (ئابدۇنىياز كامالنى دېمەكچى) كەلپىندىن قاچان كېلىدىكەن، خەۋەرلىرى بارمۇ؟

ــ بىر-ئىككى كۈن ئىچىدىلا يېتىپ كېلىدۇ،ـ دېدى جاۋاب بېرىپ مويىدىن.

ــ سىلىمۇزە، قالتىس سەزگۈر جۇمۇسىلا، مېنىڭچە ئۇنىڭ قولتۇقىدىكى تاۋۇزىمۇ دومىلاپ چۈشۈشكە ئاز قالدىغۇ دەيمەن.

ــ شۇنداق، ئۇ كەلگەن ھامان...

ــ يارايدىلا، ئوغۇل بالا جۇمۇسىلا. شىڭ دۇبەن، شورا ۋە ئىسھاق ساقالنىڭ بىرلەشكەن كۈچىگە ئۇ سولتەك قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن دەيدىلا. ئۇنىڭ ئۈستىگە شىڭ دۇبەن دېگەنچۇ قارىسىلا، ياپونىيىدە ئىككى چوڭ مەكتەپتە ئوقۇغان كاتتا ھەربىي ئالىم ئىمىشلا، ئىسھاق ساقال قارىتۇرۇك بولسىمۇ كۆڭلى تويۇپ پايدا ئالدى دېسىلە؛ ئۇنىڭ يېنىدا بىر-بىرىدىن سەتەڭ تۆت خوتۇنى بار ئىمىش، مېنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىكەن دېسىلە، ھا... ھا... ھا، قورال كۆتۈرۈپ جاپا تارتقۇچە ئويماق كوچىلاپ جاننى راھەتلەندۈرگەن ئەلا ئەمەسمۇ؟

ئاسىمبەگ كەيپچىلىكتە توختىماي ۋالاقلايتتى. ئۇ ئاخىرىدا دېدى:

ــ مويىدىن تۇەنجاڭ، يېرىم كېچە بولۇپ قاپتۇ. مەن ئاستا كېتىۋالاي؛ ئەمدى ئىچىشنى توختىتايلى. مېنىڭ تۆتىنچى قانچۇقۇم يولۇمغا قاراۋاتىدىغاندۇ، ھەرقاچان. بۈگۈن كېچە سىلىمۇ بۇ خالىي ئۆيدە قونۇپ قېلىپ، روزىخان سەتەڭنىڭ كېچىلىك خۇلقى-نازىدىن ھۇزۇرلانسىلا. ھا... ھا... ھا...

ئاسىمبەگ كۈلگەن پېتى ئۆزى تەنھا كېتىپ قالدى. مويىدىن بەكرەك كەيىپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن روزىخان سەتەڭنىڭ ئۇرۇن-كۆرپە سېلىشىغىمۇ تەخىر قىلىپ تۇرالماي تەڭلىمات سېلىنغان سۇپىغا دومىلاندى. ئۆينىڭ ئىچىدە جىنچىراغ يەنىلا سۇس يېنىپ تۇراتتى.

تۈن تەڭ بولغانىدى، داۋۇت شەمشەر ھەمراھلىرىنى باشلاپ جىرىملىق باغنىڭ ئىچىدىن قورۇنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتۈپ، ئۆي ئىچىگە تۇيدۇرماي باستۇرۇپ كىردى-دە، مەستلىكتە خۇدىنى يوقاتقان مويىدىننىڭ يېنىغا ئېتىلىپ بارغان پېتى ئىككى قولىنى ياغلىق بىلەن تاڭدى. ئۇزۇن شوينا-تانا بىلەن ئىككى قولىنى باغلاپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى. مويىدىن مولۇندەك تۆت تەرەپكە ھودۇقۇپ قارىدىيۇ، لېكىن ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. شۇ تاپتا ئۇ بېشىغا كەلگەن بۇ تاسادىپىي بالا-قازانىڭ تېگى-تەكتىنى ئاڭقىرالمايتتى... روزىخان سەتەڭنىڭ چىرايى ئۆڭۈپ، رەڭگى تاتىرىپ، قورققانلىقتىن غىڭ قىلالماي، خۇددى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشىيىپ ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا بۈتتەك تەنھا ئولتۇرۇپ قالغانىدى. بىراق، روزىخان سەتەڭ تۇرمۇشنىڭ بۇنداق كومېدىيىلىرىنى بېشىدىن كۆپ ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۈنچىۋالا ھار ئالمايتتى.

مويىدىننىڭ ئاسىيلىق قىلمىشى تاغبۇلاقتىن تارتىپ ئابدۇنىياز كامالنىڭ بېشىنى قاتتىق ۋەھىمىگە سالغانىدى، ناۋادا ئۇ بۇ دورەم سەللا بىپەرۋالىق قىلسا ئۆزى بىلەن بىللە نۇرغۇن ئادەمنىڭ كاللىسىنىڭ تېنىدىن جۇدا بولىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. مانا ئەمدى مويىدىن ئۇنىڭ ئالدىدا مەھكۇم ھالەتتە تۇرماقتا. ئۇنى يېگىسار تۈرمىسىدىن ئۆزى بوشىتىپ چىققان ھەمدە ئۆزى ئۇنى سەنمۇجاڭلىقتا تەيىنلىگەن. شۇ ۋەجىدىن مويىدىننىڭ قورقۇنچلۇق جىنايىتىگە يوشۇرۇن ھۆكۇم قىلىنسا، ئابدۇنىياز كامالنىڭ رەقىبلىرىنىڭ بوھتان تارقىتىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى. شۇڭا سەمەت ھاجىنىڭ تۆۋەن تەرەپتىكى قورۇق مەيدانىدا پىدائىيلار قاتناشتۇرۇلغان ئوچۇق سوت يىغىنى ئېچىلدى.

ئالدى بىلەن ئابدۇنىياز كامال مەھبۇسنىڭ سەنمۇجاڭلىق ۋەزىپىسىدىن بوشىتىلغانلىقىنى، داۋۇت شەمشەرنىڭ سەنمۇجاڭلىق ۋەزىپىسىگە ھەم قوشۇمچە بۈگۈنكى ھەربىي سوتنىڭ باش سوتچىلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى جاكارلىدى. ئارقىدىن داۋۇت شەمشەر ئوچۇق سوتقا رىياسەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى. مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇلۇشكۈن تاغبۇلاقتىكى مەخپىي كېڭەشتە ئالدىنئالا قارار قىلىنغانىدى.

ئىككى يۈزدىن ئارتۇق پىدائىيلار قوراللىق ھالەتتە چەمبەر تۈزەپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. مويىدىن بىلەن بىللە يۈملاق شەھەردىن كەلگەن ئايغاقچى مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا تىزلىنىپ ئولتۇراتتى.

باش سوراقچى، مويىدىننىڭ جىنايەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن جاۋابكار تارتماستىن تەن ئالدى. ئارقىدىن بارلىق پىدائىيلار «ئاسىي مويىدىنگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلسۇن!» دەپ بىردەك ۋارقىراشتى.

بۈگۈنكى سوت يىغىنىغا يولبارس تۇەنجاڭمۇ يېڭىئېرىقتىن كېلىپ قاتناشقانىدى. ئۇ ھازىر ھەممە ئەھۋالنى چۈشەنگەنىدى. ئابدۇنىياز كامالغا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا ئوچۇق-ئاشكارا دوكلات بېرىپ دېدى:

— مويىدىننىڭ ئاخباراتچى دوستى ئاسىمبەگ بۈگۈن ئەتىگەن ھودۇققان ھالدا مېنىڭ ئىشخانامغا ھاپىلا-شاپىلا كىرىپ كەلدى-دە: «مويىدىن سەنمۇجاڭنى كۆردىڭىزمۇ؟» دەپ مەندىن ئالاقزادىلىك بىلەن سورىدى، مەن ئۇنىڭغا: «ياق، كۆرمىدىم» دېگەنىدىم، ئۇ پەرىشان ھالدا قانداق تېز كەلگەن بولسا شۇنداق تېز چىقىپ كەتتى. ئۇ، ئېھتىمال ئاخشام سادىر بولغان ئىشنى روزىخان سەتەڭ ئارقىلىق ئاڭلىغان بولسا كېرەك...

— ئىككى ئېغىز سۆزلىۋېلىشىمغا پۇرسەت بەرگىنىڭلار ئۈچۈن كۆپ رەھمەت. مەن بىر ۋاپاسىز جاۋابكار. مېنى ئابدۇنىياز سىجاڭ يېگىسار تۈرمىسىدىن ئۆز قولى بىلەن قۇتقۇلدۇرۇپ ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرگەن ھەمدە ماڭا ئىشىنىپ كاچۇڭدا قۇرۇلغان يېڭى دېۋىزىيىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا كۆتۈرگەن. ئەكسىچە مەن ياخشىلىققا يامانلىق قىلىش يولىغا ماڭدىم. مەن يەنە ئەڭ چوڭ ئاسىي گۇناھكار. ئەسلىدە مەنمۇ دېھقان بالىسى بولغىنىم ئۈچۈن غازات يولىغا ماڭغانىدىم. لېكىن بېرىپ-بېرىپ بۇ يولدىن پايسىندىم. تۇرلۇك جاپالارغا بەرداشلىق بېرەلمىدىم. مەن بىر ئازغۇن گۇناھكار، قەشقەر يۇملاق شەھەردىن ماڭا ئارقا-ئارقىدىن: «مەنسەپ بېرىمىز، ئالتۇن ئىنئام قىلىمىز، راھەت-پاراغەتتىن بەھرىمەن بولىسەن، ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ ئوق ئات» دەپ مەخپىي خەت كېلىۋەردى. مەن ئىككىلەندىم. ئىنسان — مەنپەئەت قۇلى ئىكەن. مېنى مەنسەپ، مەنپەئەت ئىندىكى ئازدۇردى. مېنىڭ ئاخىرىدا بىر ئىلتىماسىم بار، ئىنسان ئەسلىي زاتىدىن ئازغۇچى ۋە سەۋەن-خاتالىققا يېقىن تۇرغۇچى

بەندە. ئىنسان يەنە گۇناھىغا توۋا قىلسا ۋە خىزمەت كۆرسىتىپ گۇناھىنى يۇسا خەيرىخاھلىقتا ئېرىشكۈچى بىر ئەزىز بەندە. مەن تەڭرىمىز ئالدىدا بارلىق گۇناھى قىلمىشمىنى تەن ئالىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە مېنىڭ بىر ئاددىي پىدائىيلىق سالاھىيىتىم بىلەن ئالدىمىزدىكى جەڭ مەيدانىدا خىزمەت كۆرسىتىپ، ئۆزۈمنى ئاقلىۋېلىشىمغا پۇرسەت بېرىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

مويىدىنىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن سوت مەيدانى بىر مەھەل جىمجىتلىقتا چۆمۈپ كەتتى. ھەممە پىدائىيلار ۋە باش سوتچى ئاستىرتىن سىناق كۆزلىرى بىلەن ئابدۇنىياز كامالنىڭ كەيپىياتىغا نەزەر تاشلايتتى. سوقۇش بولۇپ تۇرۇۋاتقان جىددى ۋەزىيەتتە ئاخىرقى ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى پەقەت ئابدۇنىياز كامالدىلا بولاتتى. ئۇ ئىچىدە بىر مەھەل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى:

— بىز ھېلى مويىدىنىنىڭ كۆڭۈل سۆزىنى ۋە ئىلتىماسىنى ئاڭلاپ ئۆتتۇق. ئىنسان قانداق ۋاقىتتا ئۆز ئېتىقادىغا ئاسىيلىق ۋە ئۆزگە ئۆزى خائىنلىق قىلىدۇ؟ مويىدىن ئىقرار قىلغاندەك ئۈمىدسىزلىك غالىب كەلگەندە، قورقۇنچلۇق تەھدىت سالغاندا، مەنسەپ-مەنپەئەت ئىلمەك سالغاندا ئادەم تەبىئىتىنى ئاشكارىلايدۇ، ۋىجدانىنى ساتىدۇ. مويىدىن بۈگۈن ئۆزىگە ئۆتكۈر پىچاق سېلىپ تۇرۇپ يۈرەك سۆزىنى قىلغانلىقى ئۈچۈن مەن خېلى تەسىرلەندىم. پىدائىي يىگىتلەر، ھازىر بىزنى يەنە يېڭى بىر جەڭ ئىمتىھانى كۈتمەكتە. شۇڭا مەن مويىدىنىنىڭ بىز بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ ئاشۇ ئىمتىھان مەيدانىغا قاتنىشىپ خىزمەت كۆرسىتىش ئىلتىماسىغا ماقۇل بولغانلىقىمنى جاكارلايمەن.

ئابدۇنىيازنىڭ بۇ قارارىنى ھەممە پىدائىيلار قىزغىن قوللىدى. مويىدىن قاتارلىق ئىككى جاۋابكار شۇ نەق مەيداندىلا ئەركىنلىككە ئېرىشتى.

ئارىدىن پەقەت ئۈچ كۈنلا مۇددەت ئۆتكەندى. ۋەزىيەتنىڭ جىددىيلىكىنى مۆلچەرلىگەن ئابدۇنىياز كامال ئايكۆل مەۋلانەمدىن ئاۋات بازار ئىچىگىچە، خاڭگۈي — سايئېرىقتىن غورۇچۇل، قاراتالغىچە بولغان كەڭلىكتە مۇداپىئە سېپى قۇرۇپ ھەربىي ھالەت جاكارلىدى. مويىدىننى داۋۇت شەمشەرنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

1937- يىل 9- ئاينىڭ 3- كۈنى چۈشتىن كېيىن، شېڭ جەمەتى ۋە ئاق ئورۇسنىڭ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى ئايروپىلان ۋە توپچى ئەترىتىنىڭ كۈچلۈك ئوت كۈچىنىڭ ھىمايىسىدە پىدائىيلارنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆزۈپ تاشلاپ ئۈچ تەرەپتىن ئاۋاتقا قاراپ باستۇرۇپ كەلدى.

پىدائىيلار تامانىدا مىڭدىن ئارتۇق يىگىت بولۇپ قورال-ياراغ، ئوق-دورىلىرى ئىنتايىن كەمچىل ئىدى. ئۇلار ھازىر روھىي جاسارەتكىلا تايىناتتى. 9- ئاينىڭ 3- كۈنى كۈندۈزدىن زاۋال چۈشكىچە بولغان ئارىلىقتا قانلىق جەڭ داۋام قىلدى. پىدائىيلار قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان زەمبىرەك ئورنىتىلغان تۆت چاقلىق كىچىك ماشىنىلار ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ توختىماي ئېتىۋاتقان ئوق مۆلدۈرى ئىچىدە ئارقا-ئارقىدىن قۇربان بېرەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مويىدىن سەنمۇجاڭنىڭمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئېنىق بولدى. ئابدۇنىياز كامال بۇ پاكىتنى رەسمىي ئىگىلەپ چىققاندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ:

— ئوغۇل بالا، ئەركەك! لەۋزىدە تۇرالىدى. ئاللادىن ئۇنىڭغا جەننەت ئېرەمدىن ئورۇن بېرىشنى تىلەيمىز،- دېدى.

ئەتىسى قانلىق جەڭ يەنە تولۇق بىر كۈن داۋام قىلدى. دەريا بويىدىكى يېزا-كەنتلەردىن چېكىنگەن پىدائىيلار داۋۇت شەمشەرنىڭ غورۇچۆلدىكى تايانچ بازىسىغا كېلىپ توپلانماقتا ئىدى. ئۇلار غورۇچۆلنىڭ «قەدىمىي ئايماق» ۋە «قارا جاڭگال» دېگەن كەنتلىرىدە ئىستېھكام قۇرغانىدى.

لېكىن، ئاق ئورۇسلارنىڭ بومباردىمانچى ئايروپىلانلىرى سائەتمۇ سائەت نۆۋەتلىشىپ كېلىپ بومباردىمان قىلىپ دېھقان پىدائىيلىرىنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، پىدائىيلارنىڭ مۇداپىئە سېپى چېچىلىپ كەتتى.

ئابدۇنىياز كامال ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى مۆلچەرلەپ، بەھۇدە قۇربان بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن هايات قالغان يىگىتلەرنى چېكىنىشكە بۇيرۇق بەردى. بۇ ئېغىر مەغلۇبىيەتتىن ئەپسۇسلانغان داۋۇت شەمشەر ئادەملىرىنى باشلاپ شەرق تەرەپكە؛ مۇشاۋىر ئابدۇقادىر هاجى باشلىق بىر قىسىم كىشىلەر تارىم دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى توقايلىقلارنىڭ ئىچى بىلەن مارالبېشى شاقۇر تەرەپكە يۈرۈپ كېتىشتى. سەركەردە ئابدۇنىياز كامال باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم يىگىتلەر تارىم دەرياسىدىن ئۆتۈپ قويۇق توغراقلىق ئىچىگە كىرىپ پاناهلاندى. دەريادىن ئۆتۈۋاتقان يۈزلىگەن دېھقان پىدائىيلارنى ئاق ئورۇس ئايروپىلانلىرى توختىماي بومباردىمان قىلىپ، تارىم دەرياسى سۈيىنى قىپقىزىل قانغان بويىۋەتكەنىدى...

# ئون ئىككىنچى باب

## ئەلۋىدا، ئېگەرلىك ئات

1

سېنتەبىر ئېيىنىڭ ئالتىنچى كۈنىسى — تۈن كېچە. جاهاننىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان ئاسماندا پارچە-پارچە بۇلۇت تۈركۈملىرى ئەگىپ يۈرەتتى. بۇلۇتلار ئارىسىدىكى ئۈچۇقچىلىقتا ئەرشنىڭ ئەركە يۇلتۇزلىرى گويا نىقابىنى ئېچىپ تەبەسسۇم بىلەن قارىغان ساهىبجامال كېنىزەكلەردەك تەكلىماكان ۋادىسىغا نۇر سېپىپ تۇراتتى. ئۈكەر يۇلتۇزى خۇددى زىبۇ زىننەت بىلەن ياسىنىپ، بوينىغا ئالتۇن مونچاقلار ئاسقان شاھ سەنەمدەك كۆكنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا جەۋلان قىلاتتى.

تارىم دەرياسىنىڭ جەنۇبىي ۋادىسىنى بويلاپ غەربكە سوزۇلغان قويۇق ئورمان-توغراقلىق دۇنياسى بەخىرامان غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتاتتى. ئابدۇنىياز كامال ۋە ئۇنىڭ ئامان قالغان سادىق جەۋەندازلىرىنىڭ كۆپلىرى ئاشۇ قويۇق توغراقلىق ئىچىدە كۈنپېتىشقا قاراپ پىيادە سەپەر قىلاتتى. ئۇلارنى پىچاقسۇندى ۋە شاۋقۇرلۇق يىگىتلەر باشلاپ ماڭغانىدى. توغراقلىق ئىچىدە كېچىلىك ئۇيقۇدا يېتىۋاتقان قىرغاۋۇللار، جەرەنلەر جەۋەندازلارنىڭ ئاياغ تىۋىشىدىن ئۈركۈپ ھەر تەرەپكە شىپىرلاپ قېچىشاتتى. ئارىلاپ تىلسىمات سادالار، غايىب ئاۋازلار ئاڭلىنىپ كۆڭۈللەرنى غەش قىلاتتى. بۇ غەلىتە سادالارنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى قىياس قىلغىلى بولمايتتى. ئەمما ئۇ، جەۋەندازلارنىڭ جىسمانىي ھارغىنلىقىنى، روھىي جاراھىتىنى ئۇنتۇلدۇراتتى.

— مانا، يېتىپ كەلدۇق،— دېدى پىچاقسۇندىلىق جەۋەنداز قاۋۇل.

چەۋەندازلار بىر كېچە قاتتىق يۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزۇۋەتكەنىدى... مانا ئەمدى ئۇلارنىڭ ئارامخۇدا دەم ئالىدىغان مەنزىلى «مازار شەيدۇللا» دەيدىغان كەڭ توغراقلىق ــ ئۇلارنىڭ ۋاقىتلىق چۈشكۈنخانىسى بولدى. چەۋەندازلار كەلگەن پېتى توغراقلىق ئارىسىدا قويۇق ئۆسكەن ئوت- چۆپلەر ئۈستىگە ئۆزلىرىنى تاشلاپ سۇنايلىنىپ يېتىشىپ شېرىن ئۇيقۇغا كېتىشتى.

ئابدۇنىياز كامال بىرمەھەل كۆز يۇمۇۋالغاندىن كېيىن بىر ئەسنىۋېتىپ ئورنىدىن ئاستا تۇردى-دە، مازار قورۇلمىسىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. «مازار شەيدۇللا» كېسەك بىلەن گۈمبەز شەكلىدە بىنا قىلىنىپ ئۈستىگە ھىلال ئاي بەلگىسى سەل نېرىراقىدا تارىم ۋادىسىدىن سىرغىپ چىقىپ ئويمانلىقتا يىغىلىپ قالغان پاكىز ۋە تاتلىق سۇلۇق كۆلچەك بار ئىدى، ھەر يىلى باش ئەتىيازدا بۇ يەرگە تاۋاپ-تىلاۋەت قىلىپ كېلىدىغان دىيانەتلىك ئىخلاسمەنلەر مازار ئەتراپىدىكى توغراقلىق ئارىلىقىغا قوغۇن، تاۋۇز، شوخلا ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلۈك مېۋىسى زىيارەتچىلەرنىڭ ئوزۇقى بولاتتى. بۇ يىل ئەمدى بۇ خاسىيەتلىك رىزىق چەۋەندازلارنىڭ بەھرىمەن بولۇشىغا نېسىپ بولدى.

مۇشۇ ئارىلىقتا چەۋەندازلاردىن پىچاقسۇندىلىق بەھرام، شاقورلۇق قاۋۇل قاتارلىق يىگىتلەر قالغانلار ئۇخلاۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاياقتىندۇر بەش-ئالتە قىرغاۋۇل، بىر كىيىك، بىر جەرەننى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىشتى ۋە گۆشلەرنى كاۋاپ قىلىپ ھازىرلاپ قويدى. ئابدۇنىياز كامال خۇشاللىقىدا بۇ يىگىتلەرگە ئاپىرىن دېدى ۋە تېخىچە ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغىتىپ:

ــ يىگىتلەر، ئەمدى ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، ئاشقازانلىرىمىزغا مەدەت بېرىش ئۈچۈن تەڭرىمىز ھازىر «مازار شەيدۇللا شېرىپ» يېنىدا بىرگە خالىس داستىخان سېلىپ زىياپەت تەييارلىدى. ئەنە قاراڭلار، مەي بولۇپ پىشىپ كەتكەن قوغۇن، تاۋۇزلار؛ قاراڭلار ئەنە قىرغاۋۇل، جەرەن گۆشى!- دەپ جار سالدى.

يىگىتلەر ئورۇنلىرىدىن كېرىلىپ قوپۇپ قوللىرى بىلەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، توغراقلىق ئارىسىدىكى قوغۇن، تاۋۇزلار قېشىغا يۈگۈرۈشۈپ باردى ۋە بىردىن-ئىككىدىن كۆتۈرۈپ كېلىپ، گاھلىرىنى مۇشتلاپ سۇندۇرۇپ، گاھلىرىنى قىلىچ بىسى بىلەن تىلىپ يېيىشكە باشلىدى.

ئۇنىڭغىچە بولغان ئارىلىقتا بايىقى مارالبېشىلىق يىگىتلەر توغراق ئوتۇنىنى توپلاپ گۈلخان ياقتى. ئىنچىكە شاختىن زىخ تەييارلىدى. ئارقىدىن جەرەن گۆشى بىلەن قىرغاۋۇل گۆشىنى زىخقا تارتىپ كاۋاپ پىشۇرۇپ چەۋەنداز دوستلىرىنى مېھمان قىلدى.

دەل شۇ ئەسنادا «مازار شەيدۇللا»نىڭ يېنىغا بىر يارىدارنى قولتۇقىدىن يۆلىگەن ھالدا ئىككى يىگىت يېتىپ كەلدى. بۇ يارىدار ئابدۇنىياز كامالنىڭ توقسۇندىن بىللە چىققان دوستى ۋە ھازىرقى مۇھاپىزەتچىسى ھىدايى ئىدى، ئۇ غورۇچۆل جېڭىدە يارىلانغان، ئۇنىڭ ئوڭ بىلىكى ۋە چەپ كاسىسى زەخىملەنگەنىدى. ئابدۇنىياز كامال ئاۋۋال ئۇنىڭ زەخىملەنگەن بىلىكىنى تال قىرىتىپ داغلاپ بولۇپ تېڭىپ قويدى. ئاندىن ئۇنىڭ سول كاسىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئوق تۇرۇپ قالغانلىقىنى بىلدى-دە، ئىككى قولى بىلەن كاسىسىنىڭ گۆشىنى مۇجۇپ قاتتىق سىقتى. ئوق ئۈستىگە قاڭقىپ چىقىپ ئۈچى كۆرۈندى. ئارقىدىن ئېغىزىنى يېقىن قىلىپ، ھۆپ دەپ شوراپ دەم تارتتى. ئوقنىڭ يېرىمى سوزۇلۇپ چىققانىدى، ئابدۇنىياز كامال دەرھال چىشىنى ئىشقا سالدى-دە، ئوقنى چىشى بىلەن تارتىپ چىقاردى. ھىدايىنىڭ پېشانىسىدىن توختىماي تەر ئېقىپ تۇراتتى.

ئابدۇنىياز كامال ئوق ئىزىنى داغلاپ بولۇپ كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى شارتتىدە يىرتىپ جاراھەت ئورنىنى مەھكەم تېڭىپ قويدى. ھىدايى دەردتىن پارىغ بولۇپ، شۇ يەردىلا راھەتلىنىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

تەكلىماكاننىڭ بۇ پىنھان ماكانى ــ شۇ تاپتا يۇرتمۇ يۇرت يۇرۇپ ۋە تىنىمسىز ئېلىپ بارغان ھەربىكەت تۈپەيلىدىن چارچىغان ھەمدە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغان چەۋەندازلار ئۈچۈن تولۇق بىر كۈن غەمسىز دەم ئېلىش پۇرستى يارىتىپ بەرگەندى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغان چاغدا ئابدۇنىياز كامالنىڭ تورغۇت دۆلدۆلى غورۇچۆلدە تارىم دەرياسىدىن ئۆتۈش ۋاقتىدا چەۋەندازلاردىن ئايرىلىپ توغراقلىقتا چىچىلىپ يۇرگەن نۇرغۇن ئاتلارنى باشلاپ يېتىپ كەلدى-دە، چاڭقاپ كەتكەن بۇ ئارغىماقلار سۇ كۆلچىكىگە يۇگۇرۇشتى. ئۇسسۇزلۇقى قانغاندىن كېيىن ھەربىرى ئۆز ئىگىلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇرۇشتى.

تورغۇت دۆلدۆلى ئۇدۇل ئابدۇنىياز كامالنىڭ يېنىغا كېلىپ گويا ئۇنىڭدىن ھال سورىغاندەك بويىنىنى سوزۇپ قاراپ تۇراتتى. ئات بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ۋاپادارلىق مۇناسىۋەتنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلاتتى. ئابدۇنىياز كامال شۇ تاپتا ئۆز قەلبىدە پەيدا بولغان كۈچلۈك ھاياجانلىق ھېسسىياتىنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆزىنىڭ بۇ ۋاپادار ئارغىمىقىغا مېھرىبانلىق بىلەن يۈزلىنىپ تۇرۇپ دېدى:

«مەن سېنىڭدىن رازى، دۆلدۆلۈم، ھايات-ماماتلىق داۋاملىرىدا سەن مېنى قوغدىدىڭ. مېنىڭ ھەقىقىي ۋاپادار دوستۇم سەن بولدۇڭ سېنىڭ نەسىل ئەجدادلىرىڭمۇ چىن تۆمۈر باتۇرغا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە، سۇتۇق بۇغراخانغا... ساڭا ئوخشاش ۋاپادار بولغانلىقىنى ئاڭلىغانمەن. سەن ئاشۇ ئەجدادلىرىڭنىڭ باتۇر ئەۋلادى بولۇشقا مۇناسىپ. بىراق، سەن بىلەن مەن بۇ ۋاپاسىز زاماندا ئەجنەبىيلەرنىڭ ئايروپىلانىغا دۇچ كېلىپ پېشانىمىز شور بولدى. بۇ ۋەھىمە ئالدىدا ئالا بايتاللار ئاسىيلىق قىلدى. مەن يېگانە قۇربان بولۇشقا، مۇشۇ ئەزىز تۇپرىقىمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۆلۈشكە قارار قىلدىم. ھەي سادىق ۋاپادارىم، ئاق تاپان دۆلدۆلۈم. سەندىن ئايرىلىشقا راستتىنلا كۆزۈم قىيمايدۇ، قېنى سەن ئەمدى مېنىڭ بىلەن بىللە بولامسەن ياكى تەكلىماكان توغراقلىقىدا قالامسەن، ياكى ئەسلىي يۇرتۇڭ ــ يۇلتۇز تەرەپكە راۋان بولامسەن ۋە ياكى ئۇرۇشتا مەجرۇھ بولغان دوستۇم ھىدايىنى توقسۇنغا يەتكۈزۈپ قويامسەن، بۇنى ئۆزۈڭ چاغلا.»

بۇ خوشلىشىش سۆزلىرىنىڭ جاراڭلىق ساداسىنى ئاڭلاپ ھىدايىنىڭ كۆزى ئۇيقۇدىن ئېچىلىپ كەتتى-دە، ئابدۇنىياز كامالغا قارىتىپ دېدى؛

ــ بۇ تىلسىز بىلەن نېمىلەرنى دېيىشىۋاتىدىغانسەن، دوستۇم. ئۇ سېنىڭ سۆزۈڭنى ئاڭلىيالايتتىمۇ؟

ئابدۇنىياز كامال دەرھال ھىدايىنىڭ دىققىتىنى بۇراپ دېدى:

ــ بۇ گەپلەرنى قويۇپ تۇر، ئۇنىڭ تېگىگە كېيىن يېتىسەن. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، جاراھىتىڭنىڭ ئاغرىقى پەسەيدىمۇ؟ ئاۋۋال شۇنى دېگىنە؟

ــ ياخشى بولۇپ قالدى، ساڭا رەھمەت، دوستۇم.

ــ ئۇنداقتا ياخشى، ۋاڭ نىياز قانداق بولدى؟ بۇ ھەقتە زوۋان سۇرۇپ قويمايسەنغۇ؟ ئۇ نەلەردە قالدى؟

— تېخى بىلمەيۋاتامسەن؟ ئۇ غورۇ چۆلدە ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتتى.

ئابدۇنىياز كامال بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر مەھەلگىچە جىم بولۇپ قالدى. بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇش ئۈچۈن ھىدايى سوئال قويۇپ دېدى:

— سىجاڭ، سۆزلىگىنە، ئەمدى قانداق قىلىمىز دەيسەن؟

ئابدۇنىياز كامال دوستىنىڭ سوئالىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. بۇ كۈلكىنىڭ جەزبىدارلىقىدا چەۋەندازلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ ئابدۇنىياز كامالنىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى.

ئابدۇنىياز كامال كۈلكىسىنى توختىتىپ جاۋابەن دېدى:

— توقسۇنلۇقتا دوستلار ئارىسىدا مەنسىپىنى ئاتاپ سۆزلىشىش ئادىتىمىز يوق ئىدىغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىجاڭلىقىمنى ئۆلۈشكۈن مويىدىن تۇمنجاڭغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىكىم يادىڭدا يوقمۇ؟

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ چەۋەندازلارنىڭ ھەممىسى تېخىمۇ كۈلۈپ كېتىشتى.

ئابدۇنىياز كامال سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— كاچۇڭدا قۇراشتۇرۇلغان دېۋىزىيە ئەمدى مەۋجۇد ئەمەس. مېنىڭ كىچىكلىكىمدىكى قوچقار پالۋان دېگەن لەقىمىم بولسىلا كۇپايە. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى بۇ لەقەمنى تېپىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش ئىشىغا كەلسەم، سەن مەجرۇھ بولغىنىڭ ئۈچۈن توقسۇنغا قايتىپ كەت، سېنى مارالبېشىلىق چەۋەندازلاردىن قاۋۇل بىلەن بەھرام يولغا سېلىپ قويسۇن. قالغان يىگىتلەرمۇ ئۆز ئۆيلىرىگە تېپىۋېلىڭلار. مەن — چاقماق پالۋان ھېلى زاۋال چۈشكەندە تارىم دەرياسىنى بويلاپ مەكىت تەرەپكە كېتىمەن. ئۇ يەردە مېنى مۇشاۋىر ئابدۇقادىرھاجى قاتارلىق دوستلىرىمىز كۈتۈپ تۇرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ زاۋال چۈشكەن مەھەلدە ئابدۇنىياز كامال چەۋەنداز دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ۋاپادار ئېتىغا مىنىدى-دە، تەنھا ئۆزى دەريا بويلاپ يورۇپ كەتتى. ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان بىرمۇنچە يىگىتلەرمۇ «نېمە كۆرسەك ئۇنىڭ بىلەن بىللە كۆرىمىز» دېگەن نىيەت بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئەگىشىپ ماڭدى. ھىدايى بولسا «مازار شەيدۇللا»دا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ھاللىنىۋېلىپ ئاندىن توقسۇنغا قاراپ يولغا چىقتى.

قوچقار پالۋان شۇ ماڭغىنىچە كېچىچە يول يۈرۈپ تارىم دەرياسىنىڭ مەكىتكە ئۆتۈشكە بولىدىغان «ئىسمىللا» دېگەن يېرىگە يېتىپ باردى ۋە قېيىققا ئولتۇرۇپ غەربىي جەنۇب تەرەپتىكى قىرغاققا چىقىۋالدى. ئۇنىڭغا قارا كۆرۈنۈپ كەينىدىن ئەگىشىپ كەلگەن پىدائىيلارمۇ بىر-بىرلەپ دەريادىن ئۆتتى. مەكىتتە ئابدۇنىياز كامالنى نەچچە يۈزلىگەن چەۋەنداز كۈتۈپ تۇراتتى. بۇلارغا شاقۇر تەرەپتىن مۇشاۋىر ئابدۇقادىرھاجى باشچىلىقىدىكى نۇرغۇن پىدائىي يىگىتلەر كېلىپ قوشۇلدى. ئابدۇنىياز كامال قىسىملىرىنى يەنە بىر قېتىم كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى. ئۇ نۇرغۇن ئادەم ۋە ئاتلارنىڭ چىقىم بولغانلىقىنى بايقىدى. ھەممىدىن يامىنى قىسىملار مەكىتكە يىغىلغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي، قىسىم دوختۇرى مۇسا قاتارلىق بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ شېڭ شىسەي تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكى مەلۇم بولدى.

قوچقار پالۋان مۇشاۋىرغا دېدى:

— جەڭ دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ ئىمتىھان مەيدانى. ئادەم مۇشۇنداق چاغدا بىلىنىدۇ. ئەمما تارىخنىڭ سەۋر قاچىسى توشقاندا قىساسنىڭ ھېسابى بولماي قالمايدۇ.

پىدائىيلار مەكتىنىڭ يەكەن دەرياسى بويىغا يېقىن بىر خالىي كەنتتە بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن يەنە قوزغىلىپ «باغجىگدە» دەپ ئاتىلىدىغان مەركىزىي لەڭگەرگە قاراپ ماڭدى. بۇ يەردىن يەكەن ئارقىلىق يېڭىسار تاغلىرىغا ئۆتۈپ كەتكىلى بولاتتى. لېكىن بۇ يوللارنى ئاق ئورۇس قىسىملىرى كونترول قىلىپ بولغانىدى، قوچقار پالۋان ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي، تەۋەككۇل قىلىپ بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىشنى تەكلىپ قىلدى. ئەمما مۇشاۋىر باشقىچە پىكىرنى تەكىتلەپ:

— بىراق، غەيرىي كۈچلەر ئارىلىشىۋېلىپ، پېشانىمىز شورلاشتى. ئۇلارنىڭ يارىغى خىل، بىز بىھۇدە قۇربان بەرمىسەك، ئەمدى بولدى قىلساق. پىدائىيلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇۋېتىپ، ئۆزىمىز ئۇششاقباش ئارقىلىق لاداخقا ئۆتۈپ كەتسەك، بىز ھېلىمۇ كېچىكمەيمىز...— دېدى.

— ياق، بولمايدۇ،— دېدى ئابدۇنىياز كامال قەتئىيلىك بىلەن،— مەن بۇ ئەزىز تۇپراقتىن ھېچ يەرگە كەتمەيمەن.

قوچقار پالۋان بىلەن مۇشاۋىر ئابدۇقادىرھاجى پىدائىي يىگىتلەر يېنىدىن خالىيراق بىر چوڭ سۆگەتنىڭ ئاستىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئەڭ ئاخىرقى سۆھبەتنى باشلىغانىدى.

ئابدۇنىياز كامال سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى:

— قەدىرلىك سەپداش، «ئات يولدا سىنىلار، ئادەم سەپەردە» دەيدىغان ماقالىمىز بار. بىز باسقان سىناق سەپەرلەردە نۇرغۇن ئالا كۆڭۈل ۋە نامەرد ئادەملەر ئۆزىنى ئاشكارىلىدى، سىناقتىن ئۆتەلمىدى. ئىككىمىزنىڭ ۋىجدانى دوستلۇقىمىزنى قوغداپ قالالىدى، ئادالەت ئۈچۈن جاسارەت كۆرسىتىشتە ئىككىمىزنىڭ يۈرەك ناخشىسى بىر يەردىن چىقتى، ئۇ بولسا:

باردى دەيدۇ، ياندى دەيدۇ، مەيلىم ئۆزۈمنىڭ،

سەكسەن قامچا ئۇرغان بىلەن يارىم ئۆزۈمنىڭ.

ھەققانىيەت ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىشتە ئىككىمىزنىڭ قەلب ناخشىمىز تېخىمۇ بىر يەردىن چىقتى، ئۇ بولسا:

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ، قارا مەندە يوق،

قارامۇقنىڭ قاسىرىقىدەك گۇناھ مەندە يوق.

ئاشۇ سەۋەبتىن مەندە قىلچە پۇشايمان ۋە ئارمان يوق. دۇرۇس، بىزگە ئاخىرقى ھېسابتا نادانلىق بالاسى بىلەن غەيرىي قوللار مۇپتىلاسى قانلىق قىسمەت يەتكۈزدى. «بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا» زەخمەت ئەكەلدى. تەكلىماكان ئەتراپى قىپقىزىل قان بىلەن بويالدى. مانا بۇ ـــ سەرگۈزەشتىلىرىمىزنىڭ قىسقا ئەسلىمىسى.

ئابدۇنىياز كامال بىرمەھەل سۈكۈنات ئىچىدە قانداقتۇر يېگى بىر خىيالنى ئويلىغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇردى:

ـــ بىزگە يۇرت خەلقى ھەدىيە قىلغان خېلى كۆپ ساپ ئالتۇن-تىللا بار. بۇ خەزىنىلەرنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى سىلىگە تۇتقۇزغانمەن. مال-دۇنيا تۇغۇلغان چاغدا بىز بىلەن بىللە كەلمەيدۇ. ئۆلگەندە بىز بىلەن بىللە كەتمەيدۇ. ھايات چېغىمىزدىلا خاسىيەتلىك ئىشلارغا تەسەررۇپ قىلىشقا يارايدۇ. سىلى خالىغان دوست-بۇرادەرلىرىنى ھەمراھ قىلىپ، خالىغان يۇرتلارغا مېڭىۋەرسىلە. بىز ئەمدى قايتا دىدار كۆرۈشەلمەسلىكىمىز ئېھتىمال. سىلىدىن بىرلا ئۆمىدىم: بىزنىڭ ئىش ئىزلىرىمىزنى كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەينەن بىلىۋېلىشى ئۈچۈن بىر تەپسىلىي تەزكىرە پۈتۈپ قويۇشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ـــ ھەشقاللا، رەھمەت،- دېدى مۇشاۋىر ئابدۇقادىر ھاجى كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ياش سەركەردىسىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ،- يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان خۇلاسە بايانلىرىغا تولۇق قوشۇلىمەن ھەمدە يۇرت خەلقى ئىئانە قىلغان بارلىق ئالتۇن-تىللالارنى مېنىڭ سەپىرىمگە مەردلىك بىلەن ھەدىيە قىلغان ئالىيجاناب پەزىلەتلىرىگە يۈزمىڭ قېتىم مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

ئاخىرىدا ئۇلار قۇچاقلىشىپ ۋە قول سىقىشىپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

2

1937-يىل سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى. كۈز مەۋسۇمىدىكى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرىدا «باغجىگدە» يېزىسىنىڭ باغۇ بوستانلىرى ئاجايىپ گۈزەللىككە پۈركىنىپ، مەي بولۇپ پىشقان ھەرخىل مېۋە-چېۋىلەر ھەر تەرەپكە خۇش پۇراق چېچىپ كۆڭۈللەرنى مەست قىلاتتى.

ئابدۇنىياز كامال ئون نەچچە سەرخىل ۋە ئىشەنچلىك يىگىتلەرنى تاللاپ يۈرۈش قىلىپ باغجىگدە يېزىسىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتىن ھەزەر ئەيلەپ تولىراق كېچىسى يۈرۈش قىلاتتى. بۇرۇن قوچقار پالۋان تەخەللۇسى بىلەن ئابدۇنىياز كامالنىڭ نام-شۆھرىتى مەكىت يۇرتىدىمۇ پۇر كەتكەنىدى. ئەمدى بولسا بۇ يەردىكى كىشىلەر ئارىسىدا ئابدۇنىياز كامال ئاۋات غورۇچۆلدىكى سوقۇشتا ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. بۇنداق گەپ-سۆزلەرنىڭ تارقىلىشى ئابدۇنىياز كامالنىڭ بىخەتەرلىكىگە پايدىلىق بولۇپ، ئايغاقچىلارنىڭ ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈۋېلىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئۆزىگە ئىنتايىن ھوشيار بولاتتى. بوينىغا ئېسىۋالغان تاش تۇمارنى كىشىلەرنىڭ كۆرۈۋېلىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى. ئېگەرلىك ئاق بوز ئېتىنى ئادەم توپلاشقان جايدىن قاچۇراتتى. ئۇ ساقال-بۇرۇتلىرىنى قويۇۋېتىپ يەرلىك دېھقانلار سىياقىغا كىرىۋالغانىدى.

باغجىگدە يېزىسىدىن ئابدۇنىياز كامالنىڭ قوشۇنىغا قاتناشقان ھەسەن قاتارلىق يىگىتلەر مارالبېشى تۇمشۇق سوقۇشىدا يارىدارلىنىپ سەپتىن قايتۇرۇلغانىدى. ئابدۇنىياز كامال سۈرۈشتۈرۈپ بۇ يەردىن ھەسەننى تاپتى. ھەسەن ئەل ئايىغى بېسىققان مەھەلدە چەۋەندازلارنى مۇناسىپ ئورۇنلارغا جايلاشتۇردى. «تاش تۇمار»

ئۆلارنىڭ ئالاقە پارولى بولۇپ بېكىتىلدى. ئابدۇنىياز كامال ئۆزى يالغۇز بىر يەر ئاستى گەمە ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

ئابدۇنىياز كامالنىڭ كۆزىگە زىنھار ئۇيقۇ كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئوي-پىكرىنى ئايغى چىقمايدىغان خىياللار چىرمىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ھايات مۇساپىسى خۇددى چاقماقتەك تېز يېنىپ، يەنە چاقماقتەك تېز ئۆچۈش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ، قېيناتىسى ۋە خوتۇنىنىڭ توقسۇندىكى چاغدا «ئەقىل مەرگىنى ئوۋ مەرگىنىنى يېڭىۋالىدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى خىيال ئەينىكىدىن ئۆتكۈزدى. بۈگۈن كېچىنى تاڭ ئاتقۇزۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن تولىمۇ مۈشكۈل بولدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە تىنىم تاپماي جاپالىق يۈرۈش قىلىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭغا خېلىلا ھارغىنلىق يەتكەنىدى. ئاخشامدىن بۇيان زۇكام تېگىپ، گاھ قىزىپ، گاھ تەرلەپ پۈتۈن بىر كېچە كىرپىك قاقماي چىقتى.

ساھىبخانا ھەسەن ئەتىسى چاشگاھ مەھەلدە گەمە ئىچىگە شاپائەتخان ئەلى ئاتلىق بىر مويسىپىت تېۋىپنى باشلاپ كىردى. تېۋىپ يۇرتمۇيۇرت يۈرۈپ جاھانكەزدىلىك بىلەن دورىگەرلىك ۋە تېبابەتچىلىك قىلىدىغان ۋە «ئەل شىپا» تەخەللۇسى بىلەن داڭقى چىققان مەشھۇر كىشى ئىدى.

تېۋىپ ئابدۇنىياز كامالنىڭ سول بىلىكىنىڭ تومۇرىنى بىر مىنۇتچە تۇتۇپلا قويۇۋېتىپ دورا خالتىسىنى ئاچتى-دە، بىر كىچىك كۈمىلاچ دورىنى قايناقسۇ بىلەن ئىلەشتۇرۇپ ئىچۈردى. ھايال ئۆتمەي، پېشانىسىدە تەر مونچاقلار پەيدا بولغان بىمار تېۋىپقا كۈلۈمسىرەپ قارىدى، بۇ شىپا تاپقانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ پىنھان-خالىي ماكان «ئەل شىپا» بىلەن قوچقار پالۋان ئوتتۇرىسىدىكى سىردىشىش سورۇنىغا ئايلاندى. «ئەل شىپا» ئاۋۋال سۆز قىلىپ دېدى:

— بىزدە «گۇمان بار يەردە ئىمان يوق»، «قورققان يەردە جىن بار» دەيدىغان تەمسىل بار. پەمىمچە ھەر ئىككىمىز ئاشۇ تەمسىلدىكى بېشارەتتىن مۇستەسنا. بەلكى ھەر ئىككىمىز ئاشۇ خىلدىكى ئىللەتنى داۋالىغۇچى ھېكىم. ئەمما چەنتۇلار نادانلىق كېسىلىگە مۇپتىلا بولغاچقا، ئۇنى داۋالاش ھەرقانداق مۇنەججىم ئۈچۈن مۈشكۈل.

ساقايماس كېسەلگە چەنتۇ مۇپتىلا،

يوق ھېكىم شىپاسى، دېدى بوپتۇلا.

زۇكام ئاغرىقىدىن بىردەمدىلا خارىج بولغان قوچقار پالۋان بۈگۈن بىر دانا ئەۋلىيا يولۇققاندەك ئىچ-ئىچىدىن سۆيۈنۈپ «ئەل شىپا»نىڭ سۆزىگە تەلمۈرەتتى.

شاپائەتخان «ئەل شىپا» سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدى:

— ئاغرىق ئىككى خىل بولىدۇ، ئۇنىڭ بىرى، بىمارۇ جىسىم؛ يەنە بىرى، بىمارۇ روھ. داۋالاشمۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، شىپائى جىسىم؛ يەنە بىرى، شىپائى روھ. جىسمانىي ئاغرىقتىن روھ ئاغرىقى ئېغىر ۋە قاباھەتلىكتۇر.

جىسمانىي ئاغرىقتىن قايغۇرما ئۇنچە،

كېسەل روھ سوزۇلار تاكى ئۆلگۈچە.

— «ئىلمىي روھ» بايانلىرى،- دېدى «ئەل شىپا» سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،- نەچچە كېچە-كۈندۈز سۆزلىسەكمۇ تۈگىمەيدۇ. بىز بۇ يەردە گېپىمىزنى ئەگىتمەي بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتلىك ساۋاق ۋە ئەمەلىيەتلىرىدىن يېقىندىلا زاھىر بولغان پاكىتلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك كۇپايە. نېمىشقا لۇكچۇندە مەخسۇس مۇھىتىنىڭ، قەشقەردە تۆمۈر ئېلىنىڭ كاللىسى كېسىلىپ كوچىمۇ كوچا سازايى قىلىندى؟ نېمىشقا تۇرپاندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ، قەشقەردە مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىقلارنىڭ كاللىسى كېسىلدى؟ نېمىشقا ئىسيان كۆتۈرگەن دېھقانلار — ئۇيغۇرلار بىلەن خوتۇنلار، كۇچالىقلار بىلەن خوتەنلىكلەر ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىدۇ؟ ئەمدى بولسا يۇرت مۆتىۋەرلىرىدىن تۇمەنلەپ قولغا ئېلىنىۋاتىدۇ... بۇ قاباھەتلىك پاجىئە «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش» قاپقىنىغا دەسسىتىش ھىيلىسى ئارقىلىق يۈز بېرىۋاتىدۇ. نادانلىق، گالۋاڭلىق ۋە مەرىپەتسىزلىك ئىللەتلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ روھىي كېسەللىككە نېمە دېگۈلۈك؟

بۇ بىر قاباھەتلىك چۈش. ئۇنىڭ يىلتىزى دەل 1933- يىلىنىڭ بېشىدا بېكىتىلگەن «جىمسار مەخپىي سۆلھىسى» بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى.

باش بۇزۇلسا يۇرتتا بولغاي، ئەلگە كەلگەي كەلگۈلۈك،

ياش ئاقار، قانلار ئاقار شۇ سولپىدىن ھەم مەڭگۈلۈك.

ياش قۇرامى ئاتمىشلار قارىسىنى ئالغان، ئاق سېرىق چىراي، چېقىر كۆز، سوقىچاق يۈز، ئۇچىسىغا ئەستەرسىز كۆك يەكتەك چاپان، بېشىغا نېپىز سەرپۇش تۇماق كىيىۋالغان بۇ تېۋىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئورنىدا ئارىلاپ-ئارىلاپ ئوڭ قول بارمىقى بىلەن چارلاشقان ساقىلىنى تاراپ قويااتتى. ئۇ، قوچقار پالۋان بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ قالغان بۈگۈنكى پۇرسەتنى ئىچ-قارنىنى بوشىتىۋېلىشنىڭ ئەڭ خاسىيەتلىك پەيتى دەپ بىلدى-دە، سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— ئاشۇ جىمساردىكى يوشۇرۇن سودىدىن كېيىن دەسلەپتىكى سۇزۇك سۇ لېيىشقا باشلىدى. مانا ئەمدى ئېرىق-ئۆستەڭلەردىكى قان-ياشلار ئاقماقتا. پېقىر جاھانكەزدى «ئەل شىپا» يېقىندا نۇرغۇن كۆڭۈلسىز خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ ئىچىم قان-يىرىڭغا تولدى. يېقىندىن بۇيان شېڭ جەمەتى يالللىۋالغان ئاق ئورۇسلارنىڭ «تۆتىنچى» ناملىق جازا قىسىملىرى ئۇچتۇرپان، ئاۋات ۋە تاغبۇلاق يۇرتلىرىغا بېسىپ كىرىپ مىڭلىغان مەرىپەت ئىگىلىرىنى مەخپىي تۇتۇپ كەتكەن. مۇھەممەد ھاجى غا ئوخشاش نوپۇز ئىگىلىرىنى تۇتۇپ ئەكېتىپ خۇددى مالنى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاپ تاشلىغان.

ئابدۇنىياز كامال بۇ پاجىئەلىك شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى-دە، ئىككى مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ گەمە ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ئايلىنىپ غەزەپلىك خىياللار دېڭىزىغا چۆكۈشكە باشلىدى. ئۇ تېخى ئىككى-ئۈچ ئاي بۇرۇنلا نۇرھاجىدىن نۇرغۇن قىسسىلەرنى ئاڭلىغان، تاغبۇلاقتا بولسا مۇھەممەد ھاجىنىڭ دوستلۇق ياردىمىگە ئېرىشكەنىدى. مانا ئەمدى ۋاپاسىز پەلەكنىڭ ياخشىلارغا كۆرسەتكەن ناھەق جازاسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ قەلبى بىردىنلا غەزەپ ئوتىدا ئۆرتىنەتتى. بىر مەھەلدىن كېيىن ئۇ يەنە ئۆزىنى بېسىۋېلىپ

ئۆز ئورنىغا قايتىپ كەلدى-دە، تەقەززالىقتا تېۋىپ پېشىۋانىڭ كۆزىگە ئىنتىزارلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرۇپ دېدى:

— قېنى تەقسىر، تارىخ دەرسىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزارمەن.

تېۋىپ «ئەل شىپا» بۇ تەكلىپنى مەمنۇنىيەتلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھاياتنىڭ سىرىنى، تارىخنىڭ يىلتىزىنى، دەۋرنىڭ ھىيلىسىنى بىلمىگەن مىللەت ئاخىر نېمە بولۇپ كېتەر!؟

پەلەكتۇر ھىيلىگەر، ئالدىنار نادان،

كەلمەيدۇ ئىزىغا، يېسە پۇشايمان.

زامانىنىڭ يۈزسىزلىكىنى قارىمامدىغان. ئۈرۈمچىدىن كەلگەن يېڭى خەۋەردە ئىسھاق غوجا، ئىنىسى باقىنىياز ھاجىم، قېيناتىسى سادىق ھاجى قاتارلىق سەككىز يۈزدىن ئارتۇق مۆتىۋەرلەرنى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا يىغىشتۇرۇپ زىندانغا تاشلاپتۇ. ئىسھاق غوجا بېقىۋالغان ئوغلى زىياۋىدۇننى «بۇ نېمە ئۈچۈن، بىلىپ كەلگىن» دەپ ئاق ئورۇس گېنېرالىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتىپتۇ. گېنېرال بولسا دولىسىنى چىقىرىپ: «مەن بىلمەيدۇ» دەپ ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ. دېمەك، مۇنەججىملەرنىڭ ھايات ھەققىدىكى «ئىنسانىنىڭ توققۇزى تەل بولالمايدۇ»، ئۇنىڭ كۆرىدىغىنى «بىر ئۈلۈش كۈلكە-ھالاۋەت، توققۇز ئۈلۈش يىغا-نادامەت» دېگەن دانا تەبىرلىرى ئەمەلىيەت بولۇپ چىقىپتۇ...

پەلەك پەيمانلىرىنىڭ بۇ ئويۇنلىرى ئابدۇنىياز كامالنىڭ قەلبىنى تېخىمۇ ھەيرانۇھەسلىككە سېلىۋەتتى. گەمە ئىچىنى بىردىنلا جىمجىتلىق قاپلىۋالدى. بىرمەھەلدىن كېيىن ئابدۇنىياز كامال ھېسسىياتىنى بېسىۋېلىپ سۆز باشلىدى.

— ئىسھاق تاغام تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئاق كۆڭۈل كىشى، دۇرۇس تەبىئەتلىك بىر زات ئىدى. بىراق، رەقىبلەر بۇ زاتنىڭ چالا ساۋاتلىقى ۋە گول-نادانلىقىدىن پايدىلاندى-دە، ئۇنى قاپاققا سېلىپ كولدۇرلىتىپ ئويناپ، بىر چالمىدا ئۈچ پاختەكنى سوقۇش ھىيلە-نەيرەڭلىرىنى ئىشقا ئاشۇردى.

مەن قۇشۇمنى غازغا سالسام، كىم سېلىپتۇ قاغىغا،

ئالتە قارغا بىر بولۇپ، ئالدى قۇشۇمنى ئارىغا.

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بىز ئۇچرىغان سەرگۈزەشتىلەرنىڭ خاتىمىسى ئاشۇ ناخشىغا ئوخشايدۇ. ئۆزۈمنىڭ تەقدىرىگە كەلسەم، مەيلى ئالدىمدىكى ئاق سار، قارا سار قانچە بولۇشىدىن قەتئىي پەرۋايىم يوق. يەنىلا ئاۋۋالقى «ئۆلسەم شېھىت، قالسام غازى» قەسىمىمگە ساداقەتلىك كۆرسىتىمەن.

سۆھبەت ئۈستىگە ساھىبخانا ھەسەن غازى داستىخان بىلەن يوغان چەينەكتە سۈتلۈك چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى-دە، تەكلىپ تەلەپپۇزىدا دېدى:

— قېنى مەرھەمەت، بۈگۈن ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىۋېتەيلى دېگەن نىيەتتە زىغىر يېغىدا قۇيماق-پوشكال سالدۇرۇپ ئەكەلدىم. قورساقلارمۇ ئاچاي دەپ قالدى. قېنى ئېلىشسىلا...

ھەسەن غازى بىر ياقتىن ھېجىرلارغا سۈتلۈك چاينى تولدۇرۇپ قويۇپ، يەنە بىر ياقتىن مېھمانلىرىنى پوشكالغا تەكلىپ قىلاتتى.

## 3

ئابدۇنىياز كامال جاھانكەزدى تېۋىپ شاپائەتخان «ئەل شىپا» بىلەن خاسىيەتلىك ئۇچرىشىشنى تۈگىتىپ خوشلاشقان مەزگىل — 1937- يىل ئۆكتەبىرىنىڭ باشلىرى ئىدى.

كۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى باغۋارانلاردىكى مېۋىلىك دەرەخ ۋە ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىدىكى تال-تېرەكلەرنىڭ سارغىيىشقا باشلىغان يوپۇرماقلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇراتتى. تۈن-كېچىدە بۇلۇتسىز كۆك ئاسماندىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرى يەر-زېمىن ھۆسنىگە قاراپ جىلۋە قىلاتتى.

مانا ئەمدى قوچقار پالۋاننى ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق «يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» سەپىرى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ توققۇز نەپەر ئەڭ سادىق ۋە يارامىلىق چەۋەندازنى تاللىۋالدى. ئۇلار يېرىم كېچىدە تۈيدۇرماق «باغجىگدە» يېزىسىدىن ئاتلىق يۇرۇپ كەتتى. قوچقار پالۋاننىڭ كۆزلىگەن نىشانى ھاراب ئارقىلىق يېڭىسار تاغلىرىغا ئۆتۈپ كېتىش ئىدى. ئۇ، بۇ ئەتراپتىكى يوللارنى بەش قولدەك پىششىق بىلەتتى. بۇ مەزگىللەردە شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭغا يالالنغان ئاق ئورۇس قىسىملىرى خوتەندىكى ما جەمەتىنىڭ قوشۇنلىرىغا قارشى جازا يۈرۈشى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىشكەندى. يوللارغا قويۇلغان مۇھاپىزەت قاراۋۇللىرىمۇ شالاڭ ئىدى، ئۆتكەللەردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىش ئۇچقاندەك راۋان ئىلگىرىلەپ تاڭلا كۈنى ئاخشىمى قىزىل دېگەن بىرنەچچە سائەتكىچە تۇرۇپ ھاردۇقنى چىقاردى.

— تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن،- دېدى قوچقار پالۋان سەپداشلىرىغا،- ھاراب گازارمىسىغا بېرىۋېلىشىمىز لازىم. كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىشنى شۇ يەردە سۆزلىشىمىز.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەنە ھارابقا قاراپ ئاتلاندى. شەرقتە ئۇپۇق قىزىرىشقا باشلىغان چاغدا چەۋەندازلار بۇ قەدىمي بارگاھقا يېتىپ كېلىشتى. ئابدۇنىياز كامال بۇ يەردىن كاچۇڭ تەرەپكە كېتىپ قالغاندىن كېيىن ھاراب گازارمىسىغا مەنسۇپ ئۆيلەر بىكار تاشلىنىپ قالغانىدى. ھەممىلا ئۆيدە دېگۈدەك كونىراپ كەتكەن سامان، پاخاللار يېيىقلىق تۇراتتى. ئۇيقۇسىراپ كەتكەن چەۋەندازلار ئاتلىرىنى دەرەخ شاخلىرىغا باغلاپ قاڭتىرىپ قويۇپ، گازارما ئۆيلىرىدىكى قېلىن سامانىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كېتىشتى.

بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي، خەلق ماقالىسىدىكى «ئوتنى سەل چاغلىما كۆيدۈرىدۇ؛ دۈشمەننى سەل چاغلىما ئۆلتۈرىدۇ» دېگەن پاجىئە بۇ يەردە يۈز بەردى.

دۈشمەن تەرەپ بۇ يەرگە ئاللىبۇرۇن پايلاقچى بېكىتىپ قويغانىدى. بۇ پايلاقچى ھارابلىق بولۇپ، ئابدۇنىياز كامالنىڭ ئاق بوز ئېتىنى بۇرۇنلا تونۇيتتى. بۈگۈن ئۇ، سەھەردىلا بۇ يەردە تاسادىپىي پەيدا بولدى-دە. دەرەخ شېخىغا باغلاپ قويۇلغان ئاتلار ئىچىدىن ئاق تۇياقلىق تورغۇت دۇلدۇلنى دەرھال تونۇۋالدى. ئارقىدىن ئۇ، شەپە چىقارماي ئاستا بېرىپ گازارما ئىچىدە شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن ئابدۇنىياز كامالنى كۆرۈپ بولۇپ يېنىك قەدەم

ئېلىپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، باش ساقچى شتابىغا ئاخبارات يەتكۈزۈپ، مۇكاپاتقا ئېرىشىش كويىدا تېزدىن يۈرۈپ كەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، خوتەنگە كېتىۋاتقان بىر بومباردىمانچى ئايروپىلان ھاراب گازارمىسى ئۈستىگە بۇرۇلۇپ كېلىپ، بومبا تاشلاپ گازارما ئۆيلىرىنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى. ئۇيقۇلۇق ياتقان چەۋەندازلارنىڭ بىرىمۇ قۇتۇلالماي قۇربان بولغانىدى. بومباردىمانچى ئايروپىلان قاتىللىق بۇرچىنى تۈگەتكەندىن كېيىن خارابە ئەتراپىغا نۇرغۇن ياش دېھقان باللىرى ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دېھقانلار بىردىن-ئىككىدىن كېلىشكە باشلىدى. ۋاپادار ئېگەرلىك ئات باغلاپ قويۇلغان دەرەخ شېخىدىن چۇلۋۇرىنى ئۈزۈپ چىقىپ ئادەم توپى ئارىسىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى ۋاپادار خوجايىنىنىڭ ياتقان ئورنىنى پۇراپ تېپىپ، بۇرۇن ۋە پۇتى بىلەن چالما-كېسەكلەرنى ئىتتىرىشكە كىرىشتى. بۇ ھالەتتىن تەسىرلەنگەن ياش دېھقانلار كەتمەن-گۈرجەكلىرىنى ئىشقا سېلىپ، قېلىن توپا ئاستىدىن قوچقار پالۋاننىڭ جەسىتىنى ئوچۇقچىلىققا ئاچىقتى ۋە بۇ يەرگە يېقىنلا يەردىكى قىلىچ بۇغراخان قەبرىستانلىقىغا ياندىشىپ تۇرىدىغان قۇملۇققا ئېلىپ بېرىپ دەپنە قىلدى.

ئۇ، شۇ چاغدىلا ئەمدىلا يىگىرمە يەتتە ياشتا ئىدى.

قەيسەر جەڭچى ئابدۇنىياز كامالنىڭ ۋاپادار دۇلدۇلى ئۆزىنىڭ بۇ سادىق ھەمراھىدىن ئايرىلىشقا چىدىماي كىشنەپ ھەر تەرەپكە چاپاتتى، يەرنى تېپىپ چاپچىپ توپا توزۇتاتتى...

خاتىمە

بۇ تارىخي پوۋېستتا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر؛ زامان، ماكان ۋە شەخسلەر ھەققىدىكى بايانلارنىڭ ھەممىسى رېئال تارىخنىڭ ئەينەن ۋە ھەقىقىي خاتىرىسى.

پوۋېستنىڭ باش قەھرىمانى قوچقار پالۋان (1910 — 1937) ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30- يىللىرى تەڭرىتاغنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدا پارتلىغان فېئودالىزم ۋە مىلىتارىزمغا قارشى قوزغىلاڭنىڭ باتۇر جەڭچىسى سۈپىتىدە تەكلىماكان ئەتراپىدىكى بارلىق شەھەر-يېزىلارغىچە تونۇلۇپ كەتكەن قەھرىمان رېئال شەخس.

ئۇ كىچىككىدىنلا ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم ۋە سەرگەردان تۇرمۇش كەچۈرگەن، كىشىلەرگە يالىنىپ ئىشلىگەن، ئادالەتنى ياقلاش جاسارىتى تۈپەيلى قارىلىنىپ تۈرمىدە ياتقان، ھەر خىل مۇشكۈلاتلارنى يېڭىپ مەدرىسىگە كىرىپ ئوقۇپ، مەرىپەتلىك بولۇپ يېتىلگەن.

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا پاك روھ ۋە ساغلام بەدەن، جۇملىدىن پەزىلەت، مەرىپەت ۋە ھەققانىيەت ئامىللىرى بىرلەشكىنى ئۈچۈن، خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىشتا ئۇنىڭ قەيسەرلىك ۋە چىداملىق خاراكتېرى، مەنسەپكە ۋە مال-دۇنياغا قىزىقماسلىق روھى، يامانغا خۇشامەت قىلمايدىغان، ئاجىزغا ھېسداشلىق قىلىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتى بارلىق پىدائىي يىگىتلەر ئىچىدە ئەخلاق مىزانى بولۇپ قالغانىدى. ئەمدىلا يىگىرمە ئالتە ياشقا كىرگەن قوچقار پالۋان (ئابدۇنىياز كامال) نىڭ دېۋىزىيە كوماندىرى بولۇپ قېلىشى يۇقىرىدىن بېرىلگەن مەنسەپ بولماستىن، ئەكسىچە پۈتۈن پىدائىي يىگىتلەر ئاممىسى سايلىمىنىڭ مەھسۇلاتى ئىدى.

ئۇنىڭ زوراۋان كۈچلەرگە تەن بەرمەس روھى ھەتتا شىڭ شىسەي دەك چەت ئەلدىكى ھەربىي ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەن ھاجى تەرىپىدىن شىڭ دۇبەنگە ئەل بولۇش توغرىسىدا يېزىلغان خەتلەرگە ھەرگىز مۇرەسسە

قىلمىغانىدى. بۇنىڭ سىرتىدا، ئۇ ئەجنەبىيلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا ئىزچىل قارشى كۈرەش قىلغان ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى ئىدى.

ئابدۇنىياز كامال ئىلىم-مەرىپەتنى، ئالىم-ئۆلىمالارنى ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارغا ئازار يەتكۈزگۈچىلەردىن قاتتىق نەپرەتلىنەتتى. يۇرتىمىزنىڭ تارىخى-تەزكىرىلىرىدە ئۇنىڭدەك قەيسەر شەخس كەم ئۇچرايدۇ ۋە شۇ كەبى ئەجدادلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئوقۇمۇشلۇق ئەۋلادلارمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. بۇ ھال نادانلىقتىن كېلىۋاتقان شورلۇق.

نېگىر يازغۇچىسى ئالېكس ھارى ئۆزىنىڭ «يىلتىز» ناملىق مەشھۇر رومانىدا «ئادەم بولساڭ ئەجدادىڭنى ئىزدە» دېگەنىدى. «ئېگەرلىك ئات» پوۋېستىنىڭمۇ ئاشۇ روھىنىڭ بىر نامايەندىسى بولۇپ قېلىشىغا ئىشىنىمەن.